# بۇلاق

2

1997

BULAK





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

18 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 59 - سان

1997

باش مۇھەررىر : **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : **مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **پەرىدە ئىمىن ، ھاجى قۇتلۇق قادىرى**




1997 - يىل 2 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركىي» دىن ............مۇھەممەتئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

گۈل ۋە بۇلبۇل ....................مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى ( 67 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

شېئىرلار ........................................يەتمى ( 90 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەمەت قادىر

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار ..............................بەدرىددىن ھىلالى ( 95 )
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : روزىمۇھەممەت جۇمە

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

سەنئەر سىلسىلىسىدىكى سېھىر ............نۇسرەتۇللا جۇمەيىۋ ( 97 )
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : جاببار ئەمەت

ناقس شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى ..........
..........پەخرىدىن ئىمىن ( 116 )

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن

مەتەك پالۋان (داستان ) .......... ( 130 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : مۆيىدىن سايىت
بەختى پالۋان (چۆچەك ) .......... ( 141 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : مەتنۇرى توختى
ئەپسانىلەر .......... ( 162 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
لەتىپىلەر .......... ( 166 )
ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى : مىرقەدەم مۇھەممەتياروف
قوشاقلار .......... ( 172 )
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : چىنارخان ئۆمەر

* *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
نەققاش : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۈڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە : «يار ئىزدەپ » (1981 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «بىلال نازىم شېئىرىيىتىدىن » ناملىق كىتابچىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم ) رەسسام : تۇمۇر سەدۇللايېۋ ..
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بەتلىرىدە : «بابىرنامە » گە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت . 1959 - يىلى مۇسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە : «بۇغدا كۆلى » ، رەسسام : مۇھەممەتنۇرى توختى .

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن *

## مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### يىگىرمە توققۇزىنچى داستان

**كەيخۇسرەۋنىڭ يەنە تۇسقا قوشبېگىلىك مەنسىپىنى بەرگەنلىكى ، تۇسنىڭ بېرىپ پالۋان ئەرجەك بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ، يەنە تۇسنىڭ ھۇمان ۋىسە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ، تۇرانلىقلارنىڭ ئىرانلىقلارغا جادۇ قىلغانلىقى ، ئىرانلىقلارنىڭ قېچىپ ھەماۋەند تېغىغا بارغانلىقى ، پىران ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ، تۇس بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ، تۇسنىڭ تۇرانغا شەبىخۇن ئۇرغانلىقى**

مەۋلانا موللا فىردەۋسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ :

ئىران لەشكەرلىرى چەرم يولى بىلەن كەلدى . فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇش بىلەن جەڭ قىلدى . ئۇلار بۇ جەڭنى قىلغانلىقىدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلدى . كەيخۇسرەۋ پادىشاھتىن قورقۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قان ـ ياش ئاقاتتى . ھەممىسى شەرمەندە بولۇپ ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، تەخت ۋە تاجىنى دۈشمەنلەرگە بېرىپ قويۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، ناھايىتى ئۇيياتماقتا ئىدى . ھەممىسى قوللىرىنى قۇۋۇشتۇرۇپ ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يەر سۆيدى . كەيخۇسرەۋ ئۇلارغا ئاچچىق بىلەن قارىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى دەردلىك بولۇپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئاقماقتا ئىدى . كەيخۇسرەۋ خۇدايىتائالاغا نالە قىلىپ مۇنداق دېدى :

ـــ خۇدايا ، خۇداۋەندا ، بۇ ھەممە تاجۇتەختنى ۋە دانىشمەنلىكنى ماڭا بەردىڭ . مەن مۇشۇ تاپتا سەندىن ئۇيياتماقتىمەن ، چۈنكى سەن بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىسەن . ئەگەر مەن سەندىن قورقمىغان ۋە ئۇيياتمىغان بولسام ئىدى ، بۇ باياۋاندا مىڭ ـ مىڭلىغان دارلارنى ياساتقان بولاتتىم ، تۇس بىلەن بېرىپ ، ئاكام

---

* بېشى ئۆتكەنساندا .

فۇرۇدنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسنى دارغا ئاسقان بولاتتىم . ئاتامنىڭ ئۆچىنى ئالالماي
كۆڭلۇم دەردكە تولۇپ تۇرغاندا ، ئەمدى فۇرۇدنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۆچۈن تۇسنىڭ بېشىنى
كېسىشكە توغرا كەلدى . مەن ئۇنىڭغا : « كەلاتى چەرىمنىڭ يولى بىلەن ماڭمىغىن ، ئۇ يولنى
فۇرۇد ئانىسى بىلەن بىللە ساقلاۋاتىدۇ . ئۇ ئىنتايىن جەسۇر پالۋاندۇر . ئۇ ئۆز تەۋەلىكىگە
باستۇرۇپ بارغان بۇ ئەقىلسىز تۇسنى تونۇمايدۇ . تۇسنىڭ قوشۇنىنى نېمە لەشكەر ئىكىن دەپ
قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ئۇ تاغدىن جەڭ قىلغىلى چوقۇم كېلىدۇ . تولا سەردارلارنى ئۆلتۈ-
رىدۇ » دەپ قايتا - قايتا ئېيتىمىدىممۇ ؟ بۇ ئەقلى - ھوشى يوق نامەرد تۇس نېمە ئۆچۈن
لەشكەرنى ئۇ تەرەپكە ئېلىپ باردۇ . مانا ئەمدى خۇدايىتائالانىڭ قەھر - غەزىپى تۇسقا ۋە ئۇ-
نىڭ لەشكەرلىرىگە يېغىپتۇ . تۇسنىڭ شۇملۇقىدىن گودەرزنىڭ ئوغۇللىرىغىمۇ زىيان يېتىپتۇ .
مەن تۇسقا قىممەت باھالىق لىباسلارنى بېرىپ ، تالاي نەسھەتلەرنى قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى
بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەنمىدىم ؟ ! تۇسقا لەنەت! ئۇنىڭدەك پالۋاننىڭ لەشكەر ئالدىدا بول-
مىغىنى ياخشى . ھېچ پالۋان ئۇنىڭدەك بولمايدۇ . ئىسست ، ئىسست ! ئۇ جانىجان قېرىندىشىم
فۇرۇدقا ئىسست ! شۇ قەدەر جەسۇر پالۋان ئاتامغا ئوخشاش بىگۇناھ ھالدا مېنىڭ قوش بېگىم-
نىڭ قولىدا ئۆلدى . مەن بۇ ئالەمدە تۇستەك ئەقىلسىز كىشىنى كۆرگەن ئەمەسمەن . ئۇنىڭدا
نە ئەقىل ، نە ھوش بولسۇن . تۇس مېنىڭ كۆزۈمگە خۇددى بىر ئىتتەك كۆرۈنىدىغان بول-
دى .

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ئەنە شۇنداق سۆزلىمەكتە ، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى كۆيمەكتە ، كۆز
ياشلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى . ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسنى ئالدىدىن قوغلاپ چە-
قاردى . ئۆزى قان - ياش يىغلايتتى . لەشكەرگاھقا كۆرۈنۈشمۇ بەرمىدى . ھەممە ئىران
ئۇلۇغلىرى ماتەم تۇتتى . ئاندىن جىمى پالۋانلار رۇستەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئەرز -
ئەھۋاللىرىنى ئېيتتى :

— ئەي جاھان پالۋىنى ، — دېدى ئۇلار ، — فۇرۇد ئىبنى سىياۋۇش بىلەن كىممۇ
قەستەن جەڭ قىلدى دەيسىز . ئۇ يەردە تۇسنىڭ ئوغلى زەراسپمۇ ئۆلدى . گىۋنىڭ ئوغلى
دىۋە تەڭداشسىز يىگىت ئىدى ، جاھانغا داڭلىق پالۋان ئىدى ، ئۇمۇ ئۆلدى . ئۇنىڭ فۇرۇد
ئىكەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ . بۇنىڭ ئۆچۈن پادىشاھىمىزنىڭ كۆڭلى ئاغرىمىسۇن . ئەي جاھان
پالۋان ، سىز پادىشاھتىن بىزنىڭ گۇناھىمىزنى تىلىۋېلىڭ . پادىشاھىمىز تېخى ياش يىگىتتۇر .
ئۇ لەشكەرلەردىن رازى بولسۇن . ئۇ جەڭدە كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى دىۋەمۇ
ئۆلمىدىمۇ؟! ئۇمۇ پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر تۇغقىنى ئەمەسمىدى ؟! جەڭنىڭ
يوسۇنى شۇنداقتۇر . بىرى تاج - تەخت تاپىدۇ ، يەنە بىرى تار گۆرگە تىقىلىدۇ .

شۇ كېچىسى تاڭ ئاتتى . جاھان پالۋىنى رۇستەم كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى .
ئوردا ئىشىكىدە ناغرىلار چېلىندى . رۇستەم ئېيتتىكى :

— ئەي پادىشاھ ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ، تاج - تەخت سېنىڭ بىلەن خۇشال بول-
سۇن . مەن لەشكەردىن ۋە تۇستىن كۆڭلۈڭ ئاغرىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىم . ئۇلارنىڭ ھەرقانچە
گۇناھى بولغان تەقدىردىمۇ ، گۇناھىنى كەچۈرگىن . مېنىڭ يۈز - خاتىرەمنى قىلغىن . تۇس
ئۆز پەرزەنتىنىڭ ۋە گىۋنىڭ ئوغلى دىۋەنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئەقلى - ھوشىنى

يوقاتقان ئوخشايدۇ. تۇسنىڭ مېجەزى ئىنتىك، ئەقىلسىزرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇلنىڭ دەرد - پىراقىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلىساق بولماس. تۇس ئۆز ئوغلى زەراسىبىنىڭ ۋە دىۋەنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەھرى كەلگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. سەن شۇنداق دەپ بىلگىنكى، فۇرۇدنىڭ ئەجلى كەلگەنىكەن، ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭغا كۆڭلۈڭنى مالال قىلمىغىن. چۈنكى جان بەدەندىن چىقىپ بولغاندا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— ئەي پالۋان، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — قېرىندىشىم ئۈچۈن كۆڭلۈم ناھايىتى غەمكىندۇر. گەرچە كۆڭلۈم دەردتىن يىلاندەك تولغىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، سېنىڭ نەسىھىتىڭ جېنىمغا راھەتتۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇس كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى. تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كەلدى. كەيخۇسرەۋ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

ئەتىسى رۇستەم، تۇس باشلىق ھەممە پالۋانلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەممىسى يەر ئۆپۈپ، پادىشاھقا تەھسىن، ئاپىرىنلار ئېيتىشتى.

— ئەي ئالەم پادىشاھى، — دېدى تۇس، — پۈتكۈل يەر يۈزى سېنىڭ تەختىڭ تاجىڭغا قۇل بولسۇن. پەلەك سېنىڭ تەختىڭ ئۈستىدە چۆرگىلىسۇن. مەن قىلغان ئىشىمغا كۆپ پۇشايمان قىلماقتىمەن ۋە سېنىڭ ئالدىڭدا شەرمەندىدۇرمەن. ھەممە گۇناھنى بويىنۇمغا ئالغان ھالدا ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن. دىۋەدەك ۋە شاھزادە بەھرامدەك پالۋانلارنىڭ زايە بولغانلىقىنى ئويلىسام بەكمۇ ئازابلىنىمەن. ئەگەر پادىشاھ مېنىڭ ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتسە، مەن تۇرانغا باراي. ھەممە لەشكەرلەرنىڭ رەنجۇ مۇشەققىتىنى ئۆز تېنىمگە ئارتىپ، ئەفراسىيابتىن ئۆچ ئالاي. يا جان بېرەي، ياكى جاھان ئالاي. بۇنىڭدىن كېيىن تەخت - تاجغا قارىماي. بېشىم دۇبۇلغىدىن باشقا نەرسىنى كىيمىسۇن.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ تۇسنىڭ سۆزىگە خۇشال بولۇپ، يۈزى گۈلدەك ئېچىلدى. كەيخۇسرەۋ رۇستەم ۋە باشقا پالۋانلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا توختالدىكى، كەيخۇسرەۋ يەنە تۇسقا قوشبېگىلىك مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا پىل ۋە لەشكەر بېرىدىغان بولدى. تۇس شىرى غەررانىدەك باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىپ، يوقالغان ئاتاق - ئابروينى تىكلەيدىغان بولدى؛ دۈشمەنلەرنىڭ باشلىرىنى كېسىدىغان بولدى.

ئەتىسى تۇس ئىبنى نەۋدەر ھەممە ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى:

— ئەي پالۋانلار، — دېدى تۇس ئۇلارغا، — بۇ ئاداۋەت ئىشى ھەرگىزمۇ جاھاندىن يوقالمايدۇ. سەلىم ئىبنى تۇر ئىلگىرىكى زاماندا ئىرەجنى ئۆلتۈرۈپ، ئاداۋەتنى شۇلار باشلىدى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز شۇ قەدەر خارلىقتا ئۆلدىكى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ھاۋادىكى قۇشلار ۋە دەريادىكى لەھەڭلەرمۇ يىغلىدى. شۇڭا سىلەر ئەمدى خۇشال - خۇرام ھالدا بېرىپ، تۇرانلىقلاردىن ئۆچ ئېلىڭلار!

پالۋانلار قولىلىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، جاھان پادىشاھى كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا يەر سۆيدى. گۇدەرز، تۇس، گىۋ، رۇھام، كەركىن، خەرراد، زەڭگى شاۋەران، بىجەن قاتارلىق پالۋانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا:

— ئەي پادىشاھ، بىز بەندە پەرماندۇرمىز. سەن بىزنى قانداق جەڭگە پەرمانلىساڭ، جان ۋە تېنىمىزنى ساڭا پىدا قىلىمىز. سەن بىزدەك پالۋانلىق قىلغان كىشىنى كۆرمەيسەن، — دېيىشتى.

كەيخۇسرەۋ پالۋان گىۋنى ئۆز ھۇزۇرىغا چىللىدى ۋە ئۇنى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا تولىدىن تولا ئاپىرىن ئوقۇپ، پادىشاھانە لىباسلارنى كىيدۇردى.

— ئەي پالۋان، — دېدى كەيخۇسرەۋ گىۋگە، — بۇ دۇنيادا مېنىڭ رەنجۇ مۇشەققىتىمنى ھەمىشە سەن تارتىسەن. ئەمما خەزىنە — دەپىنلىرىمدىن ھېچ نېسۋە ئالمايسەن. ئەلۋەتتە تۇس سېنىڭ مەسلىھەتىڭسىز لەشكەرنى بىر تەرەپكە تەۋرەتمىسۇن. قارىماسەن بۇ تۇسنىڭ قىلغان ئىشىنى. ئۇنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بەھرامدەك ھەيۋەتلىك پالۋانمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ لەشكەرلەرگە كۇمۇش تارقاتتى. تۇسقىمۇ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى. ياخشى سائەتتە لەشكەرلەر بىلەن پىللار كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. كەيخۇسرەۋ كاۋە تۇغىنى تۇسقا بەردى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ئالقىشلار ئېيتتى. ناغرا — كانايلار چېلىندى. لەشكەرنىڭ تولىلىقىدىن ئالەمنىڭ يۈزى قىزاردى. ناغرا — كانايلارنىڭ ساداسى ۋە ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىدىن ئالەم شاۋقۇن سۈرەنگە تولدى. پىل ئۈستىگە پىرۇزا تەختلەر بېكىتىلدى. ئاندىن تۇرانغا قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار رۇد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. تۇرانلىقلارنىڭ بىر بېگى شامالدەك تېزلىكتە بېرىپ، پىرانغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئەي قوشبېگى، تۇس «مەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىمنى راستلاپ، رۇد شەھىرىگە كەلدىم» دەيدۇ، — دېدى.

پىران بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەمكىن بولدى. ئامالسىز ئۇمۇ لەشكەرلىرىنى ياساپ، نامدار پالۋانلىرى بىلەن بىللە شەھەردىن چىقتى. تۇراندىن كەلگەن لەشكەر ۋە پالۋانلارنىڭ ھەممىسى رۇد شەھىرىنىڭ بىر تەرىپىدە سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. رۇد شەھىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇس ئەلەملىرىنى تىكىپ، پىللىرىنى راستلاپ تۇردى. پىران بىر ياخشى، يۇمشاق سۆزلۈك كىشىنى تۇسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. پىران ئۇ كىشى ئارقىلىق تۇسقا ئېيتتىكى:

— ئەي قوشبېگى تۇس، مەن كەيخۇسرەۋگە ۋە ئۇنىڭ ئانىسى فەرەڭگىسكە نېمە ياخشىلىقلارنى قىلمىدىم. سىياۋۇش ئۈچۈن ھەمىشە يىغلايتتىم. كۆڭلۈم ئۇنىڭغا ئوتتەك كۆيەتتى. ئەمدى ئۇ تەرياك دەرىخى زەھەردىن مېۋە بېرىپتۇ. ھەمىشە ئۇنىڭدىن ماڭا دەرد كېلىدۇ. ئەي تۇس، سەنمۇ ياخشى جەڭ قىلالمىدىڭ. ئەمدى يەنە كېلىپسەن. سېنىڭ بۇ يامان نامىڭدىن ھەممە تۇغقانلىرىڭ يىغلايدىغان بولدى. سېنىڭ ھېچ پادىشاھلارغا لايىق ھۆنىرىڭ ۋە قۇۋۋىتىڭ يوق.

تۇس بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەمكىن بولۇپ، يىلاندەك تولغاندى ۋە مۇنداق

جاۋاب بەردى :

— ئەي پىران ، سېنىڭ ھەممە مېھرىبانلىقىڭنىڭ ئالامەتلىرى پېشانەڭدىن مەلۇمدۇر . سەن بۇ ئاردىن يىراق تۇرغىن . ھەممە لەشكىرىڭ بىلەن كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بارغىن . پادىشاھ ئالدىدا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنىڭ ئەجرىنى تاپىسەن . ئىران شەھرىدە ساڭا پالۋانلارنى ۋە پادىشاھلىق تاجىنىمۇ بېرىدۇ . پادىشاھ سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى يادىدا تۇتۇپ ، كۆڭلىنى ھەمىشە ساڭا يېقىن تۇتىدۇ .

گۇدەرز ، گىۋ ھەم بارلىق پالۋانلار مۇنداق دېدى :

— ئەي قوشىبېگى تۇس ، پىران تۈركى ناھايىتى مەككاردۇر . ئۇنىڭ كۆڭلى شەيتان سۈپەتتۇر . ئۇ ھازىر بىزدىن قورقۇپ ، ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ بۇنداق يۇمشاق سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا بولمايدۇ .

تۇس ئۇ ئەلچىگە :

— قويقىن ، بېرىپ بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى پىران مەككارغا ئېيتقىن ، — دېدى .

ئەلچى ياندى ، پىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تۇس ئېبنى نەۋدەر ، گۇدەرز ۋە گىۋ قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتتى .

— ھەي ، مەن كېچە - كۈندۈز پادىشاھىمنىڭ ئېيتنى ئاغزىمدىن چۇشۇرمەيمەن . مەن ئۈز شەھەر ، ئۆلكىلىرىمنى تاشلاپ ، ئىرانغا بارارمەنمۇ ؟ ئەفراسىيابنىڭ بېشىنىڭ ئامان بولغانلىقى مەن ئۇچۇن تەخت ۋە تاجدىن ئەلادۇر . تۇس ئەقىلسىزلىقىدىن بۇ سۆزنى ئېيتىپتۇ ، — دېدى پىران . ئاندىن بىر بېگىنى ئەفراسىيابنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى . ئۇ كىشى ئارقىلىق ئەفراسىيابقا : «ئىراندىن تۇس بىلەن گۇدەرز لەشكەر تارتىپ كەلدى . ئۇلارغا كۆپ ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلەتتىم . نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدىم . ئۇنىمدى . سەن يارامىلىق لەشكەر ۋە ياخشى پالۋانلىرىڭنى تاللىغىن . بىز ئىرانلىقلارنىڭ يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلايلى ، ئۆلكىلىرىنى خاراب قىلايلى . ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق سىياۋۇشنىڭ گىنە - ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن لەشكەرلەرمۇ ، سەن ۋە بىزمۇ ئارام تاپالمايمىز . » دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزدى .

ئەفراسىياب بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ، ھەممە ئۇلۇغلىرىنى يىغدى ۋە بۇ سۆزنى ئۇلۇغلارغا يەتكۈزدى . ئەفراسىياب شۇنىڭدىن كېيىن شۇ قەدەر كۆپ قوشۇن يىغدىكى ، لەشكەرنىڭ تولىلىقىدىن ئالەم يۈزى قارايدى . ئۈنىنچى كۈنى ئەفراسىياب ئەۋەتكەن لەشكەرلەر پىران بار جايغا يېتىپ كەلدى . لەشكەرلەر بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى . ئاندىن ھەممە لەشكەرلەر يىغىلىپ ، رۇد شەھرى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى . گۇدەرز تۇسقا :

— پىران ھىيلە ئىشلىتىپ ساڭا چىرايلىق گەپلەرنى قىلغانىدى . مانا قارا ، ئەمدى ئۇنىڭ تۇغى كۆرۈندى ، — دېدى .

ھەر ئىككىلا لەشكەر جەڭ مەيدانىغا كېلىپ سەپ راست بولۇپ تۇرۇشتى . تۇغ - ئەلەم ، تىغ - سۈپەر ۋە گۇرزا - شەمشەرلەرنىڭ تولىلىقىدىن ھاۋا رەڭگارەڭ تۈسكە كىردى . تۇغ ئەلەملەر بۇلۇتتەك كۆتۈرۈلۈپ ، كۆك يۈزىنى قاپلىدى . ئېغىر گۇرزىلارنىڭ ۋە پولات سۈپەرلەرنىڭ ئاۋازى پەلەككە يەتتى . نەزمە :

تاراققۇ ـ تۇرۇققۇ ئۇمۇدى گەران ،
جەھان بولدى بازارى ئاھەڭگەران .
بۇ جەڭدە ھەزارانى فۇلاد دەست ،
كەمانغە قويۇپ تىيرى دىلدوزى پەست .
ساداقىدا قالماي ئوقى ، سىندى يا ،
سۇپەر بولدى غەربال تەن گويىيا .
ئاتىشىپ ، چاپىشىپ ، سايىشىپ تەنىن ،
..............................................

ئەلقىسسە ، ئادەملەرنىڭ قانلىرىدىن ئېقىنلار ھاسىل بولدى . نەيزىلەرنىڭ تولىلىقىدىن ھاۋا يۇزى سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتتى . تولا باشلار سالمىغا باغلاندى . تولا سەردارلارنىڭ باشلىرى تۇپراقتا خار بولدى . تالاي تەنلەرنىڭ كېپەنلىرى قۇياق ، تۆشەكلىرى قارا تۇپراق بولدى . شەمشەرلەرنىڭ زەخمىدىن بەدەنلەر تىلىم ـ تىلىم بولدى .

تۇران لەشكەرلىرى ئىچىدە ئەرجەڭ ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى . ئۇ ناھايىتى مەشھۇر پالۋان ئىدى . ئۇ تۇران لەشكەرلىرى ئىچىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ ، مەيدانغا كىردى ـ دە ، ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەر تەلەپ قىلدى . بۇ تەرەپتىن تۇس ئىبنى نەۋدەر ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ، ئېتىنى ھەيدەپ مەيدانغا كىردى ، ـــ دە نەرە تارتتى :

ـــ ئەي تۇرك ئېتىڭ نېمە ؟ مېنىڭ قولۇمدا نام ـ نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن يەنە !

ـــ ئەي پالۋان ، مېنى سورىساڭ ئېتىم ئەرجەڭ ، ئۆزۈم بىر شىرى غەررانمەن . سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۇچۇن جەڭگە كىردىم .

تۇس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى . قولىغا قان ئىچكۈچى تىغىنى ئېلىپ ، مەيدانىنى نەچچە نۆۋەت ئايلىنىپ چىقتى . ئاندىن بىر نەرە تارتىپلا ئەرجەڭگە شەمشەر ئۇردى . ئەرجەڭنىڭ دۇبۇلغىسى ، بېشى ، كۆكسى ، كېمەرلىرى ھەتتا مىنگەن ئاتلىرىغىچە تەپمۇ تەڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى . ئىران لەشكەرلىرى خۇشال بولغىنىدىن ناغرا چېلىشقا باشلىدى . تۇران لەشكەرلىرى غەمكىن بولۇپ ، ھەممە پالۋانلىرى تىغ ۋە شەمشەرلىرىنى سۇغۇرۇشتى . ئۇلار :

ـــ ھەممىمىز بىر يولى جەڭ قىلايلى . تۇسقا جاھاننى تار قىلايلى ، ـــ دېيىشتى .

ـــ بۇگۇن جەڭ قىلايلى ، ئەمما كۆڭلى ـ كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى . ئەگەر ئۇلاردىن بىر پالۋان مەيدانغا كىرسە ، ئالدىغا بىر پالۋان ئەۋەتەيلى . قېنى بۇ پەلەك كىمگە ياردەم بېرىدىكىن ، كۆرۈپ باقايلى ، ـــ دېدى ھۇمان ۋىسە . شۇ سۆزنى ئېيتقاندىن كېيىن ھۇمان ئېتىغا مىندى ـ دە ، مەيدانغا كىردى . ئۇ گوياكى تۆمۈر قوقتىدەك ۋە ياكى ئېلبىرىز تېغىدىن قۇياق كىيگەندەك ھەيۋەتلىك ئىدى . قولىدا چاقناپ تۇرغان نەيزىسىنى تۇتقان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . تۇس ئىبنى نەۋدەر يەنە ئورنىدىن تەۋرىدى . ئالەمنىڭ قۇلاقلىرى ناغرا ئاۋازىدىن گاس بولدى . تۇس ئىبنى نەۋدەر ھۇمان ئىبنى ۋىسەگە قاراپ نەرە تارتتى :

ـــ ئەي ھۇمان ئىبنى ۋىسە ، ئەرجەڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى نامدار پالۋان ئىدى . ئۇنى بىر ھەملە بىلەنلا ئۆلتۈردۇم . ئەمدى سەن نەيزە كۆتۈرۈپ كېلىپسەن . ئۇنىڭ ئۈچىنى

ئالغىلى كەلدىڭمۇ ؟ ئىران پادىشاھىنىڭ ھەققىدە مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سې-
نىڭ جېڭىڭگە دۇبۇلغا، قوياقسىز ۋە سوپەرسىز ھالدا كىرىمەن. ئىرانلىقلارنىڭ قىلغان
ئىشلىرىنى كۆرۈپ قويغىن.

— ئەي تۇس، — دېدى ھۇمان جاۋاب بېرىپ، — تولا چوڭچىلىق قىلمىغىن. بۇ
ياخشى ئەمەس. بىر بىچارىنىڭ قولۇڭدا ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا بۇنچىۋالا يامان خىياللارنى
قىلىپ كەتمە. مەن جەڭ قىلغان كۈنى ئەرجەڭ ئۆزىنى ئەرەنلەر قاتارىدا تۇتالمايتتى. ئەي
تۇس، سېنىڭ لەشكىرىڭدىكى پالۋانلار قوشىېگىنى جەڭگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئورۇن
ساقلاپ تۇرۇشقا ئۇياتمامدۇ؟ گىۋ، بىجەن، گۇدەرزلەر نەگە كەتتى؟ سەن قوشىېگى
بولىدىغان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن قوشۇن ئوتتۇرىسىدا تۇرماي جەڭگە كەلدىڭ؟ بۇنداق قىل-
ساڭ ئاقىللار سېنى بىلىمسىزكەن دەيدۇ. ھوشيارلار سېنى تەلۋە دەيدۇ. سەن ئارقاڭغا
يانغىن، بېرىپ كاۋە تۇغىنى تۇتۇپ تۇرغىن. قوشىېگى دېگەن ھەرگىز جەڭگە كىرمەيدۇ.
سەن قاراپ تۇرغىن. پادىشاھنىڭ پالۋانلىرىڭ ئىچىدىن كىمگە تون - سەرپايلارنى ئىنئام
قىلغان، شۇلار ئىچىدىن كىملەر جەڭ قىلىشنى خالايدۇ، شۇنىڭغا پەرمان قىلغىن. ئۇلار مەن
بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرسۇن. ئەگەر سەن مېنىڭ قولۇمدا ئۆلۈپ كەتسەڭ، لەشكەرلىرىڭگە
يامان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشسىز قېلىپ ھالاك بولىدۇ. ھايات قالغان تەقدىردىمۇ
دەرد - ئەلەمگە دۇچار بولىدۇ. مەن ساڭا يەنە بىر راست گېپىمنى ئېيتايكى، جان ۋە كۆڭلۈم
بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھتۇر: جەڭ كۈنىدە سەندەك بىر نامدار پالۋان مېنىڭ ئالدىمغا
كەلسە، زايە بولىدۇ دەپ ئېچىنىمەن. رۇستەم زال ۋە سام سەۋارەدىن قالسا سەندەك نامدار
پالۋاننى ئەسلا كۆرمىگەنمەن. سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ ھەممىسى نامدار پادىشاھلاردىن
ئىدى. سەن جەڭ قىلماقنى ئىستىسەڭ لەشكىرىڭ كىرسۇن. تۇس، سەن يانغىن، باشقا بىر
نامدار پالۋىنىڭ كىرسۇن. مەن شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلاي.

تۇس ئېيتتىكى:

— ئەي پالۋان، مەن قوشىېگى ھەم پالۋانمەن. سەنمۇ تۇران لەشكىرى ئىچىدىكى ئا-
تاقلىق پالۋانسەن. نېمىشقا سەنمۇ جەڭ قىلغىلى كەلدىڭ؟ ئەي ھۇمان، ئەگەر مېنىڭ
نەسىھىتىمنى چىن كۆڭلۈڭدىن قوبۇل قىلساڭ، بىز بىلەن تۇغقان بولۇشنى ئىستىسەڭ، نامدار
پالۋانلىرىڭنى ئېلىپ، كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بارغىن. ئەگەر ئىران لەشكىرىدىن بىر كىشى
تىرىك بولسا، سىياۋۇشنىڭ قىساسىنى ئېلىشتىن ھەرگىز توختىمايدۇ. ئەي ھۇمان، سەن
پالۋانلىرىڭ بىلەن بىھۇدە جەڭ قىلما، مېنىڭ نەسىھىتىمگە كۆڭۈل قويىدىغان بولساڭ، بىر-
نەچچە ئۆلۈمگە لايىق كىشىلەر بار شۇلارنى چىقىرىپ بەرگىن. بىز ئۇلاردىن ئۆچىمىزنى
ئالايلى. بىلگىنكى، بۇنداق كىشىلەر ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سەن ئەقىللىگە كەلگىن.
پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر پىرانغا ھەرگىز زىيان يەتكۈزمەڭلار. ئۇ
مېنى خالىس بېقىپ چوڭ قىلغان كىشىدۇر، مېنىڭ دوستۇمدۇر. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىپ،
بىھۇدە جەڭ قىلماڭلار» دېگەن.

— ئەي تۇس، — دېدى ھۇمان، — پادىشاھىمىز ئەفراسىياب پەرمان قىلسىلا، ئۇ
ئىش مەيلى زۇلۇم بولسۇن ياكى ئادالەت بولسۇن، ئامالسىز شۇ بويىچە ئىش قىلىمىز. چۈنكى

بىز ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي كۆڭۈل بەرگەنمىز. ئاكام پىراننىڭ جەڭ قىلىشىمۇ چىن كۆڭلى بىلەن ئەمەس. ئۇ ناھايىتى ئاقىل، دانىشمەن ۋە ياخشى خۇيلۇق كىشىدۇر.

تۇس بىلەن ھۇمان شۇ يوسۇندا سۆزلىشىۋاتاتتى، بۇنىڭغا قاراپ، پالۋان گىۋنىڭ تاقىتى قالمىدى. ئۇنىڭ يۈزى سەندەل ياغىچىدەك قىزاردى. ئۇ لەشكەرلەر ئارىسىدىن شامالدەك تېز چىقىپ، تۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەي مۇبارەك نەسەبلىك تۇس، — دېدى ئۇ چالۋاقىغان ھالدا، — بىر نۇر كىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككى سەپ ئارىسىدا تۇرۇۋاتقىنىڭغا ئۇزۇن بولدى. ئۇ ساڭا نېمانداق ئۇراق سىر ئېيتىپ، ئىككى لەشكەر ئارىسىدا نېمانچە تولا گەپ قىلىدۇ؟! سەن ئۇنىڭغا شەمشەردىن باشقا سۆز ئېيتمىغىن. ھېچقانداق سۇلھى ئىشىكىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاچمىغىن!

ھۇمان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چېچىلدى:

— ئەي بەختى يانغان گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنىڭ ئۇرۇقلىرى، ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ جەڭدىكى پالۋانلىقىمنى تولا كۆرگەن. سەن گەشۋادنىڭ ئۇرۇقلىرى ئىچىدە مېنىڭ پالۋانلىقىمنىڭ مەنشۇرناملىرىنى ئوقۇمىغان كىشى يوقتۇر. سېنىڭ بەختىڭ دېۋىنىڭ يۈزىدەك قارىدۇر. ئۆيۈڭدە ھەممىشە ماتەمدۇر. ئەگەر مەن تۇسنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا جەڭ توگەپ قالمايدۇ. چۈنكى پىران بىلەن ئەفراسىياب بار. سەن تۇس بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىش تاپىلايدىغانغا سەن تۇسنىڭ يا ئاتىسى ئەمەس ياكى ئاكىسى ئەمەسقۇ؟!

— ئەي بەد ئەندىشە، — دېدى گىۋ ھۇمانغا، — جەڭ پەيتىدە نېمە بۇنداق يېلىنىسەن؟! ماڭا نېمە پالۋانلىق كۆرسەتتىڭ؟! پەقەت بىر شەبىخۇن ئۇرۇپ، قان تۆكۈپ كۆچ كۆرسەتتىڭ. شەبىخۇن ئۇرۇش ئەرەنلەرنىڭ ئىشى ئەمەس، پالۋانلىق يوسۇنى ئەمەس. شەمشىرىمنىڭ كۈچى بىلەن كەيخۇسرەۋنى ئېلىپ كەلگەن كىشى مەن بولىمەن. ئەفراسىيابنىڭ ھەممە پالۋانلىرى ھەتتا زۇبىن، گۇلباد، نەستىھەن، ھەتتا بارمان قاتارلىقلارمۇ مېنىڭ ئالدىمدىن قېچىپ كەتتى. مەن مۇشۇ خەنجىرىم بىلەن پىراننىڭ قولىقىنى تەشتىم. ئىسىت، ئەگەر تۇس بۇ جەڭنى ماڭا قويۇپ بەرگەن بولسا ئىدى، شۇ چاغدا مېنىڭ ئەركەكلىكىمنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

— ھەي، نېمانچىۋالا چېچىلىسەن؟ بۇگۇن ھۇمان بىلەن مەن جەڭ قىلىمەن، — دېدى تۇس گىۋگە ئاندىن ھۇمانغا، — ئەي ھۇمان، كەل ئىككىمىز جەڭ قىلايلى، — دېدى.

ھۇمان:

— ئەي تۇس، ئۆلۈم تاجلىقىمۇ، دۇبۇلغىلىقىمۇ كېلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈم كەلسە جەڭ ئىچىدە كەلگىنى ياخشى. ماھىر پالۋاننىڭ قولىدا ئۆلگەن تېخىمۇ ئوبدان، — دېدى.

تۇس ئېغىر گۇرزىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ھەملە قىلىشتى. تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋازلار مەيدانىنى بىر ئالدى. گۇرزە، شەمشەر ۋە سوپەردىن چاقنىغان ئوتلار چاقماقتەك چېقىلدى. ئۇلار بىر-بىرىگە گۇرزە ئۇرغىنىدا يەرلەر لەرزىگە كېلەتتى. ئۇلارنىڭ توزۇتقان چاڭ-توزانلىرىدىن يورۇق كۈن قاراڭغۇ كېچىدەك بولدى. گۇرزىلەرنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازلىرى توختاۋسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرى گويا تۆمۈر چىنىڭ

سەندىلدەك ساق ـ سالامەت تۇراتتى. ئېغىر گۈرزىلەر پۇلات سۇپەرلەرگە تەگكىنىدە، ئۇنىڭ ئاۋازى بۇلۇتلارغىچە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ گۈرزىلىرى يادەك ئېگىلدى. قوللىرىغا ھىندى شەمشىرىنى ئېلىشتى. بىر ـ بىرلىرىگە شەمشەر ئۇرۇشتى. شەمشەرلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئوت چاقناپ كەتتى. ئاخىر شەمشەرلەرمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ زەنجىر پوتىلىرىدىن تۇتتى. تۇس بىر كۈچىگەندى، ئۇنىڭ زورىدىن ھۇمانىنىڭ زەنجىر پوتىسى ئۈزۈلدى. ھۇمان چاچراپ بېرىپ يەنە ئېتىغا مىندى. تۇس قولىغا يانى ئېلىپ كىرىشلىدى. ئوق ئېتىپ ھۇماننى تىيرە باران قىلىشقا باشلىدى. ھۇمان بېشىغا سۇپەر تۇتتى. ئۇ كۆنى كېچىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۇتكىچە جەڭ بولدى. ھۇماننىڭ ئېتىغا ئوق تەگدى. ئات يەرگە يېقىلىپ ئۆلدى. ھۇمان دەرھال يۇگۇرۇپ قوپۇپ، بېشىغا سۇپەر تۇتتى. تۇران لەشكەرلىرى ھۇماننىڭ پىيادە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ياخشى ئاتنى ئېلىپ كەلدى. ھۇمان ئاتقا مىندى ـ دە، ھىندى تىغىنى قولىغا ئالدى. شۇ چاغدا تۇران تەرەپنىڭ ھەممە پالۋانلىرى براقلا ھۇماننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ھۇمانغا:

— ئەي پالۋان، كۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى. سەندىن پالۋانلارنىڭ يامان كۆزى يىراق بولسۇن. ئەمدى يانغىن، — دېدى.

ھۇمان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قايرىپ، پىراننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. تۇسمۇ ئۆز لەشكىرىگە ياندى. ھۇمان تۇران لەشكەرلىرى ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار چۇقۇرۇشۇپ:

— ئەي پالۋان، سەن پىران بىلەن جەڭ قىلغىنىڭدا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى قان بولدى. بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ قانچىلىك ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغانلىقىنى تەڭرى تائالادىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ، — دېدى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى ھۇمان، — بۇ كېچە تاڭ ئاتقاندا بىز غەلىبە قىلىمىز. شۇ چاغدا ھەممىڭلار خۇشال بولسىلەر. بىزنىڭ بەختىمىز كېلىدۇ.

تۇس ئۆز لەشكەرلىرىگە:

— ھۇمان قانداقمۇ ماڭا تەڭ تۇرۇپ، ئەرەنلىك تالىشالىسۇن. ئۇ شىرى غەرراندەك باستۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ جەڭ قىلىمەن، — دېدى.

كېچىسى ھەر ئىككى لەشكەر جىسەكچىلەرنى چىقىرىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتتى.

تاڭ ئاتتى. جەڭ ناغرىسى چېلىندى. جاھاننىڭ ئىچى لەشكەرنىڭ تولىلىقىدىن كۆك تۆمۈرگە تولۇپ كەتتى. ناغرا ـ كانايلارنىڭ ئاۋازىدىن ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى. قوشىيىگى تۇس ئېتىنى چاپتۇرۇپ، سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قولىدا بىر نەيزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. تۇس پالۋانلارغا:

— مەن نەرە تارتىپ، ئېتىمنى دىۋتىسەم، سىلەرمۇ تەڭلا ئات سېلىپ، تەڭلا تىغ تارتىڭلار. بېشىڭلارغا سۇپەر تۇتۇپ، چۇلۋۇرنى ئاتنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويۇپ، يا ۋە نەيزىنى قويۇپ، براقلا تىغ ۋە گۈرزە ئۇرۇڭلار، — دېدى.

ئۇ تەرەپتىن ھۇمان شىرى غەرراندەك جەۋلان قىلىپ، پىراننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ پىرانغا:

— ئەي پالۋان، بۇگۈن كەچ دىنارغا ۋە سالاھ ئەسلىھەلەرگە قارىمىغىن. بۇگۈن بىز غالىب كېلىمىز، — دېدى.

بۇ تەرەپتە تۇس ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى خورازنىڭ كۆزىدەك قىلىپ سەپكە تىزدى. ھەممە لەشكەرلەر تۇسقا بارىكاللا ئېيتتى. تۇسنى ھەممەيلەن جاھان پالۋان دەپ ئاتايتتى. ئۇ جەڭگە كىرسە جەزمەن دۇشمەنگە غالىب كېلەتتى. بۇگۈن ھۇمان ئۇنىڭ بىلەن ئەرەنلىك تالىشىپ، داڭ قازىنىپ كەتتى. تۇس گۇدەرزگە:

— ئەگەر بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇلار غالىب كېلىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز خۇدايىتائالاغا سېغىنايلى. ئەگەر خۇدايىتائالا بىزگە يار-يۆلەك بولسۇن دېسەك، كىبىر-تەكەببۇرلۇقنى ئۆزىمىزدىن يىراققا تاشلايلى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىزنىڭ تەلەيىمىز ياماندۇر، — دېدى.

— ئەي پالۋان، — دېدى گۇدەرز، — نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى پەرىشان قىلىسەن. دۇشمەندىن ئەندىشە قىلمىغىن. بۇنداق سۆزنى تىلىڭغا كەلتۈرمىگىن. ئۇنداق بولمىغاندا پالۋانلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشىدۇ. ئەگەر پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ تەلىيى ئوبدان بولىدىغان بولسا، دۇشمەننىڭ غالىب بولىدىغانلىقىنى كىم بىلەلەيدۇ؟! ياخشىلىقنى بەرگۈچى خۇدايىتائالا بىزگە ياردۇر. ئەي پالۋان، سەن كۆڭلۈڭنى يامان قىلمىغىن. بۇ سۆزنى ئۇلۇغلاردىن ھېچ بىرىگە ئېيتمىغىن.

تۇس گۇدەرزگە ئېيتتىكى:

— ئەي جاھان پالۋان، ئۇلارنىڭ قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يەنە ھۇمان تۇرانلىقلارغا: «ئەتىكى جەڭدە بىز غالىب كېلىمىز» دېدى. ھازىرچە ھەممە نامدار شاھزادىلەر بىلەن بىللە كاۋە تۇغىنى تۇتۇپ بۇ يەردە تۇرۇڭلار. تاغدىن ھەرگىز تەۋرەنمەڭلار. بۇگۈن جەڭ كۈنى ئەمەستۇر. چۈنكى بىزنىڭ بىر كىشىمىزگە ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز كىشىسى بار.

— ئەي قوشبېگى، — دېدى گۇدەرز، — ئەگەر خۇدايىتائالا بىزدىن يامانلىقنى يىراق قىلسا، دۇشمەنلەر خاھى تولا بولسۇن خاھى ئاز بولسۇن بۇنىڭ كارى چاغلىق. بۇنداق گەپنى سەن قىلمىغىن، ئىران پالۋانلىرىنىڭ كۆڭلىنى بۇزمىغىن. ئەگەر بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى بىزگە يامانلىق كۆرسەتسە، ئۇنى بىز ھۈنەر ۋە تەدبىر بىلەن ئۆزىمىزدىن يىراق قىلالمايمىز. سەن لەشكىرىڭنى ياسىغىن.

تۇس لەشكەرلىرىنى ياسال (سەپ) ياسىدى. جەڭ پىللىرىنى ۋە ناغرىلارنى كەلتۈردى. گۇدەرز ئوڭ قولغا، رۇھام سول قولغا باردى. لەشكەرنىڭ تولىلىقىدىن ۋە ناغرا-كانايلارنىڭ ئاۋازىدىن ئاسمان ۋە زېمىن لەرزىگە كەلدى. گۇرزە ۋە سۇپەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پۈتكۈل ئاسمان تۆمۈر بىلەن قاپلانغاندەك بولدى. پۈتكۈل باياۋاندا قان دەريادەك ئاقتى. غەلۋە-غوۋغانىڭ تولىلىقىدىن ئادەم ئۆزىنىڭ باش ئايىغىنىمۇ بىلەلمەيتتى. بۇ چاغدا تۇس گۇدەرزگە:

— ئەي پالۋان، ماڭا مۇنەججىم: «بۇگۈن كېچىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى ئۆتكۈچە تولا قانلار تۆكۈلىدۇ» دېگەنىدى. مەن ئاخىرى دۇشمەن بىزگە غالىب كېلىپ قالارمىكىن دەپ

قورقۇۋاتىمەن، — دېدى.

پالۋان شىدۇش، رۇھام، گوستەھەم، خەرراد، بەرزىن، گىۋ قاتارلىقلار لەشكەر ئا-
رىسىدىن سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ نەرە ئاۋازى پەلەككە يەتتى.

ئۇ تەرەپتىن ھۇمان بىر پارچە تاغدەك ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى - دە، ئۆز
لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ مەيدانىنى زىنىنەتلىدى. ئاندىن جەڭ قىلىشقا ياخشى پالۋانلارنى ئىل-
غاشقا باشلىدى.

ئىران تەرەپ تۇران پالۋانلىرىدىن ئەرھەڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا گورازەنى،
فەرشىدۇەرد بىلەن جەڭ قىلىشقا رۇھامنى، لوھاك بىلەن جەڭ قىلىشقا شىدۇشنى، گوباد بى-
لەن جەڭ قىلىشقا بىجەننى، پىران بىلەن جەڭ قىلىشقا گودەرزنى، ھۇمان بىلەن جەڭ قىلىشقا
تۇسنى نىشانلىدى. شۇ ئەسنادا ھۇمان ئىبنى ۋىسە ئۆزلەشكەرلىرىگە:

— ئەي يارانلار، بۈگۈن تونۇگۈنكىدەك قىلماڭلار. ئىرانلىقلاردىن جاھاننى خالىي
قىلىڭلار! — دېدى.

بۇ تەرەپتىن قوشىبېگى تۇس پىل ۋە ناغرىلارنى ئېلىپ كېلىپ، سەپراست قىلىپ
تۇردى.

— ئەي يارانلار، — دېدى تۇس لەشكەرلەرگە، — تۇرنۇڭلاردىن ھەرگىز
تەۋرىمەڭلار! سۇپەر ۋە نەيزىلىرىڭلارنى ئالدىڭلارغا تۇتۇپ تۇرۇڭلار. قېنى كۆرۈپ باقايلى،
بۇ جەڭ قانداق بولىدىكىن.

تۇرانلىقلار ئارىسىدا بازۇر ئاتلىق بىر ئادەم بار ئىدى. ناھايىتى ئۇستا جادۇگەر
ئىدى. ئۇ خىتاي پالۋانلىرىنىڭ سېھىر - جادۇلىرىنى ئۆگەنگەنىدى. پىران ئۇ جادۇگەرنى
ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي بازۇر، سەن تاغ ئۈستىگە چىققىن. ئىرانلىقلار ئۈستىگە قارا بوران كەلتۈرۈپ
شۇنداق جادۇگەرلىك قىلغىنكى، ئۇلار سوغۇقتىن ئۆلسۇن، — دېدى.

بۇ كۆز پەسلى ئىدى. بازۇر تاغ بېشىغا چىقتى. شۇ ھامان يامغۇر تۆكۈلۈپ، ئاندىن
قار يېغىشقا باشلىدى. بارلىق ئىران پالۋانلىرىنىڭ نەيزە تۇتقان قوللىرى سوغۇقتا ئىشلىمەس
بولۇپ قالدى. زىمىستان قىشىنىڭ شۇرغانلىرى پەيدا بولۇپ، پالۋانلارنى قىيناشقا باشلىدى.
پۈتكۈل پالۋانلار سوغۇقتىن نالە - پىغان قىلغىلى تۇردى.

پىران لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپ:

— ھەممە لەشكەر بىر يولى ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! ئەي يارانلار، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ
قوللىرى نەيزە تۇتۇپ ئۇششۇپ قالدى! لەشكەرلەر ھەممە تەرەپتىن بىراقلا ھۇجۇمغا
ئۆتۈڭلار! — دېدى.

بىر تەرەپتىن ھۇمان نەرە تارتقىنىچە كېلىپ، ئىران لەشكەرلىرىگە تېگىش قىلدى.
ئىرانلىقلاردىن شۇ قەدەر تولا كىشى ئۆلدىكى، قان دەريا بولۇپ ئاقتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى
دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى. ئۆتكىلى يولمۇ قالمىدى. پۈتكۈل دەشت - باياۋان قار بىلەن قانغا
تولدى. جىمى ئىران ئاتلىقلىرى بېشى تۆۋەن ھالەتتە ياتاتتى. تۇس باشلىق ھەممە پالۋانلار
يۈزلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ، تەگرى تائالادىن ياردەم تىلەپ، پەرياد - پىغان قىلدى:

— ئەي ئاسمان ۋە يەرنى ياراتقان ، هوش ۋە ئەقىلنى ، ئوي ـ خىيالنى بارلىققا كەلتۈرگەن قۇدرەتلىك خۇدايىتائالا ، بىز ھەممىمىز سېنىڭ گۇناھكار بەندىلىرىڭدۇرمىز . بىچارىلىك بىلەن ساڭا داد ئېيتىمىز . ئەي خۇداۋەندا ، سەن بۇنداق جادۇ ـ ئەپسۇنلاردىن ھامان يۇقىرىسەن . ھەممە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىسەن . بىچارىلەرگە يول كۆرسەتكۈچىسەن . سېنىڭ قۇدرىتىڭ يازنىڭ ئىسسىقى ۋە قىشنىڭ سوغۇقىدىن ساقلاشقا ھامان قادىر . ئەي خۇداۋەندا ، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن چېكىۋاتقان بۇ پەرىيادىمىزغا يەتكىن . بىزنىڭ سەندىن ئۆزگە پاناھىمىز يوق ! — دەپ نالە قىلىشتى .

شۇ چاغدا بىر دانىشمەن كىشى كەلدى . ئۇ كىشى رۇھامغا خۇش خەۋەر ئېيتىپ ، بىر قولى بىلەن تاغنى كۆرسەتتى . ئۇ تاغدا بازۇر جادۇگەرلىك قىلىپ تۇراتتى . رۇھام ئىبنى گۇدەرز دەرھال ئېتىنى چاپتۇردى . لەشكەر ئارىسىدىن چىقىپ ئاتتىن چۈشتى . ساۋۇت ۋە گىببەسىنىڭ ئېتىكىنى يوتىسىغا قىستۇرۇپ ، پىيادە ھالدا تاغ تەرەپكە راۋان بولدى . بۇنى كۆرگەن جادۇگەر گۇرزىنى كۆتۈرۈپ ، رۇھام بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلدى . رۇھام دەرھال تىغ تارتىپ ، بازۇرنىڭ قولىغا شۇنداق ئۇردىكى ، ئۇنىڭ بىر قولى بىلەن بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشتى . دەرھال قاتتىق بىر بوران چىقتى . ھاۋا يۈزىدىن بۇلۇتلار يوقىلىشقا باشلىدى . رۇھام ئىبنى گۇدەرز تاغدىن چۈشتى . بىر قولىدا جادۇگەرنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئاتقا مىندى . ھاۋا يۈزى تازىلاندى . ئىلگىرىكىدەك كۈن يورۇشقا باشلىدى . رۇھام ئىبنى گۇدەرز كېلىپ ئاتىسىغا جادۇگەر بازۇرنىڭ قىلغانلىرىنى ئېيتتى .

بۇ چاغدا ئىران پالۋانلىرى باياۋانغا قارىغانىدى ، قان دەريادەك ئېقىپتۇ . پۈتكۈل دەشت ـ باياۋاندا ئىرانلىقلار باشسىز بولۇپ يېتىپتۇ . گۇدەرز تۇسقا ئېيتتىكى :

— ئەي قوشبېگى ، ئەمدى پىل ۋە ناغرىلارنىڭمۇ كېرىكى قالمىدى . ھەممىمىز تىغلىرىمىزنى تارتايلى . ئۆزىمىزنى ئۇلارغا ئۇرايلى . يا بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى ياكى ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرسۇن . ئېھتىمال بىزنىڭ ئۆمرىمىزمۇ ئاخىرلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ .

— ئەي مويسىپىت پالۋان ، — دېدى تۇس ، — ھاۋا ئىسسىدى ، سوغۇق كەتتى . ئەمدى نېمىشقا ئۆزىمىزنى نابۇت قىلغۇدەكمىز ؟ خۇدايىتائالا بىزگە خالاسلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ . ھازىرچە جەڭگە ئالدىراپ كەتمىگىن . ئۇلار بىزگە چېقىلسا ئاندىن جەڭ قىلايلى . ئەي پالۋان گۇدەرز ، سەن بىھۇدە دۈشمەننىڭ ئالدىغا بارمىغىن . سەن لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاۋە تۇغىنى تۇتۇپ تۇرغىن . ئوڭ قولغا گىۋ بىلەن بىجەن بارسۇن ، سول قولغا گۇستەھەم بارسۇن . رۇھام ، شىدۇش ، گۇرازە قاتارلىق پالۋانلار سەپنىڭ ئالدىدا تۇرسۇن . ئەگەر مەن ئۆلسەم ، سەن بۇ لەشكەرنى ئېلىپ ، كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغىن . چۈنكى ماڭا تاپا ـ تەنە ۋە ئاچچىق سۆز ئاڭلىغاندىن كۆرە ئۆلۈم ئەۋزەل . بۇ جاھاننىڭ رەسمىي قائىدىسى شۇنداق . ئۇ ھەمىشە كىشىگە دەرد ـ ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ .

يەنە ناغرا ـ كانايلار چېلىندى . ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپراست بولدى . تۇس ، گۇدەرز ، گىۋ ، بىجەن ، رۇھام ، شىدۇش قاتارلىق پالۋانلار سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار ھەممىسى جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ ، جەڭگە يۈزلەندى . ئۇ يەردە تۇس جەڭ قىلىپ ، تۇرانلىقلارنىڭ قانلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى . تۇسنىڭ ئارقىسىدىن ھەممە سەركەردە ، سىپاھ ۋە

بەگلىرى ئەگىشىپ جەڭ قىلاتتى. تۇس جەڭگە مەست بولۇپ كەتتى. سىپاھ ۋە بەگلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. بىر دانىشمەن كىشى تۇسقا:

— ئەي قوشىبېگى، سەن جەڭ بىلەن بولۇپ كەتتىڭ. ئارقاڭدا ئادەم قالمىدى. بۇنداق قىلساڭ تۇرانلىقلار سېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ، — دېدى.

تۇس پالۋان گىۋگە:

— ھەي بۇ لەشكەرمۇ ياكى ئەقلى ـ ھوشى يوق جامائەتمۇ؟! ئۇلار مېنى مۇشۇنداق تەنھا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئەي پالۋان، بارغىن، ئۇلارنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلگىن. بۇ لەشكەر دۈشمەننىڭ مەسخىرىسىدىن ئەندىشە قىلمامدۇ؟! پادىشاھ كەيخۇسرەۋدىن ئۇياتمامدۇ؟!

گىۋ ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، لەشكەرلەرنى ياندۇرۇپ كەلدى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى تۇس، — كۈن كەچ بولدى. ئارام ئالىدىغان بىر يەرنى تېپىشىمىز كېرەك.

ھەممە لەشكەر جەڭدىن ياندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەستە ۋە مەجرۇھ ئىدى.

ئاي چىقتى. پىران ھەممە سىپاھلىرىنى ئالدىغا چاقىردى. ئۇلار ھەممىسى:

— دۈشمەن ئاز قالدى. ئەتە تاڭ ئاتقان ھامان تىرىك قالغانلارنىڭ جىسمىنى ئۆلتۈرەيلى، — دېيىشتى.

ئۇلار ھەممىسى خۇشال ـ خۇرام ھالدا چېدىر ـ بارگاھلىرىغا قايتىشتى. كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە راۋاب، ئۇد، قالۇن ۋە باشقا سازلارنى چېلىشىپ، مەشرەپ قىلىشتى.

ئىرانلىقلارنىڭ ھەممىسى پەرىشان ۋە غەمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ لەشكىرى ئىچىدە ئاتا ئوغۇل ئۈچۈن، ئوغۇل ئاتا ئۈچۈن ماتەم تۇتماقتا ئىدى. گۇدەرزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى يارىلانغان، ھەتتا كۆپىنچىسى ئۆلگەنىدى. گۇدەرز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نالە ـ پىغان قىلدى. ھەممە ئۇلۇغلار يىغلىماقتا ئىدى. جەڭ قىلىدىغان يەردە ئاياغ دەسسىگۈدەك ياكى قول تەگكۈدەك جايمۇ قالمىغانىدى. ئۇلار ھەممىسى كېچىدە ئاغرىق ۋە يارىدارلارنى باقتى ۋە يارىلىرىنى تاڭدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن گۇدەرز:

— ئاھ خۇدا، پىراندىن ماڭا كەلگەن يامانلىقنى ئالەمدە ھېچقانداق كىشى كۆرمىگەن بولغىيدى. مەن ئەمدى قانداقمۇ تىرىك يۈرەلەيمەن. بېشىم ئاقارغان ۋاقتىمدا نۇرغۇن ئوغۇللىرىم كۆز ئالدىمدىلا ئۆلۈپ ياتتى. مەن تۇغۇلغاندىن بىرى دۇبۇلغا، ساۋۇتنى بېلىمدىن يېشىپ باقمىدىم. ئاخىر نۇرغۇن ئوغۇللىرىمنىڭ ئۆلۈكىنى كۆردۈم! — دەپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇنىڭ دەردلىك كۆز ياشلىرى ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ يەنە:

— ئاتام نەۋدەر پادىشاھتىن تۆرەلمىگەن بولسامچۇ، كاشكى! بۇنداق دەرد ـ ئەلەملەرگىمۇ دۇچار بولماستىم! مەن جەڭگە بەل باغلىغاندىن بېرى دائىم دەرد ـ ھەسرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۈم، — دېدى. ئاندىن سىپاھلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، — ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىڭلار، باشسىزلارنىڭ بېشىنى تېنىگە قوشۇڭلار. چېدىر ـ بارگاھلارنى ھەماۋەند تېغىغا ئېلىپ بېرىڭلار. مەن شۇنداق ئويلاۋاتىمەنكى، بىز ھەماۋەند تېغىغا يەتكەندىن كېيىن كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا بىر بەگنى ئەۋەتەيلى. پادىشاھقا بۇ يەردىكى ئەھۋاللاردىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىر ئاتلىقنى ئەۋەتكەنىدىم. ئۇ بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن

رۇستەم ئىبنى زالنى لەشكەرلىرى بىلەن ئەۋەتىدۇ ، — دېدى .

ئىران لەشكەرلىرى چېدىر - بارگاھلىرىنى ئېلىپ ، ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىپ زار - زار يىغلاشقان ھالدا تاغقا قاراپ راۋان بولدى . ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ، ئالەم يورۇدى . ئۇلار شۇنىڭغىچە ئون پەرسەڭ يول باسقانىدى . ئۇلار كۆزلىرى نەملىك ، كۆڭلى دەرد - ئەلەملىك ھالدا كېچە - كۈندۈز شۇنداق تېز يۈرۈپ ، ھەماۋەند تېغىغا يېقىنلاپ كەلدى .

— ئەي پالۋان ، — دېدى تۇس گىۋگە ، — ئۈچ كۈندىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي ، تائاممۇ يېمەي يول يۈردۇك . ئەمدى سەن ئۇخلىغىن ، ئازراق غىزالىنىۋالغىن . پەمىمچە پىران يەنە جەڭ قىلغىلى قوغلىشىپ كېلىدۇ . ساغلام كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىجەنگە قويۇپ ، ئۆزۈڭ تاغ ئۈستىگە چىققىن .

يارىدارلار تاغ ئۈستىگە ئاچىقىلىپ ، قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ساغلام كىشىلەر جەڭگە تەييار قىلىندى . ئەتراپقا ساقچىلارنى قويدى .

جەڭ بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى تاڭ ئاتتى . پىراننىڭ بارگاھىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئاڭلاندى . ئۇنىڭ لەشكەرلىرى دەريادەك ئۆركەشلىدى . ھەممە تۇران لەشكەرلىرى جەڭگاھقا قاراپ سەلدەك ئاقتى .

— ئەمدى جەڭ ئۇزۇن داۋام قىلماس ، — دېدى پىران ھۇمانغا — چۈنكى ئىران ئۇلۇغلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يارىدار بولدى ۋە ئۆلدى .

ئۇلار ناغرىلىرىنى ئۇرا - ئۇرا ئاخىر جەڭ قىلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلدى . قارىسا چېدىر - بارگاھلار ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ . لېكىن بىرەرمۇ جانلىق يوق . ھۇمان بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھال پىرانغا يەتكۈزدى . تۇرانلىقلار خۇشال بولغىنىدىن ناغرا - كانايلارنى چېلىشتى . پىران ئۇلارغا :

— ئەي پالۋانلار ، ئەمدى سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار قانداق ؟ — دېدى .

چوڭ - كىچىك لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى :

— ئەي قوشبېگى ، دۈشمەن بىزنىڭ ئالدىمىزدىن قاچتى . ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىشىمىز كېرەك ، — دېدى .

— جەڭ ۋاقتىدا ئالدىراقسانلىق قىلىش ياخشى ئەمەس ، — دېدى پىران ، — ئەفراسىيابنىڭ ھۇزۇرىغا نۇرغۇن لەشكەر يىغىلدى . بىز ئۇ لەشكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ ، ھەممە پالۋانلارنى يىغىپ ، ئاندىن كېيىن ئىرانغا بارايلى - دە ، ھېچ كىشىنى تىرىك قويمايلى .

ھۇمان ئېيتتىكى :

— ئەي پالۋان ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمە . ئىرانلىقلار خۇددى كەلكۈندەك كۆپ لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى . ئەمدى چېدىر - بارگاھلىرىنى تاشلاپ ، ئالدىمىزدىن قاچتى . شۇنى بىلگىنكى ، ئۇلار بىچارىلىكىدىن بىزگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچقان . ئەگەر بىز توختاپ قالساق ، ئۇلار كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بارىدۇ - دە ، يەنە يېڭىدىن لەشكەر يىغىپ كېلىدۇ . زابۇلىستاندىن رۇستەم ئىبنى زال كېلىدۇ . ئۇ چاغدا بىزگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ . شۇڭا مەن ئۇلارنى دەرھال قوغلاپ بارىمەن . تۇس ئىبنى نەۋدەرنى ، گۇدەرزنى ، گىۋنى ۋە كاۋە تۇغىنى ، جەڭ پىللىرىنى قولۇمغا كەلتۈرىمەن .

— ئەي ئىنىم ، — دېدى پىران ، — شۇنى بىلگىنكى ، بىزنىڭ تەلىيىمىز كېلىپتۇ . سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق .

شۇنداق قىلىپ پىران بىلەن هۇمان ھەممە لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، تۇسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلدى . پىران لۇھاكنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئىككي يۈز كىشىنى بەردى ۋە مۇنداق پەرمان قىلدى :

— ئەي لۇھاك ، سەن ھېچ يەردە توختىماي ، ئارام ئالماي يۈرۈش قىلغىن — دە ، ئىرانلىقلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ ، بىزگە ئۇچۇر بەرگىن .

لۇھاك شامالدەك تېز يۈرۈپ كەتتى . كېچە — كۈندۈز توختىماي يۈردى . ئۇ تۈن تەڭ بولغاندا ئىرانلىقلارنىڭ جەسەكچىلىرىنى كۆردى . لۇھاك ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ، دەرھال ياندى . پىراننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى :

— ئۇلار ھەماۋەند تېغىغا قورغان قۇرۇپتۇ . تاغقا چىقىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىنى قامال قىپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان پىران ھۇمانغا پەرمان قىلدى :

— ئەي ھۇمان ، سەن چۆلۋۆرۈڭنى تەۋرەتكىن . لەشكەردىن قانچىلىك كېرەك بولسا ئېلىپ بارغىن . ئىرانلىقلار كاۋە تۇغىنى كۆتۈرۈپ ، تامام لەشكىرى بىلەن چىقىپ ، ھەماۋەند تېغىنى قامال قىپتۇ . بۇ جەڭدىن ئۇلارغا كۆپ مۇشەققەتلەر يېتىدۇ . ئەگەر ئۇلاردىن كاۋە تۇغىنى تارتىۋالساڭ ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى بىنەپشىدەك كۆكىرىپ كېتىدۇ . ئەگەر قولۇڭدىن كەلسىلا ئۇلارنىڭ تۇغ — ئەلەملىرىنى ئالغايسەن ۋە لەشكەرلىرىنى بىر — بىرلەپ شەمشەردىن ئۆتكۈزۈپ ، پارە — پارە قىلغايسەن . مەنمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن شامالدەك تېز چېپىپ بارىمەن . ھېچ يەردە بىر نەپەس توختىمايمەن .

ھۇمان تۇرانلىقلاردىن ئوتتۇزمىڭ پالۋاننى ئىلغىدى ۋە تېزلىكتە راۋان بولدى . قۇياش چىقىپ ئالەمنى يورۇتتى . يىراقتىن تۇران لەشكەرلىرىنىڭ تۇغى كۆرۈندى . ئىرانلىقلارنىڭ قاراۋۇلچىسى بۇنى كۆرۈپ ، دەرھال كېلىپ قوشىپگى تۇسقا خەۋەر قىلدى :

— تۇرانلىقلاردىن ئېغىر لەشكەر كەلدى . ئۇلارنىڭ تۇغلىرى بۇلۇتنى قاپلاپ كەتتى .

تۇس بۇنى ئاڭلاپ ، دەرھال قۇياقلىرىنى كىيدى . ناغرا — كانايلارنى چالدى . ئىران لەشكەرلىرى سەپ تارتىپ تۇردى . ھۇمان ئىران قوشۇنىنى كۆرۈپ ، شىرى غەرراندەك نەرە تارتتى . ئىرانلىقلار كاۋە تۇغىنى سەپنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ تۇراتتى .

— ئەي تۇس ! — دېدى ھۇمان ، — سەن نېمىشقا بىزنىڭ ئالدىمىزدىن قاچىسەن ؟ سىلەر تۇران لەشكىرىدىن ئۈچ ئالغىلى كەلگەن ئەمەسمىدىڭلار ؟ ئەمدى تۇرنىدەك تاغ ئىلغاشقا باشلاپسەن . بۇ قىلغانلىرىڭدىن ئۇيياتمامسەن ؟ ! تاغقا نۇرغۇن سىپىل قورغانلارنى قۇرۇۋالدىم دەپ ئويلاپ قالما ، ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا سىلەرنىڭ بۇ سىپىللىرىڭلارنىڭ ھەممىسنى دەريادەك سۇ قىلىۋېتىمەن !

شۇنىڭدىن كېيىن ھۇمان دەرھال بىر بەگنى پىرانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى : «ئىش بىز ئويلىغاندىن باشقىچىرەك ئىكەن . پۈتكۈل تاغ ۋە باياۋانلارنى ئىران لەشكەرلىرى قاپلاپتۇ . كاۋە تۇغى تۇس ۋە گۇدەرزنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ . ئەي ئاكا ، سەن لەشكەرلىرىڭنى

چاپسان تەييارلاپ، ئەتە تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەرگە كېلىپ بولغىن». ئەلچى بۇ سۆزنى پىرانغا يەتكۈزدى. تۇران لەشكەرلىرى ھۇماننىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا دولقۇنلاشقا باشلىدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا پىران ھەماۋەند تېغىغا يېتىپ كەلدى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ تولىلىقىدىن قۇياش كۆرۈنمەي قالدى. پىران ھۇمانغا:

ـــ سەن لەشكىرىڭ بىلەن جەڭ مەيدانىدىن تەۋرىمىگىن. مەن ئىرانلىقلارنىڭ ئالدىغا باراي. قوشىبېگى تۇسنىڭ نېمىلىرى بار، ئۇلارنى بۇ تاغقا كىم باشلاپ كەلدى؟ بىلىپ باقاي، ـــ دېدى ـ دە، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پىران ئۇلارغا قاراپ نەرە تارتتى.

ـــ ئەي داڭدار تۇس، پىل ۋە گۇرزىلەرنىڭ ئىگىسى، شۆھرەتلىك پالۋان، سەن بىلەن بەش ئايدىن بېرى جەڭ قىلىۋاتىمىز. گۇدەرزنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ باشلىرى كېسىلىپ ياتتى. سەن ئۆچمەنلىك ئاداۋەتخورلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتىڭ. مانا ئەمدى ئۆزۈڭمۇ، لەشكەرلىرىڭمۇ قېچىپ، بۇ يەرگە كېلىپ توزىقىمىزغا چۈشۈپسەن.

ـــ ئەي پىران، ـــ دېدى تۇس جاۋاب بېرىپ، ـــ سېنىڭ بۇنداق يالغان گەپلىرىڭنى مەسخىرە بىلەن ئاڭلاۋاتىمەن. مەن نېمە ئۆچمەنلىك قىلدىم؟ مەن ئاداۋەت قىلغان بولسام، بۇ ئاداۋەتنى ئاۋۋال سەن تېرىدىڭ. سىياۋۇشنى بەربات قىلىپ، پادىشاھلار ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچتىڭ. ئەمدى مانا مۇشۇنداق يامان سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن. مەن لەشكەرنى بۇ تاغقا شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىمكى، ئۇ يەردە ئوت، سۇ كەڭرى ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە مول ئىكەن. ئەمدى پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئىراندىن ئارقىمۇ ئارقا لەشكەر كېلىدۇ. پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا رۇستەم ئىبنى زال لەشكەر يىغىۋاتىدۇ. ئەگەر كەيخۇسرەۋ ئورنىدىن تەۋرىنىدىغان بولسا، تۇران زېمىنىدىن ھېچ شەھەر ۋە ئۆلكىنى ئامان قويمايمىز. ھازىرچە سىلەر ئىرانلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى تاماشا قىلىپ تۇرۇڭلار. بۇ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋاقتى ئەمەس.

ھۇمان شۇ ئارىدا ھەر تەرەپكە لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، تاغلارنىڭ ھەممە يوللىرىنى توسۇپ تۇردى. تۇران لەشكەرلىرى توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ، تاغلارنى چىرماپ، قورشىۋالدى. تۇسنىڭ لەشكەرلىرىگە ئوت، سۇ، يەم ـ خەشەك يېتىشمىگىلى تۇردى، ناھايىتى تەڭلىك بولدى.

ھۇمان پىرانغا:

ـــ ئەمدى بىز تاغ ئۈستىگە يېقىنلىشايلى. شۇنداق بىر ئىش قىلايلىكى، ئىرانلىقلار ھەرگىز ئۈچ ئېلىشقا بەل باغلىيالمايدىغان بولسۇن، ـــ دېدى.

ـــ ھەي ئۇكام، ـــ دېدى پىران، ـــ ھازىر ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدىغان كۈندۇر. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان كۈن ئەمەس. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە ئوت، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق تۈگەۋاتسا، ئۇلار تاغدا داۋاملىق تاشنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ ـ دە، ھەممىسى بىزدىن ئامانلىق تىلەپ ئالدىمىزغا چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن جەڭ قىلالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قىلىشقان مەسلىھەتلىرى تۇس بىلەن گۇدەرزگە ئاڭلاندى. ئۇلار پىراننى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى.

— ئەمدى بىزگە جەڭ قىلىشتىن ئۆزگە چارە قالمىدى، — دېدى گۇدەرز تۇسقا، — بىزدە ئۈچ كۈنلۈكتىن زىيادە ئوزۇقلۇق يوق. بىزدە شۇ تاپتا نە چېدىر، نە بارگاھ بولسۇن. لەشكەرلىرىمىز قاچانغىچە بۇنداق ئاچارچىلىقتا ئۆتىدۇ. بۇگۈن كەچ بولغۇچە ئاتلىقلارنى ئىلغاپ، يوقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشەيلى. تۇرانلىقلارغا بىر شەبىخۇن ئۇرايلى. قېنى بەخت كىمگە يار بېرىدىكىن. ئەگەر ئۆلسەك ھەممىمىز بىراقلا ئۆلەيلى. ياكى بولمىسا تاجىلىقلارنىڭ تاجىنى ئالايلى. جەڭ دېگەننىڭ يوسۇنى شۇنداقتۇركى، بىرى تۇپراققا يىقىلىدۇ. يەنە بىرى قۇياش ۋە ئايدەك يۈكسەك بولىدۇ.

گىۋ گۇدەرزدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تۇرانلىقلاردىن ئۈچ ئېلىش قارارىغا كەلدى. لەشكەرنىڭ بىر تەرىپىنى بىجەنگە تاپشۇردى. يەنە بىر تەرىپىنى شىدۇش بىلەن خەرراداقا تاپشۇردى. كاۋە تۇغىنى گۇستەھەمگە بەردى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. تۇس، گۇدەرز، گىۋ، رۇھام ۋە باشقا بىرقانچە پالۋان چۇلۇۋۇرلىرىنى ئاتنىڭ يايلىغا قويۇپ، ئېغىر گۇرزىلىرىنى قوللىرىغا ئالدى. ئۇلار تۇران لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، پىراننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ــ دە، چاقماقتەك ئۆزلىرىنى جەڭگە ئۇردى. ئۇ يەردە شۇنداق جەڭ قىلدىكى، قان دەرىيادەك ئاقتى. تۇران لەشكەرلىرىدىن قىقاس ــ چوقانلار كۆتۈرۈلدى. ئىران پالۋانلىرى پىراننىڭ بايرىقىنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى.

ھۇمان ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ غەلۋە ــ غوۋغاسىنى ئاڭلاپ، دەرھال بىر ئەرەب ئېتىغا مىندى ــ دە، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا، ئۆلۈكلەردىن دۆۋە ھاسىل بولۇپ، بىرمۇنچە كىشىلەر بىھوش ئادەمدەك ھەرتەرەپكە قېچىپ يۈرۈپتۇ. ھۇمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قان ــ ياش يىغلىدى ۋە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— كېچىسى جىسەكچىلەر چىقماپتىمۇ؟! نېمىدېگەن بىخۇدلۇق بۇ؟! ئۇلارنىڭ بىر كىشىسىنىڭ باراۋىرىدە بىزنىڭ ئۈچ يۈز كىشىمىز بار! لەشكەرلىرىمىزنىڭ تولۇلۇقىدىن ئۆتەر يول يوق! دەرھال گۇرزىلىرىڭلارنى تارتىڭلار! سۇپەرلىرىڭلارنى بېشىڭلارغا تۇتۇڭلار. ھەممە تەرەپتىن ئۇلارنىڭ يولىنى توساڭلار!!

كانايلار تارتىلدى. تۇران لەشكەرلىرى ئىران پالۋانلىرىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئېغىر گۇرزىلەرنىڭ تاراق ــ تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. ھۇمان ئۆز لەشكەرلىرىگە:

— ئىرانلىقلارنىڭ ئۇلۇغلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەممىسىنى تىرىك تۇتۇپ، ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

تۇران لەشكەرلىرى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئەي ئىرانلىقلار، ئەمدى ئامالىڭلار قالمىدى، ئۆز قوللىرىڭلارنى باغلىتىڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، گۇرزىمىز بىلەن باشلىرىڭلارنى قانغا بويايمىز!!

— ئەي پالۋانلار، — دېدى تۇس گىۋ بىلەن رۇھامغا، — بىزنىڭ جېنىمىز كېتىپ قالىدىغان بولدى. بەلكىم ئاسمان ۋە يەرنى ياراتقان خۇدا ئۆزى خالاسلىق بەرسە، ئامان قالارمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مۇشۇ تاپتا ھەممىمىز بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىدا، دەريانىڭ دولقۇنىدا تۇرۇۋاتىمىز.

ھەر ئۇچەيلەن بىراقلا ھەمىلە قىلدى ، گويياكى شىرى غەررانىدەك ئۇرۇنلىرىدىن تەۋرەندى . لەشكەرلەر ئارىسىدا ناغرا - كانايلارنىڭ ئاۋازى ئەۋجىگە چىقتى . ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئاتلارنىڭ يايلى ياكى چۇلۇۋۇرلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . ھۇمان نەرە تارتىپ ئېيتتىكى :

— ئەي ئىرانلىقلار ، ئوبدان جەڭ قىلىڭلار ! ھازىر قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس . سىلەرنى ئۆز بەختىڭلار ئورنۇڭلاردىن قوپۇرۇپ ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى !!

ئۈچ پالۋان شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى ، پۈتكۈل تۇرانلىقلار ھەيران قېلىشتى . ئۇلار جەڭ قىلىۋېتىپ ، رۇستەمنى كۆپ سېغىندى . شىدۇش ، بىجەن ۋە گۇستەھەملەرنىڭ گېپىنى قىلىشتى .

— ھەي ئىست ، — دېدى تۇس ، — بۇلار كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ تەخت ۋە مەملىكىتىنى تارتىۋالىدىغان بولدى . ھازىر رۇستەم بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ، زابۇلستاندا تۇرۇۋاتسا كېرەك . ئىران شەھەرلىرى خاراب بولىدىغان بولدى .

گۇرزە ۋە قىلىچ ئاۋازلىرى بىجەنگە ئاڭلاندى . گىۋ بىلەن تۇس كېچىكىپ كەتتى . شىدۇش گۇستەھەمگە :

— ئەي پالۋان ، قوشىبېگى بەك كېچىكىپ كەتتى . باياۋان تەرەپتىن ناغرا - كاناي ۋە گۇرزە - قىلىچ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ھەممە پالۋانلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . قارىسا قان تاشقىن بولۇپ ئېقىۋېتىپتۇ . تۇس ئۆز پالۋانلىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى بىلدى . ئۇلار تۇران لەشكەرلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇردى . تاكى تاڭ ئاتقۇچە جەڭ قىلغاندىن كېيىن ، تاغقا قايتتى . تۇس پالۋانلىرىغا ئېيتتىكى :

— ئەي پالۋانلار ، مەن پادىشاھىمىز كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدىم . خەت كەيخۇسرەۋنىڭ قولىغا تەگكەن ھامان ، ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىدۇ . پىل تەنلىك رۇستەمنى پالۋانلىرى بىلەن بىزگە ياردەمگە ئەۋەتىدۇ . ئۇ چاغدا بىز غالىبلىق بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتىمىز . پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا قايتالايمىز . ئۇ چاغدا بىز ھەممە ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپ ، كەيخۇسرەۋنىڭ رازىلىقىنى ئالىمىز - دە ، بۇ يەرگە ھەممىمىز قايتىدىن كېلىمىز !

لەشكەرلەر ئۆز بارگاھلىرىدىن ئورۇن ئالدى . ھەر ئىككىلا تەرەپ جەسەتكچىلەرنى كۆزەت قىلىشقا چىقاردى .

ھۇمان جەڭ قىلغان ئورۇنغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە جەسەتلەر دۆۋە - دۆۋە بولۇپ ياتاتتى . ئۆتىدىغان يولمۇ قالمىغانىدى .

— بۇگۈنكى جېڭىمىز ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولمىدى ، — دېدى ئۇ پىرانغا ، — ھازىرچە ئارام ئالايلى ، پالۋانلىرىمىزنىڭ ھاردۇقى چىققاندا شۇنداق بىر جەڭ قىلايلىكى ، ھەتتا قۇياش ۋە ئايمۇ بۇنداق جەڭنى كۆرمىگەن بولسۇن .

# ئوتتۇزىنچى داستان

**پادىشاھ كەيخۇسرەۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، رۇستەمنى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكى، فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇسنىڭ فەرەڭگىسنى تەلەپ قىلغانلىقى، فەرىبىز بىلەن رۇستەمنىڭ تۇسقا ياردەم بەرگىلى بارغانلىقى، كاموس كۇشانىنىڭ تۇس ۋە گىۋ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى**

مەۋلانە فىردەۋسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا: «پىران غالىب كەلدى. تۇس ھەماۋەند تېغىغا قاچتى. گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنىڭ ئەۋلاد - ئۇرۇقلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، تەنلىرى قانغا بويالدى. تۇسنىڭ ئېگىز يۇلتۇزى پەس بولدى» دەپ خەۋەر يەتتى. كەيخۇسرەۋ پادىشاھ رۇستەمنى ۋە ھەممە ئۇلۇمالارنى ئوردىغا چاقىرتتى. ھەممە ئوردىغا يىغىلغاندىن كېيىن كەيخۇسرەۋ رۇستەمگە قاراپ:

— ئەي جاھان پالۋىنى، مەن بۇ قەدىمىي دۆلىتىمىزنىڭ خاراب بولۇشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن. بۇ تاج - تەختنى قوغداپ قالغۇچى سەندۇرسەن. ھەممىمىزنىڭ بەختى - تەلىيى ساڭا قاراشلىق. بۇ پەلەكنىڭ باغرى شەمشىرىڭنىڭ ئۇچىدا تۇرىدۇ. بۇ زېمىن سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇر، شۇنداقلا سېنىڭ چاكىرىڭدۇر. بۇ خەلق ئانىغا مېھرىبان بولغاندەك ساڭا مېھرىباندۇر. سېنىڭ تىغىڭدىن قۇياشمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. سېنىڭ گۇرزەڭدىن يۇلتۇزلارمۇ قورقۇپ يىغلىشىدۇ. ئوقۇڭدىن شىرلارمۇ قورقۇپ جانلىرىدىن تويۇشىدۇ. سەن ئىرانلىقلارنىڭ دۇبۇلغىسىنى بېشىڭغا كىيسەڭ دۈشمەنلەر ئىرانغا قارىيالمايدۇ. ئەلھال تۇس، گۇدەرز ۋە گىۋ پالۋانلارنىڭ ھەممىسى باغرى قان، كۆزلىرى ياش ھالدا ئەفراسىيابنىڭ پالۋانلىرىدىن يېڭىلىپ قاچتى، گۇدەرزنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جېنىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى شىكەستە يەپ، باغىرلىرى خەستە بولۇپ، ھەماۋەند تېغىدا قورشاۋدا قالدى. ئۇلار تەڭرىدىن ياردەم سوراپ ئاسمانغا قاراپ يىغلىماقتا. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مېنىڭ پەرمانىم بويىچە سەن ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرغىلى بارساڭ. ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك پەرىشان بولدى. ئۆچ كۈنگىچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە دېمىدىم. جاھاننى ياراتقۇچى تەڭرىگە نالە قىلىپ: «ھەممىنىڭ ھالىغا يەتكۈچى ئۇلۇغ تەڭرىدۇر» دېدىم. ھازىر ئىش ھەددىدىن ئاشتى. كۆڭلۈم بىقارار بولدى. لەشكەرلەرنىڭ ۋە مېنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويما، ئاتاڭ زالنىڭ بەدىنىمۇ دۈشمەن قولىدىن ئامان بولسۇن. ئەي جاھان پالۋىنى، مەندىن نېمە لازىم بولسا، شۇنى سورىغىن. ئات، قورال - ياراق، دۇبۇلغا، ساۋۇت ئالغىن. كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتۇپ بۇ ئىشقا ئاتلانغايسەن، — دېدى:

— ئەي شاھىم، — دېدى رۇستەم، — دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن. تاج - تەخت ئۆزلىرىسىز بولمىسۇن. بۇ ئالەمدە ئۆزلىرى دۆلەتمەن، ئادىل ۋە دانىشمەن پادىشاھ تۇرۇرلا. ئۆزلىرىدەك پادىشاھنى بۇ پەلەك كۆرگىنى يوق. مەن بىلىمەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن باغلىغانمەن. مەن ئېلگىرى چۆل - جەزىرىلەردە ۋە زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىلەردە شىر، ئەجدىھالار بىلەن جەڭ قىلغانمەن. تۇرانلىق ۋە مازاندەرانلىقلار بىلەن قاراڭغۇ كېچىدە

جەڭ قىلغانمەن. ئۇ باياۋاندا تولا جاپا چېكىپ، ئۇزۇن يولنىڭ رەنجىنى تارتقانمەن. بىر كۈنمۇ خۇشاللىقنى ئىزدىگەن ئەمەسمەن. ئۆزلىرى بۇ جاھاننىڭ پادىشاھى. مەن ئۆزلىرىنىڭ پەرمانلىرىدا دۇرمەن. قانداق پەرمانلىرى بولسا شۇنى قىلىمەن. ئۆلگەنلەر ئۈچۈن كۆڭۈللىرىنى دەردسىز تۇتسىلا، مەن نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ئۇلاردىن يارانلارنىڭ ئۆچىنى ئالاي. گۇدەرزنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن باغرىم كاۋاپ بولدى. بېلىمنى ئۇلارنىڭ ماتىمىگە باغلىدىم.

كەيخۇسرەۋ رۇستەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئېرىق بولدى. ئۇ:

— ئەي پالۋان، سېنىڭسىز مەنمۇ ياشىيالمايمەن. تاجلىقلارنىڭ بېشى سېنىڭ دەرگاھىڭدا بولسۇن. جاھاندىكى خەزىنىلەر شەمشىرىڭنىڭ ئۈستىدا بولسۇن. جاھاندىكى سەردارلار سېنىڭ پەرمانىڭدا بولسۇن، — دېدى.

بەس، كەيخۇسرەۋ ئالتۇن - كۈمۈش، تاج - گۆھەر، كەمەند ۋە سۇپەرلەرنىڭ ھەممىسىنى رۇستەمگە تاپشۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي جاھان پالۋىنى شامالدەك تېز ماڭغىن، بىر سائەتمۇ كېچىكىشكە بولمايدۇ، — دېدى.

پالۋان رۇستەم ئوتتۇز مىڭ پالۋاننى تاللاپ فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇسقا تاپشۇرغاندىن كېيىن يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن سەپەرگە ئاتلاندىم. ھەممە سەردارلارنى باشلاپ، تېز يۈرىمەن، — دېدى.

لەشكەرلەرگە دەرھەم دىنارلارنى بېرىپ جەڭگە ئاتلاندى. بۇ چاغدا فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس رۇستەمگە:

— ئەي پادىشاھلارغا تاج باغلىغۇچى، مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. ھېچكىمگە ئېيتمىدىم. بۈگۈن ساڭا ئېيتاي. سەن ھەممىمىزنىڭ باشپاناھى. سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مەن جاھان پالۋىنى سىياۋۇشنىڭ بۇرادىرى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان. بىز بىر نەسىلدىنمىز. بۇرادىرىم سىياۋۇشتىن بىر مەزلۇم قالدى. ئۇ مەزلۇمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆردۈم. ئەي پالۋان، بۇ سۆزۈمنى پادىشاھقا ئېيتىپ مەقسىتىمنى ھاسىل قىلغايسەن، — دېدى.

— پەرمان سېنىڭ تۇرۇر، — دېدى رۇستەم، — ئارزۇيۇڭغا چوقۇم يەتكۈزىمەن.

رۇستەم پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە بىر ھاجىتىم باردۇر. ئەگەر بۇ ھاجىتىمدىن چىقسىلا، بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى. ئۆزلىرىدىن رۇخسەت بولسا ھاجىتىمنى ئېيتسام. شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ ئادالەت پاراستىدىن ھەممە خەلق ئۆز نېسىۋىسىنى ئالدى. لېكىن فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇستەك شاھزادە جاھاندا كەمدۇر. باتۇرلۇقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. ئۇنىڭ بىر ئارزۇسى بولۇپ، ئۆزلىرىدىن تىلەيدىكەن. ئۇ ئارزۇسىغا يەتسۇن، ئۇ سىياۋۇشنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا بېلىنى باغلاپ تۇرانغا بارغاي. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەفراسىيابنىڭ قىزى فەرەنگىستىن

باشقا نەرسە ئەمەس. كۆن بىلەن ئاي مەۋجۇتلا بولىدىكەن، فەرپىز بۇ ئارزۇسىدىن ئۈمىد كۈتىدىكەن. شۇڭا بۇنى ساڭا بايان قىلدىم. — دېدى.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ رۇستەمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي پالۋان، كىمكى گېپىڭنى ئاڭلىمسا، شۇ كىشى ئۆلۈمگە بۇيرۇلسۇن. سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. مەندە باشقىچە خىيال يوق. مەن بۇ ئىشنى ئانامغا ئېيتاي. ئانام بۇ ئىشقا قوشۇلسا، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپ، رۇستەمنى باشلاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

مېھرىبان ئانا، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — سىز ئاتام سىياۋۇشنىڭ يادىكارىسىز. ھەرقانداق ياخشى - يامان ئىشتا سىز ماڭا باشپاناھ بولۇپ كېلىۋاتىسىز، سىز بولسىڭىز پادىشاھ، مەن سىزنىڭ ۋەزىرىڭىز. سىز مېنىڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىسىز. نۇرغۇنلىغان ئىرانلىق بەگلەر تۇرانلىقلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىراندا ماتەم تۇتمىغان بىر كىشى يوق. مەن رۇستەم پالۋاننى باش قىلىپ، تۇرانلىقلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يولغا سالماقچى. فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس بۇ قېتىم سەركەردە بولۇپ بارماقچى. رۇستەم سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشىڭىزنى مەسلىھەت بەردى. سىزنىڭ پىكرىڭىز نېمىكىن؟

فەرەڭگىس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، كۆزىگە ياش ئالدى، ئاندىن:

— رۇستەمدەك پالۋاننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشكە بولماس. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ماڭا بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى رۇستەم دېگەن تۇرسا، ئۇنىماسلىققا نېمە ھەددىم.

— ئەي مەزلۇملارنىڭ ئۇلۇغى، — دېدى رۇستەم فەرەڭگىسنى نۇرغۇن تەرىپلەپ، — سىز مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالغايسىز. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئاياللارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت نىكاھسىز ئۆتۈشى قىيىن. بولۇپمۇ ياش ئاياللارنىڭ سەۋر قىلىشى تېخىمۇ تەس بولىدۇ. ئىران ئۆلكىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسى فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇسنىڭ پەرمانىدا. مەن پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانى بىلەن سىزنى فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس بىلەن توي قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىمەن. بۇنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ سىزگە فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس لايىقتۇر، مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلغايسىز.

فەرەڭگىس بۇنى ئاڭلاپ بىر پەس خامۇش ئولتۇردى. ئۇغلىدىن خىجىل بولۇپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن:

— ئەي جاھان پالۋىنى، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەرۋىرى سەندۇرسەن. فەرپىز بولسا شاھزادە. لېكىن سىياۋۇشنىڭ ئورنىغا لايىق ئەمەس. ۋادەرىخا، سىياۋۇشتەك ئاقىل شاھزادىنى خورلۇق ۋە زارلىق بىلەن ئۆلتۈردى. مەن بۇ ئىشقا نېمە دەيمەن؟ فەرپىز ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتقان سەن تۇرساڭ. مېنىڭ ئۇنىماسقا نېمە ھەددىم. سېنىڭ سۆزۈڭدىن مېنىڭ تىلىم باغلاندى. ئەمدى شاھ كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانى نېمە بولسا، ئىش شۇنداق بولسۇن، — دېدى.

رۇستەم بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، تويغا تەييارلىق قىلدى. يۇرت جەلقىنى چىللاپ

ناھايىتى ھەشەمەتلىك توي قىلىپ بەردى. شۇ جايىنىڭ قائىدىسى بويىچە پەرەڭگىسنى فەرىبزگە ئېلىپ بەردى. فەرىبز بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئاي يۈزلۈك پەرەڭگىس بىلەن بىر يەردە ئولتۇردى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ فەرىبزگە شاھانە لىباس، تاجۇ تەخت ئىنئام قىلىپ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلدى. ئۇلار توي ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلاندى. رۇستەم فەرىبزگە قاراپ:

— كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرگىن. تۇسنىڭ ئالدىغا بارمىغۇچە سەپىرىڭنى توختاتما. تۇسقا دېگەيسەن، زىنھار خاپا بولمىسۇن. ئارقاڭدىن شامالدەك يېتىپ بارىمەن. ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىلسۇن، — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ناغرىلار ئۇرۇلۇپ، لەشكەرلەر ئورنىدىن قوزغالدى. سەركەردىلەر تۇستىن ئەنسىرەپ، ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈردى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى تۇستىن ئىشتكەيسىز: بىر كۈنى كېچىسى تۇس ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە سۇ ئىچىدە ناھايىتى يورۇق چىراغ پەيدا بولدى. ئۇ يەردە تەختتە ئولتۇرغان سىياۋۇشنى كۆردى. سىياۋۇش بېشىغا تاج - كۇلاھ كىيىپ، كۈلۈپ ئولتۇرغۇدەك. سىياۋۇش تۇسقا قاراپ: «ئەي سەركەردە تۇس، بۇ قېتىمقى جەڭدە سەن غالىب كېلىسەن. گۇدەرزىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن غەم يېمىگىن، بۇ يەر گۈلىستان بولغۇسى. گۈل تۇۋىدە مەي ئىچەيلى. بىلمەيمەنكى، بۇ مەينى قاچانغىچە ئىچىمىز.» دەۋاتقۇدەك. تۇس خۇشال بولۇپ ئويغاندى. كۆڭلىدىكى غەم - ئەندىشىلىرى كۆتۈرۈلدى. تۇس گۇدەرزگە:

— ئەي پالۋان، ياخشى چۈش كۆردۈم. جاھان پالۋىنى رۇستەم بۇ يەرگە كېلىدۇ، — دېدى.

تۇسنىڭ پەرمانى بىلەن كانايلار چېلىنىپ تاغ ئۈستىدىكى لەشكەرلەر ئورنىدىن تۇردى. ئىران پالۋانلىرى بەللىرىنى چىڭ باغلاپ جەڭگە تەييار بولدى. قارشى تەرەپتىكى پىران لەشكەرلىرىمۇ جەڭگە تەييارلاندى. لەشكەرلەرنىڭ تۇغلىرىدىن ئاپتاپ يۈزى قىزاردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى. قارشى تەرەپنىڭ پالۋانلىرىدىن بىرەرسىمۇ جەڭگە چىقمىدى. ھۇمان پىرانغا قاراپ:

— ئەي بۇرادەر، ھازىر جەڭ ۋاقتى. نېمە ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانمايمىز. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز نۇرغۇن تۇرسا، — دېدى.

— ئەي ھۇمان، — دېدى پىران، — ھازىر جەڭ قىلىشقا ئالدىرايدىغان ۋاقىت ئەمەس. سەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلما. تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ ئۈچ پالۋىنى ئازغىنا سەركەردىلىرى بىلەن خۇددى شىردەك ھۇجۇم قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويدەك قېچىپ يۈردۇق. يەر قانغا بويالدى. پالۋانلىرىمىزنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قۇرۇق تاغ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئاتلىرى تىكەن يەۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويغىن. تاش ئۈستىدە كاۋاپ يېسۇن. ئېغىزلارنى مەھكەم تۇسۇڭلار. شۇنداق قىلغاندا ھېچقانداق جاپا تارتمايلا دۈشمەنلەرنى قولغا چۈشۈرىدىغان تۇرساق، يەنە نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز؟ كېچىلىرى تېنىتىپ تۇرسۇن. بىز بۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرايلى. ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى

تۇگگەندە بىزدىن ئامانلىق تىلەيدۇ . ئۇنداق قىلمىسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ ، ـــ دەپ ، ئۆز چېدىرىغا قايتىپ كەلدى .

تۇس لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ تائام يېگەندىن كېيىن ئارام ئېلىشتى . سەركەردىلەر تۇس بىلەن گۇدەرزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

ـــ ئەي پالۋانلار ، ئىرانلىقلارنىڭ بەختى يېنىپتۇ . ئەتراپىمىزنى دۈشمەن لەشكەرلىرى قورشىۋالدى . بىزنىڭ يەيدىغان ئوزۇقىمىز تۈگىدى . گۇرزە ، شەمشىرىمىزدىن باشقا نەرسە قالمىدى . ئەتە سەھەردە لەشكەر تارتىپ ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلايلى . دۈشمەنلەرنى تاغ-دىن يىراق قىلايلى . ئەگەر تەڭرى بىزگە يار بولسا ، جەڭدە ئۇتۇپ چىقارمىز . ئەگەر بىزگە ئۆلۈم يەتكەن بولسا ، ئاتلىرىمىز بىلەن ئۆلگىنىمىز ياخشىدۇر . بۇ قورقۇپ يۈرگىنىمىزدىن مىڭ ياخشى ، ـــ دېيىشتى .

ئىككىنچى كۈنى قۇياش قاراڭغۇ زۇلمەتتىن باش كۆتۈردى . ئەفراسىيابتىن پىرانغا : «ھەر تەرەپتىن ساڭا ياردەمگە نۇرغۇن لەشكەر كېلىۋاتىدۇ . ختاي پادشاھى خاقانى چىننىڭ لەشكەرلىرى ھېسابسىزدۇر . ماۋرا ئۇننەھرىدىن كاموس كۈشانى دېگەن بىر پالۋان كېلىۋاتىدۇ . بۇ پالۋاندا يۈز شىرنىڭ كۈچى بولۇپ ، پىللارمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ . گۇ-دەرز ۋە تۇستىن ئۆچىمىزنى ئالىدۇ . سەنجاپ شەھرىدىن تاكى رۇم شەھرىگىچە بولغان ئارىلىقتا قانچە لەشكەر بولسا ، شۇنچە لەشكەر ياردەمگە بارىدۇ . خاقانى چىندىن كەلگەن لەشكەرگە ۋە كاموس پالۋاننىڭ گۇرزىسىگە ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ . ئالماس تىغلىق گۇرزىسى بىلەن پالۋانلارنىڭ بېشىنى يەرگە چۈشۈرىدۇ . بۇ پالۋاننىڭ شەمشەر ئۇرۇشمۇ شۇ دەرىجىدىكى ، ئۇنىڭ ئۇرغان شەمشىرىدىن بىر كىشى ئامان قالغان ئەمەس . ئاچچىقى كەلسە ، بوران چىقىرىپ قار ياغدۇرىدۇ . خوشلۇقى تۇتسا ، باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلىدۇ . » دېگەن خەۋەر كەلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پىران لەشكەرلىرىگە :

ـــ ئەي پالۋانلار ، ئەفراسىيابنىڭ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىنىگە خوش بولۇڭلار . ئەمدى ئىران شەھرىدە بىرمۇ شەھەرنى ئاۋات قويمايمىز . تارتقان جاپالىرىمىز بىكار كەتمەيدىغان بولدى ، ـــ دېدى .

شۇ تاپتا يەنە : «ئەي پالۋان ، كۆڭلىڭىز خوش بولسۇن . ئەندىشە قىلماڭ . كەشمىر شەھرىدىن تاكى نىمروز شەھرىگىچە لەشكەرلەر ئەلەملىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشماقتا . سەقلاب شەھرىدىن كەندەر شەھرىگىچە لەشكەرلەر تولۇپ كېتىپتۇ . سەبۇكسار شەھرى بىلەن ئەرىچە شەھرىدىن لەشكەرلەر كېلىۋاتىدۇ . ھىندىستان شەھرىدىن پالۋان شەڭگۇل لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئاسماننى تۇغ - ئەلەملەر قاپلاپ كېتىپتۇ . ئەي پالۋان ، بۇنىڭدىن خۇشال بولايلى » دېگەن خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پىراننىڭ ئۆلۈك كۆڭلى تىرىلدى . ھۇمانغا قاراپ :

ـــ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقايلى . بۇ پالۋانلار بىزگە ياردەم قىلىمىز دەپ ئۇزۇن يول باستى . ئۇلارنىڭ شان - شۆھرىتىمۇ ئەفراسىيابتىن كەم ئەمەس . ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلى-شىمۇ چوڭ ئىش . مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، سەركەردە پالۋانلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەي . خاقانى چىن لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، پالۋان كاموس بىلەن شەڭگۇلنى كۆ-

رەي . ئۇلارنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن ئىرانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز . ئىرانلىقلارنىڭ پالۋانلىرىنى تۇتۇپ ، پۇت ـ قولىغا زەنجىر سېلىپ ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز . لەشكەرلىرى قانچىسى قولۇمغا چۈشسە ، بېشىنى شەمشەر بىلەن كېسىپ ، ئۆلۈكىنى ئوتتا كۆيدۈرىمەن . ئىران پادىشاھىنىڭ كۆزىگە بۇ ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈنسۇن . لەشكەرلىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى بەلخقە ، يەنە بىر قىسمىنى كابۇل شەھىرىگە ئەۋەتىپ زابۇلىستاننىڭ تۇپرىقىنى كا-بۇلغا توشىتىمەن . يەنە بىر قىسىم پالۋانلار بىلەن ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن ، ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تىرىك قويمايمەن . ئىراننىڭ شەھەرلىرىنى خاراب قىلىمەن ، — دەپ لاپ ئۇرغاندىن كېيىن ، ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى . ھومان ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىگە :

— ئەي پالۋانلار ، بىر ئىككى كۈن جاپا تارتساقمۇ ، ھەماۋەند تېغىدىن كۆزىمىزنى ئۈزمەيلى . ئۇلار قېچىپ كەتمىسۇن . تاغنىڭ ئەتراپىنى لەشكەرلىرىمىزنىڭ تۇغ ئەلەملىرى قاپلىدى . جاھاننىڭ ئىچى چېدىر بىلەن تولدى ، — دېدى .

پىران قىزىل ، سېرىق ۋە كۆك تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . كۆڭلىدە : « بۇ يەر جەننەتمۇ ياكى جەڭ مەيدانىمۇ ؟ » دەپ ئويلىدى . خاقانى چىننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ ، يەرنى سۆيدى . خاقان پىراننى كۆرۈپ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى . خاقان پىراننى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن :

— ئەي پالۋان ، خوش كەلدىڭ ، — دېدى ئاندىن كېيىن ئىرانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ، — ئۇلارنىڭ سەردارى كىم ؟ ئۇلار تاغدىن نېمە ئۈچۈن چۈشمەيدۇ ؟ — دېدى .

— ئەي پادىشاھ ، — دېدى پىران جاۋاب بېرىپ ، — ئۇلۇغ تەڭرىمنىڭ رەھمىتى ساڭا بولغاي ، ئەھۋالىمنى سوراپ ، كۆڭلۈمنى خوش قىلدىڭ . سېنىڭ دۆلىتىڭدە خاتىرجەم ياشايمەن . جېنىم ئىختىيارىڭدا بولسۇن . ئىرانلىقلار بىز بىلەن كۆپ جەڭ قىلدى . ئاخىر بىزگە تەڭ كېلەلمەي ھەماۋەند تېغىغا قاچتى . ئۇلارنىڭ سەركەردىسى تۇس ئىبنى نەۋدەر . ئۇ جەڭ قىلغاندا خۇددى شىرغا ئوخشايدۇ . ئۇلارنىڭ يەنە بىر پالۋىنى بولۇپ ، ئىسمى گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ . ئۇلار تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ، بىزگە تاش ياغدۇرىدۇ .

— ئەي سەركەردە ، بۈگۈن مەي ئىچىپ ، كۆڭلىمىزنى ئاچايلى . يېنىمدا ئول-تۇرۇڭ ، — دېدى خاقان . ئۇلار مەجلىسنى خۇددى باھار ۋاقتىدىكى باغدەك تۈزۈپ مەي ئىچىشىپ ، كۆڭۈل ئېچىشتى .

ئىككىنچى كۈنى تۇس بىلەن گۇدەرزنىڭ كۆڭلىگە غەم چۈشتى . ئۇلار :

— بۈگۈن تۇرانلىقلار خامۇش تۇرىدۇ . بۇ بىزگە يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ . ئەگەر ئۇلار بۈگۈن جەڭ قىلغىلى كەلسە ، بىز زىيان تارتىمىز . لەشكەرلىرىمىزنىڭ باشلىرى ئاتلارنىڭ ئاستىدا قالىدۇ . ئەگەر رۇستەم كەلسە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلىمىز . ئۇنداق بولمايدىكەن تۈگىشىمىز ، — دېيىشتى .

تۇس گۇدەرزگە :

— ئەي پالۋان ، يامان ئەندىشىدە بولمىغىن . جاھاننى ياراتقۇچى تەڭرىم بىزگە

ھەممىشە يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ. بىز ھەممىمىز پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى. بىز كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ ياخشىلىقى بىلەن بۇ ئەندىشىنى تۈگەتسەك. ئەگەر بىزگە ياردەم بەرگەي. جاھان پالۋىنى رۇستەم كەلسە، يامان كۈنلىرىمىز ئاخىرلىشىدۇ. كېچە قانچە قاراڭغۇ بولغان بىلەن ھامان كۈن چىقىپ جاھان يورۇيدۇ. لەشكەرلەر خەندەك قازسۇن. بىز دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلايلى. يا ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرسۇن. يا ئۇلارنى بىز ئۆلتۈرەيلى. شۇنداق قىلغاندا دۈشمەننىڭ سىرىنى بىلىۋالىمىز. ئىراندىنمۇ خەۋەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا بىزنىڭ دەرىخىمىز باشقىدىن كۆكىرىدۇ، — دېدى.

گۇدەرز تاغ تۆپىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. بۇ چاغدا قاراۋۇللار ئىچىدە غەۋغا كۆتۈلدى. گۇدەرز نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. قاراۋۇل:

— ئىرانلىق پالۋانلار ھالاك بولدى. باختەر تەرەپتىن سېرىق ئەلەملەر پەيدا بولدى. بۇ ئەلەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاپتاپ يۈزى كۆكەردى. پىل ۋە تۇغ ـ ئەلەملەر پەيدا بولدى، — دېدى.

گۇدەرز كۆڭلىدە: «ھەي ئىست ـ ئەمدى تۇپراق ئاستىدا قالىدىغان بولدۇق. بىزگە جەڭ قىلىش نېسىۋە بولدى. بۇ ئالەم ھەممىشە بىزگە بەخت ئېلىپ كەلمىدى. مېنىڭ ئوغۇل، نەۋرىلىرىم بار ئىدى. ئۇلار ناھايىتى نامدار پالۋانلار ئىدى. سىياۋۇشنىڭ قىساسىنى ئېلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ بەختىم ياندى. ھاياتلىقتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. ماڭا قاراڭغۇلۇق يار بولدى. ئانام مېنى تۇغمىغان بولسا، بۇ كۈنلەرگىمۇ قالماس ئىدىم» دېگەنلەرنى ئويلاپ قاراۋۇلغا:

— تۇران، ئىران تەرەپلەرگە قارىغىن، ئىراننىڭ سەركەردىلىرى كۆرۈنەمدۇ؟ — دېدى.

— ئەي سەركەردە، بۇ ئىككى تەرەپتىن خەلقنىڭ غەۋغاسى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئىران سەركەردىلىرىنىڭ ئەلەملىرى كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى.

گۇدەرز ئوغۇللىرىنىڭ پىراقىدا كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزدى ۋە:

— ئېتىمنى ئېگەرلەڭلار، ئاندىن مېنىڭ ئۆلۈملۈكۈمنى تەييارلاپ قويۇڭلار. مەن ئوغلۇم گىۋنىڭ، شىدۇشنىڭ، بىجەن ۋە رۇھامنىڭ يۈزلىرىنى كۆرۈپ ئۆلسەم مەيلى، — دېدى.

گۇدەرزنىڭ ئېتى ئېگەرلەندى. شۇ چاغدا قاراۋۇللار يەنە غوۋغا كۆتۈردى. بىر قاراۋۇل گۇدەرزگە:

— ئەي پالۋان، خۇشال بولۇڭ. كۆڭلىڭىزدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرنى كۆتۈرۈۋېتىڭ. ئىران تەرەپتىن قارا تۇغلار بىر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. تۇغ ـ ئەلەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈننىڭ نۇرىمۇ كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. تۇغ ـ ئەلەملەر ئىچىدە بۆرە سۈرەتلىك ئەلەمنىڭ كەينىدىن ئەجدىھا سۈرەتلىك بىر ئەلەم كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دېدى.

گۇدەرز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گۈلدەك ئېچىلدى. قاراۋۇلغا قاراپ:

— بۇ سۆزۈڭدىن يامان كۆزلەر يىراق بولسۇن. ئەگەر ئېيتقان سۆزۈڭ راست بولسا، ساڭا نۇرغۇن سۆيۈنچە بېرىمەن. سېنىڭ ھېچنېمىگە ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ. ئىرانغا بارغاندىن

كېيىن ، سېنى پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپ مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلىمەن . سەن دەرھال سەركەردە تۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، كۆرگەنلىرىڭنى ئۇنىڭغا دېگىن ، — دېدى .

— ئەي پالۋان ، — دېدى قاراۋۇل ، — ھازىر ئىران لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا بارىدىغان ۋاقىت ئەمەس . كەچ كىرىپ ، قاراۋۇلدىن بىكار بولسام سۇمرۇغدەك ئۇچۇپ بېرىپ ، ئىران لەشكەرلىرىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزەي ، — دېدى .

— ئەي يىگىت ، — دېدى گۇدەرز ، — يەنە بىر قاراپ باققىن ، ئۇلار بۇ يەرگە قاچان يېتىپ كېلەلەيدىكىن .

قاراۋۇل يىگىت ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ :

— ئەتە سەھەردە بۇ تاغقا يېتىپ كېلىدىكەن ، — دېدى .

گۇدەرز خۇددى ئۆلگەن ئادەم تىرىلگەندەك خوش بولدى . ئۇ تەرەپتە پىرانىنىڭ لەشكەرلىرى خۇددى شامالدەك چېپىپ كېلىۋاتاتتى . پىراندىن بۇرۇن ھۇمانغا چىن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە خەۋەر يەتتى . ھۇمان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوش بولدى . ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئاھۇ پىغانلىرى پەلەككە يەتتى ، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتتە چىرايلىرى سارغىيىپ ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى . ئۇلار تاغنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ، ئۆز ھاللىرىغا يىغلاشاتتى . ئۇلار : « شۇنچە شاھزادىلەر ئىران شەھرىدە بىزنى يات كۆرمىدى . ئەمدى كۆزىمىز شىرنىڭ ئېغىزى بولغۇسى » دەپ غەۋغا كۆتۈرۈشتى . تۇس بىجەنگە قاراپ :

— تاغ بېشىغا چىقىپ قاراپ باققىن . تۇران لەشكەرلىرى قانچىلىك ؟ ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى كىم ؟ — دېدى .

بىجەن ئىبنى گەشۋاد تاغ تۆپىگە چىقىپ ، قارشى تەرەپتىكى تاغنىڭ ئەتراپىغا قارىدى . كۆردىكى ، پۈتۈن ئەتراپنى تۇرانلىقلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن پىللىرى قاپلاپ كېتىپتۇ . بىجەن غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ :

— تاغنىڭ ئەتراپىنى تۇرانلىقلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن پىللىرى قاپلاپ كېتىپتۇ . ئۇلار ھەددى - ھېسابسىز كەن ، — دېدى . بۇنى ئاڭلاپ تۇسنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى . ئۇ پالۋانلارنى چاقىرىپ :

— ئەي دوستلار ، بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىدىن غەمدىن باشقىنى كۆرمىدىم . مەن نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدىم . لېكىن بۇنداق ئاقىۋەتكە قالغىنىم يوق . بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئاز . بىز جەڭ قىلىپ دۈشمەننىڭ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزۇشىمىز كېرەك . ئۆلسەكمۇ جەڭدە ئۆلەيلى ، — دېدى .

ھەممە پالۋانلار بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى . كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىردى . قاراۋۇل يىگىت تۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئەي پالۋان كەيخۇسرەۋ پادىشاھ ئەۋەتكەن ئىران لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى . تۇس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتا تىرىلگەندەك بولدى . پالۋانلارغا قاراپ :

— ئەي پالۋانلار، بىزگە ياردەم كەلدى. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن رۇستەم پالۋان كېلىدۇ، — دېدى. ئاندىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن يىگىتكە نۇرغۇن سۆيۈنچە بەردى.

ئىككىنچى كۈنى كۈن چىقىپ، يەر يۈزىنى يورۇتتى. خاقانى چىن ھەممە پادىشاھلارنى ئالدىغا چاقىرىپ، پىرانغا قاراپ:

— ئەي پالۋان، بۈگۈن جەڭ قىلمايلى. ھەممە پادىشاھلار ۋە پالۋانلار ئارام ئالسۇن. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كۆپ جاپا چەكتى، — دېدى.

پىران ئېيتتىكى:

— خاقانى چىن بولسا ئۇلۇغ پادىشاھتۇر. ئاقىل ۋە دانىشمەندۇر. ئۇ پۈتكۈل لەشكەرنىڭ پادىشاھىدۇر، ئۇنىڭ ئارزۇسى قانداق بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن، — دېدى.

ئەتىسى چىن خاقانىنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىدىن ناغرا - كانايلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. پىللارنى جابدۇدى، ئاتلارنى ئېگەرلىدى. ئاتلارنى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئېگەر - يۈگەنلەر بىلەن زىننەتلەپ، ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ئاستى.

تۇغ - ئەلەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن جاھاننىڭ ئىچى خىتاي بازىرىدەك ئالىيېشىل بولۇپ كەتتى. يەر يۈزى خورازنىڭ كۆزىدەك رەڭدار تۈسكە كىردى. تۇران شاھلىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ تۇرۇشتى.

تۇس بۇ ھەددۇ ھېسابسىز لەشكەرنى كۆرۈپ، قىلچە قورقماي، بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپ، سەپ تارتىپ تۇردى. بارلىق ئىران پالۋانلىرى جەڭگە بەل باغلىدى. گىۋ كاۋە تۇغىنى ئېلىپ كەلدى. جەڭ مەيدانىدىن تاكى تاغ ئۈستىگىچە بولغان ھەممە يەردە ئىران لەشكەرلىرى گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

كامۇس كۇشانى، مەنشۇر جەڭگى، چىن خاقانى ۋە شەڭگۇل ھىندى قاتارلىقلار ھەماۋەند تېغىغا قارىدى. ھەممە يەردىن ئىرانلىقلارنىڭ غەۋغاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خاقانى چىن:

— ھەي، ئىران پالۋانلىرى نېمىدېگەن ياخشى پالۋانلار - ھە! پىران بىزگە باشقىچە سۆزلەپتۇ. بىراق شۇ تاپتا ئىرانلىقلارنىڭ جەڭ ھۈنىرىنى قانداقمۇ يوشۇرغىلى بولسۇن؟ دۈشمەننىڭ ھۈنىرىنى يوشۇرغاندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ شىكار قىلىدىغان جايىغا ئورەك كولاپ، ئېغىزىنى تىكەن بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئات چاپتۇرغان ياخشى. مەن بۇ ئىران لەشكەرلىرىدەك پالۋانلارنى كۆرگەن ئەمەسمەن، — دېدى.

— ئەي خاقان، — دېدى پىران، — بۇ ناھايىتى ئازغىنا لەشكەرغۇ؟ بۇ يەردە ئۇلار-نىڭ كارى چاغلىق.

— سەن ئۇزۇن يول بېسىپ كەلدىڭ، — دېدى خاقان پىرانغا، — ھازىر چۈشكىن. ئۈچ كۈنگىچە بۇ يەردە ئارام ئالايلى. ئاندىن لەشكەرلىرىمىزنى ئىككىگە بۆلەيلى. بىر بۆلۈك لەشكەرلىرىمىز سەھەر ۋاقتىدىن تاكى چۈشكىچە جەڭ قىلسۇن؛ چۈشتىن تاكى ئاخشامغىچە يەنە بىر بۆلەك لەشكەر جەڭ قىلسۇن. قاراڭغۇ كېچىدە يەنە دەم ئالغان لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلايلى. ئۇلارنى زادى ئارام ئالغىلى قويمىساق، ئۇلار تازا قىينىلىدۇ.

— بۇ مۇۋاپىق مەسلىھەت ئەمەس، — دېدى كامۇس كۇشانى، — بۇنچىلىك قوشۇن

بىلەن ئۇنداق جەڭ قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ، شۇڭا بىر يولىلا جەڭگە ئاتلىنايلى . شۇنىڭدا ئۇلارنى بىراقلا يوقىتالايمىز . ئاندىن لەشكەرلىرىمىزنى باشلاپ ئىرانغا ئاتلىنايلى . ئۇلارنىڭ تاجۇ تەختىنى ، پادىشاھىنى ۋە پۈتكۈل لەشكەرلىرىنى خاراب قىلايلى ، ئۇردا ، ئايۋانلىرىنى ۋەيران قىلايلى . بۇگۈن كېچە ھەممە يوللارنى بېكىتەيلى . ھېچبىر يول ئوچۇق قالمىسۇن ، ئىران لەشكەرلىرىدىن بىرىمۇ قېچىپ كېتەلمىسۇن . تاڭ ئېتىش بىلەنلا ھەممە لەشكەرلىرىمىز چاپ ـ چاپقا ئۆتسۇن . تۇران لەشكەرلىرى توپ ـ توپ بولۇپ تاغ ئۈستىنى قاپلىسۇن . شۇنداق قىلىپ ئىرانلىق دېگەنلەردىن بىرىنىمۇ ساق قويمىسۇن .

تۇرانلىقلارنىڭ ھەممىسى كاموس كۇشانىنىڭ مەسلىھىتىنى قوللىدى . ھەممەيلەن تاڭ ئاتقۇچە لەشكەرلىرىنى رەتلەپ تەييار قىلدى .

قۇياش ئالتۇن چېدىرىنى ئالەمگە يايدى . ئىران لەشكەرلىرىنىڭ قاراۋۇلى :

— ئەي پالۋانلار ، ئىران قوشۇنى تەرەپتىن لەشكەر تۇغى كۆتۈرۈلۈپ ، يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

گۇدەرز بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى . ئالمان ـ تالمان يۈگۈرگەن پېتى تۇغ تەرەپكە باردى . يېقىن بېرىپ قارىسا ، بۇ فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇسنىڭ تۇغى ئىكەن . فەرپىز ئالدىدا كېلىۋاتاتتى . گۇدەرز فەرپىزنى كۆرۈپ ئېتىدىن چۈشتى . ھەممە لەشكەرلەر پىيادە بولدى . فەرپىز گۇدەرز بىلەن كۆرۈشتى . گۇدەرز قان يىغلىدى .

— ئەي قوشبېگى ، — دېدى پەرپىز ، — بۇرادىرىم سىياۋۇشنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ھەمىشە سىز پىداكارلىق كۆرسىتىسىز . ئىست ، ئىست ، داڭلىق پالۋان ئوغۇللىرىڭىز زايە بولدى . خۇدايى تائالا سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى بەرگەي . قۇياش ۋە ئاينى ياراتقان تەڭرىگە شۈكرى ، سىزنى ساق ـ سالامەت كۆردۈم .

گۇدەرز ئوغۇللىرىنىڭ قانغا بۇلغىنىپ ياتقانلىقىنى ئويلاپ زار ـ زار يىغلىدى . ئۇ فەرپىزگە :

— ئەي شاھزادە ، قارىماسەن ، تەلىيىمنىڭ تەتۈرلۈكى تۈپەيلىدىن ماڭا ھەر دائىم يامانلىقلار يولۇقۇپ تۇرىدۇ . بۇ جەڭدە مېنىڭ يا ئوغۇللىرىم ساق قالمىدى ، يا نەۋرىلىرىم ياكى تۇغ ـ ئەلەملىرىم ئامان قالمىدى . ھەممىسى تۈگەشتى ! — دەپ يىغلىدى .

فەرپىز گۇدەرزنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ، جان ـ جىگىرىدىن ئاھ ئۇردى . ئىككىسى زار ـ زار يىغلاشتى .

— ھازىر پۈتكۈل يەر يۈزىنى قاغىنىڭ قانىتىدەك لەشكەر قاپلاپ كەتتى ، — دېدى گۇدەرز ، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇسنىڭ لەشكىرى خۇددى ئاسماندىكى بىر پارچە بۇلۇتچىلىكلا كۆرۈنىدۇ . تۇراندىن ، رۇم ، چىن ، ھىندىستاندىن ۋە سەقلاب شەھەرلىرىدىن بىرمۇ لەشكەر قالماي ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ . ئەي شاھزادە ، سەن ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەرگىن ، رۇستەم ھازىر قەيەردە ؟ مەن رۇستەمنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغۇچە غەمدىن خالاس بولمايمەن .

فەرپىز :

— ئەي پالۋان ، پىل تەنلىك رۇستەم مېنىڭ ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ . بۇ يەرگە يا كې-

چىدە ياكى ئەتە تالڭ ئېتىش بىلەنلا يېتىپ كېلىدۇ . ئۇلار يولدا توختىمايدۇ . ئەمدى سەن ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەرگىن ، مەن قەيەردە تۇرىمەن . لەشكىرىمنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن ، — دېدى .

— پىل تەنلىك رۇستەم نېمىدېگەن بولسا ، شۇنداق قىلماق كېرەك ، — دېدى گۇدەرز .

فەرپىز :

— رۇستەم ماڭا « مەن بارغۇچە جەڭ قىلماي بىر يەردە تۇرغىن . دۈشمەننىڭ ئالدىغا بارماي ، جەڭ قىلىدىغان يەردە توختىغىن ، تاكى مېنىڭ ئەلىمنى كۆرۈنگىچە ، مەن يېتىپ بارغۇچە شۇنداق قىلغىن » دېگەنىدى ، — دېدى .

فەرپىز گۇدەرز بىلەن ھەماۋەند تېغىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا ، ئۇلارنى تۇرانلىقلارنىڭ قاراۋۇلچىسى كۆرۈپ قالدى - دە ، ئۇچقاندەك چېپىپ بېرىپ ، پىرانغا خەۋەر قىلدى :

— ئەي قوشبېگى ، ئىران تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر كېلىپ ، ھەماۋەند تېغى تەرەپكە ئۆتتى .

پىران خاقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ئەي خاقان ، ئىران شەھىرىدىن لەشكەر كەپتىمش . ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى كىم ئىكىن ، قانچىلىك لەشكەر كىن ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ بۇنىڭ تەدبىرى نېمە ؟ — دېدى .

كامۇس كۇشانى بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— ئەي قوشبېگى ، بۇ يەردە سەن تۇرۇۋاتساڭ ، ئەفراسىيابنىڭ ھەممە ئۇلۇغ سەركەردىلىرى تۇرۇۋاتسا ، ئۇلاردىن نېمىگە قورقىسەن ؟ بۇ بەش ئايدىن بېرى ئىرانلىقلارغا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن . ھازىر بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز پۈتكۈل يەر يۈزىنى قاپلىدى . يەنە خاقانى چىن ، مەنشۇر ۋە مەن ساڭا ياردەم قىلىۋاتىمىز . سەن تۇرۇپ تۇرغىن ، بىز ھۈنەرلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى . سەن دائىم بىزنى رۇستەمدىن قورقىتىسەن . ئەمما مەن بۇ قېتىم ئاشۇ رۇستەمنىڭ مېڭىسىنى چاقىمەن . ئۇنىڭ بېشىنى قىلىتاقتا كىرگۈزۈپ ، ئۇنىڭ ئاتىنىنى بۇ جاھاندىن يوق قىلىمەن . ئەي پىران ، سەن رۇستەمنىڭ لەشكەرلىرىدىن قورقۇپسەن . ئەمدى سەن مېنىڭ جەڭ قىلغىنىمنى كۆرگىن . بۇ مەرىكىدىن شۇنداق بىر تۈغ قوپۇرىمەنكى ، شۇ چاغدا جاھاندار كىم ، پالۋان كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن . ھازىر سەن ئىرانلىقلاردىن تولا سۆزلىمىگىن ، پالۋانلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلمىغىن . مەن ئىرانلىقلاردىن بىرىنىمۇ تىرىك قويمايمەن . پۈتكۈل ئىران ئۇلۇغلىرى ۋە ھۆرمەت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ، ئەفراسىيابقا ئەۋەتىمەن ، — دېدى .

— ئەي پالۋان ، سېنىڭدىن يامان كۆزلەر يىراق بولسۇن ، — دېدى پىران .

خاقان پىرانغا مۇنداق دېدى :

— كامۇسنىڭ ئېيتقانلىرى راست . ئۇ ئېيتقانلىرىنى قىلماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ جىسمى پىلدەك ، مىنگەن ئېتى تاغدەك ئىدۇر . بۇ پالۋان ئىران ئۇلۇغلىرىدىن كۆپىنچىسىنىڭ باشلىرىنى كەسكۇسىدۇر . يەنە نۇرغۇنلىرىنى ئېغىر بەنتلەر بىلەن باغلاپ ، ئەفراسىيابقا ئەۋەتكۈسىدۇر .

ئىران ئۆلكىسىدە بىر دەرەخنىڭ بەرگىنىمۇ قويمايمىز. ئۇلارنىڭ نە تەختىنى ۋە نە تاجىنى قويغايمىز، ھەممىسىنى ئېلىكىمىزگە ئالىمىز.

پىران بۇ سۆزدىن خۇشال ـ خۇرام بولدى:

ـــ ئەي پالۋانلار، بارىكاللا، ـــ دەپ خاقانغا ۋە كامۇس كۇشانىغا تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتتى. ئاندىن ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەلدى.

شۇ چاغدا ھۇمان، لۇھاك ۋە فەرشىۋەرد قاتارلىق پالۋانلار پىراننىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـــ ئەي قوشبېگى، ـــ دېدى ئۇلار، ـــ ئىراندىن نۇرغۇن لەشكەر كەلدى. بىر قارا ئەلەملىك پالۋان ئالدىن يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن بىر كىشى بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلدى. ئۇ كەلگەن پالۋان فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئىكەن. رۇستەم ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كامۇس كۇشانى جەڭ كۈنىدە رۇستەمنىمۇ ئەركىشى قاتارىدا كۆرمەيدۇ. كامۇس جەڭگە كىرىدىغان بولسا، خاھى رۇستەم بولسۇن ياكى سىيستانلىق بولسۇن، ھەممىسىنى قارا تۇپراققا بۇلغايدۇ.

پىران ئېيتتىكى:

ـــ ئەي پالۋانلار، مەن ھازىر تەخت ۋە تاجدىن يىراقتا تۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇ كۈنلەردە ئاي ۋە قۇياشتىنمۇ بىزار بولۇۋاتىمەن. مەن ئىراندىن بۆلەشكەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا، جان ۋە كۆڭلۈم دەردلىك بولدى. كۆڭلۈمدىن دەردلىك ئاھ تارتتىم.

ـــ ھاي، بۇ قانداق دەردلىك بولغىنىڭدۇر؟ ـــ دېدى گۇلباد، ـــ رۇستەم ۋە تۇستىن نېمىشقا بۇنچىۋالا ئەندىشە قىلىسەن؟ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ تولىلىقىدىن ئارىمىزدىن شامالمۇ ئۆتەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىرانلىقلار بىر ئوچۇم تۇپراقتۇر. كەيخۇسرەۋ، تۇس، رۇستەم، گۇدەرز دېگەنلەردىن نېمانچە قورقىسەن؟

شۇندىن كېيىن تۇرانلىقلار ئۆز چېدىرلىرىغا قايتتى.

تۇسقا خەۋەر كەلدىكى، ئىراندىن پەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇس لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى. جاھان پالۋانى رۇستەممۇ كېلەرمىش. تۇس بۇنى ئاڭلاپ، چەكسىز خۇشال بولدى. ئۇ شادلىق ناغرىلىرىنى چېلىشقا پەرمان قىلدى. ھەماۋەند تېغىدىن غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىدىن يەر تەۋرەپ كەتتى. تۇس سۆز باشلىدى. ئۇ مازاندەراندىكى جەڭنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتى. ئاندىن:

ـــ ئەي پالۋانلار، مازاندەراندا دىۋىلەر بىزگە قانداق ھۇجۇم قىلغانىدى. رۇستەم ئۇلارغا نېمىلەرنى قىلمىدى! ؟ ـــ دەپ خىتاب قىلدى.

پالۋانلار تۇسقا تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپ:

ـــ ئەي قوشۇنبېگى، كۆڭلۈڭ ھەمىشە خۇشال بولسۇن. سېنىڭ خۇش خەۋىرىڭ بىزنىڭ جېنىمىزغا راھەتتۇر. ئەمدى رۇستەم جەڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كېلىدىغان بولسا، تۇرانلىقلار ئۇنىڭدەك شىرغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىز بىراقلا جەڭ قىلىپ، ئىرانلىقلارنىڭ ئۈستىدىن بۇ ھاقارەتنى ئېلىپ تاشلايلى. چىن خاقانىنىڭ شاھلىق تاجىنى، ئالتۇن تەختلىرىنى، ئالتۇن چېدىر ـ بارگاھلىرىنى، سۇپەرلىرىنى، پىللىرىنى، ئالتۇن نەيزە، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى ۋە تۇزدەك چىرايلىق ئاق ئۆيلىرىنى قولغا

كەلتۈرەيلى ! — دېدى .

— ئەي پالۋانلار ، — دېدى تۇس ، — ھازىر بىز قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز . تاغلارنىڭ ھەممە ئېتەكلىرىنى دۈشمەن لەشكەرلىرى ئىگىلەپ ياتماقتا . ئۇلار بىزنىڭ لەشكەرىمىزنى قورشىۋالدى . پىل تەنلىك رۇستەم كەلگەندە بىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، تۇرانلىقلارنىڭ بىزگە ئاۋارىچىلىق سالغانلىقىنى ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ قانتى يوق قۇشتەك بولۇپ قالغانلىقى ۋە مەقسىتىمىزنىڭ ھاسىل بولمىغانلىقىنى ئېيتايلى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، — دېدى لەشكەرلەر ، — سىپاھلار بۇنىڭدىن زىيادىلىكنى ئىستىمىسۇن ، ئۇلار بۇ تاغدىن ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ . شۇڭا سەن بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ئېيتمىغىن . بەلكىم رۇستەم بۇ يەرگە كېلەر ، بۇ جەڭنى كۆرەر ، ھازىر بىز رۇستەمگە ئادەم ئەۋەتمىمىز دېمەي ، بۇ يەردە جىم تۇرايلى . چۈنكى ئادەم ئەۋەتكەن بىلەنمۇ تۇرانلىقلارنىڭ قورشاۋىدىن ئۆتەلمەيدۇ . بىز خۇدايى تائالاغا سېغىنايلى . ياخشى - يامانغا يول كۆرسەتكۈچى پەقەت شۇدۇر . خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن رۇستەم ئۆزى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەر . سەن ئۆز تەلىيىڭنىڭ يامانلىقى ئۈچۈن خەير - ساخاۋەت قىلىپ ، دەرۋىشلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش ئۈلەشتۈرگىن .

ئۇلار رۇستەمنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن شاد - خۇرام بولۇشۇپ ، تاغ بېشىدا سۈرەن - چوقانلار سېلىشتى .

ئەتىسى تاڭ ئاتتى . سەھەر ۋاقتىدا كامۇس كۇشانىنىڭ بارگاھىدىن شاۋقۇن - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى . كامۇس كۇشانى تۇرانلىقلارنىڭ ئۇلۇغى ۋە تونۇلغان نامدار پالۋىنى ئىدى . ئۇ لەشكەرلىرىنى يىغدى . ئۇلارغا جەڭ كىيىملىرىنى كىيدۈردى . ئۆزىمۇ جەڭ كىيىمىنى كىيدى . پالۋانلىرىدىن بىرنەچچىسىنى تاللاپ ، ياساندۇردى . ئۇلار ھەممىسى تۆمۈر كىيىم ئىچىگە پۈركەنگەندى . قاراۋۇلنىڭ : « ئىران تەرەپتىن كەلگەن لەشكەرلەر يېقىنلاشتى . رۇستەمى تەھەمتەنىنىڭ تۇغى كۆرۈندى ! » دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . تۇران لەشكەرلىرى ئۇلاردىن ئىلگىرى كېلىپ بولدى . كامۇس كۇشانى بىر پارچە تاغدەك ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى . قولىدا بىر قوتاز باشلىق گۈرزىنى تۇتقانىدى . ئۇنىڭ قەددى - قامىتى ۋە گۈرزىسىنى كۆرۈپ ، پۈتكۈل خالايىق ھەيرانۇ ھەس قالدى .

ئۇ تەرەپتىن قوشۇنبېگى تۇس ناغرىلىرىنى چېلىپ تەييار بولدى . تۇس قاراۋۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشال - خۇرام ھالدا گۇدەرزىنىڭ قېشىغا كەلدى . ۋە فەرىپىزنىڭ ئالدىغا كىردى :

— ئەي فەرىپىز ، — دېدى ئۇ ، — تۇران لەشكەرلىرى جەڭ قىلغىلى كەلدى ۋە سەپ تارتىپ تۇردى . سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن . سەن نېمە دېسەڭ شۇ بويىچە بولسۇن . چۈنكى سېنىڭ بوۋاڭ ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى . سەنمۇ بۈيۈك پادىشاھسەن . نېمە دېسەڭ ساڭا لايىق . پىل تەنلىك روستەمنىڭ تۇغى يېقىنلاپ كەلدى . ئۇ كېلىپ لەشكىرىمىزگە قوشۇلغۇسىدۇر .

فەرىپىزمۇ لەشكىرى بىلەن كېلىپ ، پالۋان گىۋگە قوشۇلدى . گىۋ تاغدا لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سالدى . كاۋە تۇغىنى ئوڭ ۋە سول قوللىرىغا ئالدى ۋە سەپ ئارقىسىنى راستلاپ

تۇردى .

تۇرانلىقلارنىڭ دەريادەك لەشكىرى تاغ تەرەپكە قاراپ سەپ تارتتى . كامۇس كۇشانى يېقىن كەلدى ـ دە ، تاغ تەرەپكە قاراپ قاقاقلاپ كۇلدى ۋە :

ـــ هاي ، ئىرانلىقلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئالدىغا چىقالىغۇدەك ھېچبىر ئەر يوقمۇ ؟ ! ئەگەر بار بولسا ، دەرهال چىقسۇن ، لەشكىرىمىزنى كۆرسۇن . پالۋانلىرىمىز پىران ۋە هۇماندەك ئەمەس . مېنىڭ قەددۇ قامىتىمنى كۆردۇڭلار . ئەمدى پالۋانلىقىمنى ۋە تىغ ـ گۇرزامنى كۆرۈڭلار !

پالۋان گىۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولدى . تىغنى سۇغۇرۇپ مەيدانغا كىردى . ئۇ كامۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، بۇ بەهەيۋەت پالۋاننىڭ قەددى ـ قامىتىگە هەيران قالدى . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە : « بۇ ئادەممۇ ياكى مەست پىلمۇ ؟ » دېگەن سوئالنى قويدى . ئاندىن يايىنى قولىغا ئېلىپ كىرىچلىدى ۋە تەگرى تائالانى يادىغا ئالدى . كامۇس گىۋنىڭ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ ، نەيزىسىنى پىرقىتىپ شىردەك هۇجۇمغا ئۆتتى . يەر يۈزىدىن چاڭ ـ توزانلارنى قوپارغان هالدا گىۋگە نەيزە ئۇردى . گىۋ ئېگىرىدىن ئاجراپ كېتىپ ، پىيادە قالدى . ئۇ دەرهال تىغ تارتىپ ۋارقىرىدى :

ـــ مەن پالۋان گىۋ ئىبنى گۇدەرز بولىمەن ! ـــ دېدى ئۇ كامۇسقا هۇجۇم قىلىپ ، گىۋ تىغنى كامۇسنىڭ نەيزىسىگە ئۇرغانىدى ، نەيزە ئىككى پارە بولۇپ كەتتى . تۇس لەشكەرلەر ئارىسىدا تۇرۇپ ، گىۋنىڭ كامۇسقا تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ جەڭ ئەهۋالىغا قاراپ ، ناهايىتى غەمكىن بولدى . گىۋنىڭ كامۇسنىڭ تەگدىشى ئەمەسلىكىنى بىلدى . ئۇ تۇرغان يېرىدىن نەرە تارتقان هالدا ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، گىۋگە ياردەم بېرىشكە كەلدى . هەر ئىككىيلەن كامۇسقا بىرلىكتە هەملە قىلدى . كامۇس بۇنى كۆرۈپ چۇلۋۇرىنى قىسقا تۇتقان هالدا ئىككى پالۋانغا هۇجۇم قىلدى . ئاخىر تۇسنىڭ ئېتى ھېرىپ يىقىلدى . تۇس خۇدايى تائالانى يادىغا ئېلىپ ، پىيادە هالدا نەيزىنى قولىغا ئېلىپ ، كامۇسقا هەملە قىلدى . ئىككى ئەجدىهادەك پالۋان كامۇس بىلەن جەڭ قىلماقتا ئىدى . هەممە پالۋانلار بۇنىڭغا هەيران قېلىشتى . ئۇلار شۇ يوسۇندا كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ قىلدى . كۈن كەچ بولدى . ئۈچ پالۋان ئۆز لەشكەرگاهلىرىغا ياندى .

## ئوتتۇز بىرىنچى داستان

**رۇستەمنىڭ هەماۋەند تېغىغا يېتىپ كېلىپ ، گۇدەرز بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ، رۇستەمنىڭ ئەشكىبۇس بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە يەنە كامۇس كۇشانى بىلەن جەڭ قىلىپ ، كامۇسنى ئۆلتۈرگەنلىكى ، يەنە شەنگۇل بىلەن جەڭ قىلىپ ، شەنگۇل رۇستەمنىڭ ئالدىدىن قاچقانلىقى ، يەنە رۇستەمنىڭ كوهسار كۇشانى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ، كوهسار كۇشانىنىڭمۇ قاچقانلىقى ، خاقانى چىننىڭ رۇستەم قولىغا گىرىپتار بولغانلىقى**

مەۋلانى موللا فىردەۋسى ( تەگرى ئۇنىڭغا رەهمەت قىلغاي ) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : شۇ كېچىسى جىسەكچىلەر چىقتى ، قاراۋۇللار كەلدى . ئۇلار :

— ئەي پالۋانلار، بۇ تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە ناھايىتى كۆپ شاۋقۇن — سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. بەلكىم رۇستەم كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى.

گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد بۇ خەۋەرنى ئىشتكەن ھامان ئېتىنى مىنىپ چاپتى. قاراڭغۇ كېچىدە تاغدىن چۈشۈپ، تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەجدىھا سۈرەتلىك تۇغنى كۆردى. بۇ تۇغ قاراڭغۇ كېچىدە ئالەم يۈزىنى نۇرغا تولدۇرغانىدى. گۇدەرز رۇستەمى تەھەمتەنىنىڭ يۈزىنى كۆردى — دە، زار — زار يىغلاپ، كۆزدىن ياشلىرىنى تامچە — تامچىلاپ ئاققۇزدى. رۇستەممۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە يېتىپ كەلدى. گۇدەرزمۇ پىيادە بولدى. ھەر ئىككىيلەن كۆرۈشتى. ھەر ئىككىيلەن پەرياد پىغان قىلىپ يىغلاشتى. ئۇلار گۇدەرزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن نامدار ئوغۇللىرىنى تىلغا ئېلىشتى.

— ئەي پالۋان، — دېدى گۇدەرز، — ئاجايىب ئەقىللىق، ھوشيار كىشىدۇرسەن. پۇتكۇل تاج — تەخت ۋە خەزىنە — خىراجىنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن مۇنەۋۋەر بولىدۇ. سەن ئېيتقان ھېچقانداق سۆز يالغان بولمايدۇ. سەن ئىرانلىقلار ئۈچۈن ئاتا — ئانىدىن، تەخت ۋە تاجدىنمۇ ئەزىزراقدۇرسەن. بىز خەزىنىدىن ئايرىلغان گۆھەر، سۇدىن ئايرىلغان بېلىق ئىدۇق. ھەر تەرەپتە ئىزتىرابلىق ئەھۋالدا قالغانىدۇق. ھاقارەتلەنگەن ھالدا ھالاك بولماقتا ئىدۇق. مانا ئەمدى سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆردۇق. سېنىڭ بۇنچىۋالا مېھرىبانلىقىڭنى بىلدۇق. بىزگە شۇ تاپتا ئۇ ئۆلگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ماتەمى تۇگىدى. كۆڭلىمىزدە شادلىقتىن ئۆزگە نەرسە قالمىدى.

رۇستەم گۇدەرزگە:

— ئەي پالۋان، كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتقىن، ھوشيارلىقنى ئەبەدىي ئەستىن چىقارمىغىن. بۇ دۇنيا رەنج مۇشەققەت سارىيىدۇر. ئۇ بىراۋلارنى كەڭلىكتە، بىراۋلارنى تەڭلىكتە تۇتىدۇ. بىراۋلارنى شەۋكەتلىك، بىراۋلارنى ھاقارەتلىك قىلىدۇ. ئاخىرغا كەلگەندە ھېچكىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەي پالۋان، تەگرىم سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بۇ دەردلەردىن ئازاد قىلسۇن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، «رۇستەمى تەھەمتەن ھەماۋەند تېغىغا يېتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەر تۇس ۋە گىۋ قاتارلىق پالۋانلارغىمۇ يەتتى. ھەممە پالۋانلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شامالدەك راۋان بولدى. ئۇلار خۇشاللىقتىن ناغرا ئۇرۇشقان ھالدا، رۇستەمنىڭ ئالدىغا بارغىلى ماڭدى. رۇستەمنىڭ تۇغ — ئەلەمى كۆرۈندى. قاراڭغۇ كېچىدە رۇستەم كەلدى. تۇس باشلىق ھەممە ئۇلۇغلار پىيادە بولدى. پۇتكۇل لەشكەر ئىچىدىن چۇقان — سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ زار يىغلاشتى. ئۇلارغا رۇستەمنىڭ كۆڭلى كۆيدى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا بەل باغلىدى. رۇستەم بارلىق سىپاھلارغا كۆپتىن — كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاخىردا:

— ئەي ئۇلۇغلار، بۇگۇن بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىنتايىن شىددەتلىك جەڭ دۇچ كېلىدۇ. بۇ جەڭ شۇنداق بولىدۇكى، ھەممەيلەن ئوت چاقنىغاندەك جەڭ قىلغاي. چېدىرلىرىڭلارنى تىكىڭلار! — دېدى.

پۇتكۇل نىمرۇز لەشكەرلىرى چېدىرلىرىنى تىكتى. ئۇستىگە رۇستەمنىڭ ئەلەمىنى

قـادىدى. رۇستەم تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ھەممە پالۋانلار ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلدى. ئۇنـىـڭ بـىـر تـەرىـپـىـدە پـالـۋان گـۇدەرز ۋە گىۋ باشلىق نامدار پالۋانلار ئولتۇردى: يەنە بىر تەرىپىدە تۇس باشلىق پالۋانلار ئولتۇردى. ئالتۇن شامدانلاردا شاملار يېقىلدى. ھەر ئادەم ھەر خـىـل سـۆزلـەرنى سۆزلىدى. خۇسۇسەن، تۇرانلىقلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكىرىدىن ھېكـايـىـلـەر قىلىشتى. ئۇلار كامۇس كۇشانىدىن، خاقانى چىنىدىن، شەگگولدىن ۋە مەنشۇر جەگگىدىن سۆزلىشەتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

ــــ ئۇ پالۋاننىڭ قەھرىمانلىقىدىن سۆز ئېيتىشنىڭ ئورنى يوق. بىزگە ئۇنىڭ دىدارىنى كـۆرۈشـكـىمۇ چىدام ۋە تاقەت يوقتۇر. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى گويا سەرۋى دەرىخىدەك ئېگىز ۋە ھەيـۋەتـلـىـك. ئەگـەر ئۇنـىـڭ بېشىغا بۇلۇتتىن تىغ ۋە گۇرزە ياغقان ۋە ياكى مەست پىل ئۇنـىـڭـغـا قـارشـى جـەگگە كىرگەن تەقدىردىمۇ يۈز ئۆرۈمەي جەڭ قىلىدۇ. شۇ يوسۇندىكى لـەشـكـەرلـەر تاكى دەريايى شەھدىقچە تولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى، لەشكەر ـ پـىـلـلىرى، پىل ئۈستىگە ئورناتقان تەختىراۋانلىرى، ساۋۇت، دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرى، يوپۇقلى-رىـنـىـڭ ھەددى ـ ھېسابى يوقتۇر. پۇتـكـۇل بـايـاۋانـنـى ئۇلارنىڭ ئېسىل دىبادىن تىكىلگەن چـېـدىـر ـ بـارگـاھـلىرى قاپلاپ كەتتى. ئەگەر مۇشۇ تاپتا جاھان پالۋىنى رۇستەمى داستان كـەلـمـىـگـەن بـولـسا ئىدى، ھەممىمىز ھالاك بولغان بولاتتۇق. غەلىبە ـــ نۇسرەت بەرگۈچى خـۇدايـى تائالاغا شۈكرى، بىزنىڭ قاتتىق رەنج ـ ئازابلىرىمىز سەن كېلىش بىلەنلا تۈگىدى. بىزنىڭ ئۆلگەن جىسمىمىز سېنى كۆرۈپ تىرىلدى.

رۇسـتـەم ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىپ، بىر ھازاغىچە غەمكىن ۋە پەرىشان بولۇپ ئولتۇردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــــ ئەي پـالـۋانلار، نـېـمـە قىلغۇلۇق، بۇ پانى ۋە ئۆتكۈنچى ئالەمنىڭ ئادىتى شۇنداق، ھەمـىـشـە دەردۇ رەنـجـدىـن ئىبارەت. ئۇ بەزىدە زەھەر بېرىدۇ، بەزىدە شېكەر بېرىدۇ. ئەگەر ئۆلسەك ئاخىر بۇ دۇنيادىن كېتىمىز. پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق ئىكەن. بۇنىڭغا غەمكىن ۋە پەرىـشان بولساقمۇ بولمايدۇ. جاھاننى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار بىزگە يار بولغاي. دۈشمەنلەر-نـىـڭ بـېـشى تۆۋەن بولغاي. ئۇلاردىن ئۆچىمىزنى ئالغايمىز. پۈتكۈل جاھان ئەھلىنى ئىرانغا ھاجەتمەن قىلغايمىز! ـــ دېدى.

پالۋانلار ھەممىسى رۇستەمگە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلارنى ئېيتىپ:

ــــ ئەي جاھان پـالـۋانلىرىنىڭ تاجى، تىغ ـ گۇرزە ۋەتاج ـ تەختىنىڭ ئىگىسى، پۈت-كـۈل ئۆمرۈڭدە ھەمـىـشـە نـامـدار بـولـۇپ، خۇشال ـ خۇراملىقتا ئۆتكەيسەن. پادشاھنىڭ دەرگاھى سېنىڭسىز بولمىغاي، ـــ دېدى.

كـۈن چىقتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكىرى جەگگە ناغرا ئۇردى. ھەممە پالۋانلار ئو-رۇنـلـىرىدىن تەۋرىدى. ھۇمان لەشكەر ئالدىغا كېلىپ، ھەر تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئىرانلىقلارغا يـاردەم بـەرگـىـلـى لەشكەر كەلگەنلىكىنى بىلدى. بىر يېشىل رەگلىك دىبادىن تىكىلگەن چې-دىـرنـى ۋە ئۇنـىـڭـغـا تـىـكـىلگەن رۇستەمنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلىمىنى كۆردى. ئۇ ئەلەم خـۇددى پـارلاپ تۇرغان ئايدەك كۆرۈنەتتى. فەرىبز ئېبنى كەيكاۋۇسنى ۋە پىللارنى كۆردى. ھۇمان ئىنتايىن غەمكىن بولۇپ، پىراننىڭ ئالدىغا باردى:

— ئەي قېرىندىشىم، — دېدى ئۇ پىرانغا، — بۇ كېچە ئىرانلىقلار تەرەپتىن ناغرا-كانايلارنىڭ ئاۋازى بەك كۆپ ئاڭلاندى. مەن سەھەر ۋاقتىدا يالغۇز باردىم. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ تۇردۇم. ئىراندىن كۆپ لەشكەر ياردەمگە كېلىپتۇ. بىر يېشىل دىبادىن تىكىلگەن چېدىرنى كۆردۇم. ئۇستىگە ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەمنى قاداپتۇ. ئەتراپىدا زابۇلىستان ۋە كابۇلىستاننىڭ لەشكەرلىرى تۇرۇپتۇ. گۇمانىمچە جاھاندار رۇستەم پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدىن ئۇلارغا ياردەم بەرگىلى كەلگەندەك قىلىدۇ.

— ھەي ئىست، — دېدى پىران ۋىسە، — ئەگەر رۇستەم كەلگەن بولسا، بۇ بىر بالا-قازادۇر. ئەمدى ئۇ نە كامۇسنى قويار، نە خاقانى چىننى ۋە نە شەڭگۇلنى قويار.

پىران شۇ ھامان لەشكەرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ ئىران لەشكەرلىرىگە قارىدى. ئاندىن كامۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، سەھەر ۋاقتىدا بۇ يەردىن بېرىپ، ئىران لەشكەرلىرىنى كۆردۇم. ئۇلارغا نۇرغۇن لەشكەر ياردەمگە كېلىپتۇ. مەن رۇستەم كەلدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى.

— ئەي قوشبېگى، — دېدى كامۇس كۇشانى، — كۆڭلۈڭ نېمىشقا بۇنداق يامان خىياللاردىن خالىي بولالمايدۇ؟ ئەگەر كەيخۇسرەۋ ئۆزى بۇ جەڭگە كەلگەن تەقدىردىمۇ كۆڭلۈڭنى بىھۇدە ئەندىشىگە سالمىغىن. رۇستەمنىڭ نېمىشقا بۇنداق تولا گېپىنى قىلىسەن؟ سەن مېنى قورقىتىۋاتىسەن. ئەمما مەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى چاقىمەن. ئەگەر رۇستەم مېنىڭ تۇغ-ئەلەممنى كۆرسە، سۇ ئىچىدىكى بېلىقتەك قورقۇپ، قان ئىچكۈسىدۇر. سەن بېرىپ لەشكەرلىرىڭنى سەپ تۈزگىن ۋە ئەلەمىڭنى تىككىن. مەن جەڭگە كىرگىنىمدە سەن ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ جېڭىنى كۆرىسەن. بۇ باياۋاندا قانلارنى ئاقتۇزۇۋېتىمەن.

پىران بۇ سۆزلەردىن خۇشال بولدى. رۇستەمنىڭ قورقۇنچىدىن ئازاد بولدى. ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، لەشكەرلىرىگە دۇبۇلغا قۇياقلارنى ۋە باشقا جەڭ ئەسلىھەلىرىنى بېرىپ، ئۇلارنى سەپكە تىزدى. ئاندىن ئۇلارغا كامۇسنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. ئاندىن خاقانى چىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. سەن شۇنچە رەنجىلەر بىلەن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلدىڭ. بۇ لەشكەرنىڭ پۇشتى-پاناھى سەن. شۇڭا سەن ئۆزۈڭگە لايىق ئىشنى قىلىپ، لەشكەرلەر ئارىسىدا تۇرۇپ بەرگىن. مەن بۈگۈن جەڭنى ئۆزۈم قىلىمەن. كامۇس كۇشانىمۇ ماڭا شۇنداق دېگەن ئىدىكى، سەن لەشكەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، باشپاناھ بولغىن. مەن ئېغىر گۇرزەمنى كۆتۈرۈپ، جەڭ مەيدانىغا كىرەي. ئەگەر بۇلۇتتىن تاشلار ياغقان تەقدىردىمۇ، قايتماستىن، شىددەت بىلەن جەڭ قىلاي.

خاقان پىراندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، جەڭ ناغرىسىنى چېلىشقا پەرمان قىلدى. زېمىن ناغرا ۋە كاناي ئاۋازلىرى بىلەن تولدى. خاقانى چىن ئوتتۇرىدا تۇردى. كامۇس كۇشانى ئوڭ قولغا باردى. پىران، ھۇمان، گۇلباد قاتارلىق پالۋانلار سول قولغا باردى. جاھان پالۋىنى رۇستەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى سەپراسىت قىلدى. ئوڭ قول، سول قول ۋە ئالدى ئارقىسىنى ياسىدى. تۇس ئىبنى نەۋدەرگە لەشكەرنى خورازنىڭ كۆزىدەك

قىلىپ ياساشقا پەرمان قىلدى. تۇس لەشكەرلەرنى ياساپ، زىننەتلىدى. ئوڭ قولغا پالۋان
گۇدەرزنى، سول قولغا فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇسنى بەلگىلىدى. تۇس ئىبنى نەۋدەر ئوتتۇرىدا
تۇردى. پالۋان تۇس تاغ بېشىدا تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرىنى كۆردى. تۇران لەش-
كەرلىرى دەريادەك مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. كامۇس كۇشانى، شەڭگۇل ھىندى ۋە پەشەڭگى
رۇمى قاتارلىقلارنىڭ لەشكەرلىرى ھەرقايسىسى باشقا-باشقا رەڭدە ئولپاق، قۇياقلارنى كى-
يىپ، جەڭگە ياسىنىپ تۇرۇپتۇ. خىتاي لەشكىرى، سەقلاب شەھرىنىڭ لەشكەرلىرى ۋە
ھىندىستان لەشكەرلىرى جەم بولۇپتۇ. خاقانى چىن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. جەڭ پىل-
لىرى ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول قول تەرەپلىرىدە سەپراست بولۇپ تۇرۇپتۇ. لەشكەرلىرىنى گوياكى
جەننەت بېغىدەك كۆركەم قىلىپ ياساپتۇ.

رۇستەم تاغ ئۈستىگە چىققانىدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ توللىقىنى كۆرۈپ ھەيران
قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ جاھاننىڭ كارى بىزنىڭ لەشكىرىمىز ئۈچۈن قانداق بولار» دې-
گەن ئەندىشىلەرنى قىلىپ، غەمكىن ھالدا تاغ بېشىدىن چۈشتى. تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭ
يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن رۇستەمى داستان بولۇپ ئۆمرۈمدە ناھايىتى كۆپ شىددەتلىك جەڭلەرنى
قىلدىم. تولا لەشكەرلەرنى سۇندۇرغانىدىم. ئەمما مۇنداق ھەددى-ھېسابسىز ۋە ياسىداقلىق
لەشكەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، — دېدى.

تۇس ئىبنى نەۋدەر جەڭگە پەرمان بەردى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە پىران ۋە ھۇمان قا-
تارلىقلار لەشكەر تارتتى. جۇش مەزگىلى بولغاندا ئىككى تەرەپ لەشكىرى روبىرو بولۇشۇپ،
سەپلەرنى راست قىلىپ تۇرۇشتى. ئىككى پەرسەڭ يەرگىچە لەشكەر توشۇپ كەتتى. لەش-
كەرنىڭ توللىقىدىن ھاۋا قاراڭغۇ بولدى. ئوقلارنىڭ قانات ۋە باشاقلىرىنىڭ توللىقىدىن
ھاۋانىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. ئىككى لەشكەر بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى. قاتتىق جەڭ بولدى.
كامۇس كۇشانى نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ، لەشكەرلىرىنى جەڭگە رىغبەتلەندۈردى. ئۇ
لەشكەردە بىر پالۋان بار ئىدى. ئېتىنى ئەشكىبۇس دەيتتى. ئۇ ئەجدىھادەك نەرە تارتقان ھالدا
مەيدانغا كىرىپ ئەر تەلەپ قىلدى. ئىران لەشكىرىدىن پالۋان رۇھام مەيدانغا كىردى. ئەش-
كىبۇس پولاتتىن قۇياق كىيگەنىدى. شۇڭا ھەرقانچە تىغ ئۇرغان بولسىمۇ كار قىلمىدى.
ئەشكىبۇس قولىغا ئېغىر گۈرزىنى ئېلىپ، رۇھامغا ھەملە قىلدى. رۇھام ئەشكىبۇسنىڭ
ھۇجۇمىغا تاقەت قىلالماي، يۈزىنى ئۆرۈپ، تاغ تەرەپكە قاراپ قاچتى. تۇس ئىبنى نەۋدەر بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى پەرىشان بولدى ۋە ئەشكىبۇس بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا
كىرىشكە ھازىرلاندى. جاھانگىر رۇستەم تۇسنىڭ مەيدانغا كىرمەكچى بولغانلىقىغا قاراپ
غەمكىن بولۇپ چېچىلدى:

— ئەي تۇس، نېمە ئۈچۈن رۇھام ئۆزىنى بىلمەي مۇنچىۋالا پالۋانلار ئارىسىدىن
جەڭگە كىرىدۇ. يەنە نېمىشقا يۈزىنى قارا قىلىپ، ئەشكىبۇستەك كىشىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ،
ئىران پالۋانلىرىنىڭ ئابروينى تۆكىدۇ؟! بۇ قانداق قىلىق! ئەي تۇس، سەن لەشكەرنى
تەۋرەتمەي تۇرغىن مەن مەيدانغا كىرىپ، ئەشكىبۇسنىڭ قولىقىنى تولغاپ قوياي، —
دېدى-دە، مەيدانغا كىردى. شىر يۈرەكلىك رۇستەم يايىنى قولىغا ئېلىپ، ئوقنى كىرىچكە

قويدى :

— ئەي ئەشكىبۇس، سېنىڭ تەگدىشلىك مانا مەن ! — دەپ نەرە تارتقان پېتى ھەيۋەت ۋە سىياسەت بىلەن جەڭگە كىردى . ئەشكىبۇس قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئېتىنىڭ چۆل- ۋۆرىنى تارتىپ :

— ھەي جېنىڭدىن تويغان ۋە قېنىڭغا تەشنا بولغان تەلۋە ، سەن كىمسەن ؟ ! نام - نىشانىڭنى ئېيت ! نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمە يەنە ! — دېدى .

— ھاي ئەدەبسىز ، — دېدى رۇستەم ، — مېنىڭ نامىمنى سوراپ نېمە قىلى- سەن ؟ ! مەن سېنىڭ ئەجىلىڭمەن !

— ھەي جېنىدىن تويغان ، نېمە ئۈچۈن مەندەك پالۋاننىڭ ئالدىغا پىيادە كېلىسەن ؟ ! — دېدى ئەشكىبۇس .

رۇستەم ئېيتتىكى :

— ئەي تۈرك ، بېھۇدە سۆزلىمىگىن . سەندەك كىشىنىڭ ئالدىغا ئاتلىق كىرمەيمەن . چۈنكى مەن ئاتلىق تۇرۇپ سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلغىلى نومۇس قىلىمەن . مۇشۇنداق پىيادە تۇرۇپ ، سېنىڭ كۆزۈڭگە ئالەمنى قاراڭغۇ قىلىمەن . ئەي تۈرك ، تۇس ئېبنى نەۋدەر مېنى سېنىڭ ئېتىڭنى ئېلىپ مىنسۇن دەپ پىيادە ئەۋەتتى . ئەي پالۋانلىق لاپلىرىنى ئۇرغۇچى ، سەن مېنى تونۇمايدىكەنسەن ، نامىمنىمۇ ئاڭلىمىغانمىدىڭ ؟ ! گەرچە مەن پىيادە بولساممۇ سەندەكتىن ئۈچيۈز ئاتلىق بىلەن يۈز ئۇرۇمەي جەڭ قىلىمەن !

— ھەي تەلۋە ، — دېدى ئەشكىبۇس ، — ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ ! سەندە نە ئات نە جەڭ يارىغى بولسۇن ! قايسى قورالىڭ بىلەن مەندەك پالۋان بىلەن جەڭ قىلىسەن ؟ !

رۇستەم :

— ئەي تۈرك ، ئوقيايىمنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ! سەندەك كىشىگە بىر تال ئوق يېتەرلىك . چۈنكى جېنىڭ بىر تال ئوقۇم بىلەنلا چىققۇسىدۇر . قىممەت باھالىق ئېتىڭ بىلەن نېمانچە مەغرۇرلىنىسەن ؟ ! — دەپ ، بىر تال ئوقنى ئېلىپ شۇنداق ئاتتىكى ، ئەشكىبۇسنىڭ ئېتى بىر ئوق بىلەنلا موللاق ئېتىپ چۈشتى . ئەشكىبۇسمۇ يۈزى تۆۋەن ھالەتتە يىقىلدى . جاھانگىر رۇستەم كۈلۈپ :

— ئەي ئەشكىبۇس ، قوپقىن ، ئېتىڭغا مىنگىن - دە ، مېنىڭ جەڭ مەيدانىمنى تاماشا قىلغىن ، — دېدى .

ئەشكىبۇس رۇستەمنىڭ مۇنداق پالۋانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرەخ يوپۇرمىقىدەك تىترىدى ۋە ئامالسىز ھالدا قولىغا يايىنى ئالدى . رۇستەم :

— ئەي ئەشكىبۇس ، نېمىشقا ماڭا ئوق ئاتمەن دەپ ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىق تاپىسەن ؟ ئوق ئېتىشنى مەندىن ئۆگەنگىن ، — دەپ ، يەنە بىر تال ئوقنى ئېلىپ ، بېشىغا قويدى - دە ، يايىنىڭ باغرىنى سىيلىدى . قولۇن تېرىسىدىن قىلىنغان كىرىچقا ئوقنى بەتلىدى . ئاندىن ئۇنى ئەشكىبۇسنىڭ كۆكسىگە قارىتىپ شۇنداق ئاتتىكى ، ئەشكىبۇسنىڭ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى يېنىپ چىقتى . ئاسمان ۋە زېمىن رۇستەمى تەھەمتەننىڭ قول ۋە بىلەكلىرىگە ئاپىرىن ئېيتتى . رۇستەمنىڭ ئوقى ئەشكىبۇسنىڭ نەچچە قات كىيىم ، ساۋۇت ، بەكتەر ۋە خېپتان-

لىرىدىن ئۆتۈپ، كۆكسىنى تېشىپ، ئارقىسىدىن چىقتى - دە، يەرگە سانجىلىپ قالدى. ئەشكەبۇس جاھاننى ئاپىرىدە قىلغۇچىغا جان تەسلىم قىلدى. تۇران لەشكەرلىرىدىن پەرياد پىغان كۆتۈرۈلدى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى.

ۋاقتىكى، خاقانى چىن ۋە كامۇس كۇشانى رۇستەمنىڭ قەددى - قامىتىنى ۋە قىلغان پالۋانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئۇغىسى قايناپ كەتتى. خاقانى چىن پىران ۋىسەگە ئېيتتىكى:

— ئەي بۇرادەر، بۇ جەڭگە كىرىپ، ئەشكەبۇسنى ئۆلتۈرگەن ئادەم كىم؟ ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق پالۋاننى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئەي پىران، سەن ماڭا: «ئىران پالۋانلىرى ئىچىدە بىزنىڭ پالۋانلىرىمىزغا تەڭ كەلگۈدەك ئەر يوق» دېمىگەنمىدىڭ؟ بۇ پالۋان قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى بىزگە تەڭ تۇرۇۋاتامدۇ؟ سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭ يالغان ئىكەن.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى پىران، - بۇ پالۋان قەيەردىن كېلىپ قالدىكىنتاڭ؟ بىلمىدىم. ئەمدى لەشكىرىم ئىچىدىن ئۇنىڭغا تەڭ تۇرىدىغان بىرىنى سوراي. ئىران پالۋانلىرىنى بىلىمەن. ئۇلار تۇس، گۇدەرز، گىۋ قاتارلىقلاردۇر.

پىران ئۆز لەشكىرىگە قايتىپ كەلدى - دە، ھۇمانغا مۇنداق دېدى:

— ئەي قېرىندىشىم، ئىران لەشكەرلىرى ناھايىتى خۇشال كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئالدىدا خۇددى تۆمۈرمۇ ئېرىپ مومدەك يۇمشاپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ لەشكەر ئارىسىدا رۇستەم بولۇپ قالمىسا، ئۇنىڭدىن بۆلەك پالۋانلاردىن ھېچ قورقۇنچ يوق. ئىران لەشكەرلىرى ئىچىدە تۇس ئىبنى نەۋدەر، گىۋ، كەركىن، فەرىبز ئىبنى كەيكاۋۇس قاتارلىق پالۋانلار بار. شۇ تاپتا بىر ئۇلۇغ جەڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ جەڭنى قىلماسلىققا چارىمىز يوق.

پىران پەرىشان بولۇپ كامۇس كۇشانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي جاھان پالۋىنى، — دېدى پىران كامۇسقا، — بۈگۈن قاتتىق جەڭ بولدى. ئۇ تەرەپنىڭ خۇشاللىقى ئەشكەبۇسنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن بولدى. مەن ئەشكەبۇسنىڭ ئۆلۈمىدىن ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن پىيادە پالۋاندىن ناھايىتى پەرىشان بولدۇم. ئىسىت، ئەشكەبۇسنى پىيادە ھالدا كىرىپ ئۆلتۈرگەن بۇ پالۋان كىمكىن؟ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز قورقۇنچقا چۈشمەكتە. مەن ئۇنىڭدەك قەددى - قامەتلىك پالۋاننى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

كامۇس كۇشانى:

— ئەي قوشبېگى، ئەشكەبۇسنى پىيادە ھالدا كىرىپ ئۆلتۈرگەن كىم؟ ئۇنىڭ قول - بىلەكلىرى ۋە ماھارىتىدىن ھەم قانداق كىشى ئىكەنلىكىدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن. ئەلۋەتتە بۇ پالۋان بىلەن مېنىڭ جەڭ قىلىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

پىران ئېيتتىكى:

— ئەي پالۋان، ئەگەر رۇستەم كەلسە (ئۇنىڭ كېلىدىغان كۈنىنى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى بىزگە كۆرسەتمىسۇن)، ناۋادا ئۇ كەلگەن بولسا، ئۇ شۇنداق پالۋاندۇركى، قەددى - قامىتى دەرەختەك، خۇش خۇي ۋە خۇش چىراي، ئۇ ئەفراسىيابتەك پالۋاننى ۋەيران قىلغان

پالۋاندۇر. رۇستەمى تەھەمتەن ناھايىتى پادىشاھپەرەس پالۋاندۇر. سىياۋۇشنىڭ خۇنى ئۈچۈن تۇران مەملىكىتىنى شۇنىڭ ۋەيران قىلغانلىقى سىزلەرگىمۇ مەلۇم. سىياۋۇشنى رۇستەم پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلغان. سىياۋۇشنىڭ ئۆچىنى ئېلىش تۈپەيلىدىن بۇ جەڭلەر قىلىنىۋاتىدۇ. رۇستەم ئىنتايىن ھەيۋەتلىك پالۋاندۇر. قامىتى سەرۋىدەك تۈز ۋە سالاپەتلىكتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭ ئەسۋابلىرىنى كۆپ زىبۇ زىننەتلەر بىلەن تەييارلاپتۇ. ئۇ ئەفراسىيابنى تولا جەڭلەردە يىلاندەك تولغاندۇرۇپ، قاڭغىر - قاقشاتقان. ئۇ ئۆز پادىشاھىغا ناھايىتى ئېتىقادلىق. ئۇ نەگىلا بارسا قولىغا شەمشەر ئېلىپ، سىياۋۇشنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن دەپ يۈرىدۇ. چۈنكى سىياۋۇشنى شۇ بېقىپ چوڭ قىلغان. رۇستەمنىڭ جەڭ ئەسلىھەلىرىنى ھېچقانداق پالۋان كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ گۈرزىسىنى يەردە قويسا، دەريا شىرى بولغان لەھەڭمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يايىنىڭ كىرىچىنى بىر شىرنىڭ تاسمىسى بىلەن تەييار قىلغان. ئوقىنىڭ باشىقى ئون ئۈچ سەر كېلىدۇ. ئۇ جەڭ كۈنى ئوق ئاتىدىغان بولسا، قاراتاش بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوقى مۆمدىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ جەڭگە كىرگىنىدە زەيلىك گىببەسىنىڭ ئۈستىگە قۇياق كىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولۋاس تېرىسىنى تاسما قىلىپ تەييارلانغان ئولپاق كىيىدۇ. ئۇنى «بەبرى بايابان» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قۇياقتىنمۇ مۇستەھكەم ۋە پۇختا؛ ئوتتىمۇ كۆيمەيدۇ. سۇغا كىرسىمۇ ھۆل بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «رەخش» ناملىق بىر ئېتى بار. بۇ ئات گوياكى تۈۋرۈكسىز تاغقا ئوخشايدۇ. يۈرگەندە تۇياقلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدۇ. رۇستەم بۇ قەدەر ھەيۋەت - سالاھىيەت بىلەن جەڭگە كىرسە، سەن ئۇنى ئەر قاتارىدا تۇتمىساڭ، بۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر. رۇستەم قەددى - قامەت، زور قۇۋۋەت ۋە ماھارەتتە ئاجايىپ بىر پالۋاندۇر.

كاموس پىراندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رۇستەمى تەھەمتەننىڭ قەددى - قامىتىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

— ئەي پىران، — دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا، — سەن كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتقىن. ئۇلۇغ قەسەملەردىن قايسىنى خالىساڭ ئېيتقىن، مەن ساڭا ئانت ئىچىپ بېرەي. قۇياش ۋە ئاينى ياراتقان تەڭرى تائالانىڭ ئېتى بىلەن ئانت ئىچىمەنكى، مەن سېنى خۇشال قىلىپ، مۇراد - مەقسىتىڭ بىلەن كۆزۈڭنى روشەن قىلمىغۇچە، ئات ئۈستىدىن ئېگەرنى ئالمايمەن.

پىران بارىكاللا ئېيتىپ:

— ئەي پادىشاھ. ھەممە جەڭ مەرىكىسىنىڭ ئىشلىرى سېنىڭ مەقسىتىڭ بويىچە بولسۇن، — دېدى.

پىران كاموسنىڭ يېنىدىن قايتىپ، ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ۋە چېدىر - بارگاھلارنى كۆردى. ئاندىن خاقانى چىننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كاموسنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پىران خۇشال بولغىنىدىن ھەممە يەردە ھەر بىر كىشىگە شۇ سۆزنى ئېيتاتتى.

تاڭ ئاتتى. ھەممە لەشكەرلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى جەم بولدى. ئۇلار خاقانى چىننىڭ بارگاھىغا كىردى. شەمشەران شەڭگۇلى ھىندى، كۇندۇرەۋ، سەقلاب، سىند پادىشاھى كاموس كۇشانى شور جەڭگى ۋە باشقا بەگلەر يىغىلىپ، مەسلىھەت ۋە كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئېرانلىقلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى كۆپ قىلىشتى. ئاخىرى كېڭەشلەرنى شۇنىڭغا

توختىتىشتىكى، جەڭ قىلماقچى بولدى. شۇ كۈنى مەسلىھەت بىلەن كەچ بولدى. ھەممەيلەن ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھەر ئىككىلا لەشكەرنىڭ ئارىسىغا قوزغىلاڭ چۈشتى.

— ئەي يارانلار، — دېدى خاقان خىتاب قىلىپ، — بۈگۈن ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك سۇسلۇق قىلماڭلار! ھەرقايسىمىز بۇ يەرگە ياخشى ئاتاق ئىستەپ، نومۇس ئۈچۈن كەلگەنمىز. كېيىنكى جەڭلەرنى ئەفراسىيابقا بېرەيلى، ئەمما بۈگۈن ھەر بىرلىرىمىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئىچىدە ئۇن پادىشاھ ھازىر تۇرۇپتىمىز. يېمەك-ئىچمەككە قارىماي، ھەممەيلەن بىر يولى جەڭ قىلىشىمىز كېرەك!

تۇران ئۇلۇغلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىشتى:

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇلار، — تۇران ۋە چىننىڭ لەشكەرلىرىگە سېنىڭ ئەمر-پەرمانىڭ راۋادۇر. بۈگۈن بىر كۆرگىنكى، قانداق جەڭ قىلىدىكەنمىز.

بۇ تەرەپتە رۇستەمى تەھەمتەن پالۋانلىرىغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

— گەرچە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئىچىدىن ئىككى-ئۈچ يۈز كىشى ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن لەشكىرىمىز كەملەپ قالغىنى يوق! كۆڭلۈڭلارنى تولا پاراكەندە قىلماڭلار! چۈنكى مەن نومۇسسىزلىق بىلەن جاننى ساقلاپ، تىرىك يۈرۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن! مەن پالۋان ئەشكەبۇسنى ئۆلتۈرگىنىمدە ھەممە تۇران لەشكىرىنىڭ يۈزلىرى سارغىيىپ كەتتى. ئۇلاردا قۇۋۋەت يوق. ھەممە لەشكەرنىڭ كۆڭۈللىرى ئاداۋەتلىك بولسۇنكى، مەن بۈگۈن ئېتىمنى تاقىلاتتىم. ئەمدى زېمىننى قاندىن ياقۇت رەڭگە كىرگۈزىمەن. جەڭگە تەييارلىنىڭلار! چۈنكى بۈگۈن ياخشى كۈندۇر. پۈتكۈل جاھان خەزىنىسىنىڭ ھەممىسى كەيخۇسرەۋنىڭ مۈلكىدۇر! بېلىڭلارنى جەڭگە مەھكەم باغلاڭلار! شۇنداق قىلساڭلار تاج-تەختكە ئېرىشىسىلەر. مېنىڭدىن زابۇل ياقۇتلىرىنى، كابۇلنىڭ قىزىل شىشىلىرىنى ۋە قىممەتلىك تون-سەرۇپايلارنى ئىنئام ئالىسىلەر!

بارلىق پالۋانلار رۇستەمگە بارىكاللا ئېيتىشتى. رۇستەم جەڭ ئەسلىھەلىرىنى تەييارلىدى. دۇبۇلغا قۇياقلىرىنى ۋە «بەبرى باياباني» نى كىيدى. قىممەت باھالىق تاجىنى بېشىغا قويدى ۋە ئېتىغا مىندى.

ھەر ئىككىلا لەشكەر جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشتى. كانايلارنى تارتتى. جاھان ۋە زامان لەرزىگە كەلدى. پۈتكۈل دەشت-باياۋان تىترەپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە كامۇس كۇشانى جەڭ پىللىرى بىلەن بىللە ئوڭ تەرەپتە تۇردى. سول قولدا شەڭگۇلى ھىندى تۇردى. خاقانى چىن لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جايلاشتى.

بۇ تەرەپ لەشكىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇس ئىبنى نەۋدەر ئورۇن ئالغانىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ مەيداننى راستلاپ، غوۋغا قىلىشىپ تۇردى. ئاۋۋال بىر كىشى ئىككى سەپ ئارىسىغا كىرىپ جەۋلان قىلدى. بۇ كىشى كامۇس كۇشانى ئىدى. ئۇ قوتاز سۈرەتلىك گۈرزىسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. گوياكى مەست پىلدەك نەرە تارتاتتى.

— قېنى ئۇ پىيادە قالغان پالۋانلار؟ ئۇ مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنى ئۈستىگەنىدى. مانا ئەمدى ئوقياسىنى ئېلىپ كەلسۇن. مەن ئېغىر گۈرزەم بىلەن ئۇلارنىڭ نە ئۆزىنى نە

ئۇقياسىنى قوياي ، ـــ دېدى كامۇس كۇشانى .
ئىرانلىقلارنىڭ دەم ۋە نەپەسلىرى باغلاندى . ھېچ پالۋاندا مەيدانغا كىرىشكە رىغبەت قالمىدى . چۈنكى تۇس ، رۇھام ، گىۋ قاتارلىق پالۋانلارنىڭ ھېچقايسىسى كامۇس كۇشانىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . شۇڭا ھېچكىم ئورنىدىن تەۋرەپ قويمىدى . بىر زابۇللۇق پالۋان بار ئىدى . ئىسمى ئەلۋاي ئىدى ، بۇ پالۋان رۇستەمنىڭ قويچىسى ئىدى . ھەر قانداق جەڭدە ئۇ رۇستەمنىڭ نەيزە ۋە سالاھلىرىنى كۆتۈرۈپ ، رۇستەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى . رۇستەمنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئۆگەنگەنىدى . تولا ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ، جەڭدە پىشقان ماھارەتلىك پالۋان ئىدى . بۇ پالۋان مەيدانغا كىردى . تىغ تارتىپ ، كامۇسقا ھۇجۇم قىلدى . كامۇس كۇشانى ئاچ بۆرىدەك ھۇجۇم قىلىپ ، ئەلۋايغا نەيزە ئۇردى . ئاندىن ئۇنى ئېگىرىدىن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . ئاندىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بوش قويۇپ ، ئەلۋاينى ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدا قانغا بويىدى . رۇستەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدىن دەردلىك ئاھ تۇتۇنلىرىنى چىقاردى ۋە غانجۇغىسىدىن سالمىسىنى ئالدى . ئاندىن ئۇتتۇر بىرىپ كامۇسقا ھەملە قىلدى . رۇستەمنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى ، زەبەردەست پالۋانلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇلارغا تىغ ئۇرماي ، سالمىنى ياكى گۈرزىنى قولىغا ئېلىپ ھەملە قىلاتتى . رۇستەم كامۇسقا روبىرو بولدى ۋە ئەجدىھادەك نەرە تارتتى .
ـــ ھەي ، بىر تال تاناپقا ئىشىنىپ نېمەڭگە بۇنچىۋالا ۋارقىرايسەن !؟ ـــ دېدى كامۇس كۇشانى .
رۇستەم ئېيتتىكى :
ـــ قاچانكى شىر تۈگە قۇشنى كۆرسە مۇشۇنداق ۋارقىرايدۇ . سەن تۈنۈگۈن بۇ جەڭگە كەمەر باغلاپ ، بۈگۈن ئىرانلىقلاردىن بىر پالۋاننى ئۆلتۈردۈڭ . بۇ پالۋان ئېسىللىكتە سېنىڭدەك ئۈچ يۈز كىشىدىن ياخشىراق ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ ئەجىلى سېنىڭ قولۇڭدا ئىكەن . بۇنىڭغا ئامال يوق . ئەي كامۇس ، مېنىڭ سىرتمىقىمنى يىپ ـ تاناپ دەۋاتىسەن . ھېلى كۆرۈپ قالىسەن .
ـــ ھەي ، تولا ئۇتتۇرۇقسىز گەپ قىلما ، ـــ دېدى كامۇس كۇشانى ، ـــ ھېلى بىكار نام ـ نىشانسىز كېتىپ قالما يەنە . پەرىزىمچە رۇستەم دېگەن سېغىزخان سەن بولسەڭ دەيمەن . ئەجىلىڭ سېنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈپتۇ .
رۇستەم :
ـــ ھوي ئەبلەخ ، نېمانداق تېتىقسىز گەپ قىلىسەن ؟! مېنىڭ ئېتىمنى ئاتام رۇستەم قويغان . سەن نېمىدەپ مېنى ھۈنەرسىز ۋە يارىماس سېغىزخانغا ئوخشىتىسەن ؟! ـــ دېدى .
ـــ سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى ، ـــ دېدى كامۇس كۈلۈپ تۇرۇپ ، ـــ ئەمدى قانداق ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەتكىن .
كامۇس ئېتىنى دېۋىتىپ رۇستەمگە ئېتىلدى . قولىغا تىغ ئېلىپ رۇستەمگە قارىتىپ چاپتى . تىغنىڭ ئۇچى ئاتنىڭ بويىنىغا تەگدى . ئاتنىڭ كىستۇۋانى كېسىلدى . لېكىن ئاتقا زىيان يەتمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن رۇستەم سالمىنى ھالقا قىلدى ـ دە ، كامۇسقا قارىتىپ تاشلىدى . كامۇس كۇشانى بېلىدىن باغلىنىپ قالدى . رۇستەم سالمىنىڭ ئۇچىنى يوتىسىنىڭ

ئاستىغا قىستۇرۇپ، ئېتىنى ئالغا قاراپ ھەيدىدى. كامۇس ناھايىتى زور پالۋان بولغاچقا، ئۆز كۈچى بىلەن سالمىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولدى، لېكىن قانچە زورۇققان بولسىمۇ سالما ئۈزۈلمىدى. ئەكسىچە كامۇسنىڭ ھوش كاللىسى قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇستەم ئېتىنى ئاستىراق ماڭدۇردى. چۇلۋۇرنى يىغىپ، كامۇسنى ئېگەردىن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ كامۇسنىڭ بەدەنلىرىنى كېمەر بىلەن باغلىدى.

— ئەي كامۇس، — دېدى رۇستەم، — مانا ئەمدى تىنچىدىڭ. ھىيلە - مىكىر ۋە سېھىر - جادۇ قىلىدىغان ھۈنىرىڭمۇ تۈگەشتى. ئەمدى سېنىڭ جېنىڭ دېۋىلەرگە چاكار بولىدىغان بولدى. ئىككى لەشكەر ئارىسىدا ھۈنەر كۆرسىتىپ يۈرگەنىدىڭ، مانا ئەمدى بىر تال يىپ تاناپنىڭ ئەگمىسىدە بىچارە بولدۇڭ. ئەمدى سېنىڭ قىلىدىغان جەڭلىرىڭ تۈگىدى. سەن جاھاندا ئۆزۈڭدەك پالۋان يوق، باشقىلار قولىغا خەنجەرمۇ ئېلىپ باقمىغان، دەپ خىيال قىلغانمىدىڭ ؟!

رۇستەم كامۇسنىڭ قوللىرىنى باغلىدى. ئۇنىڭ بويىنىغا تاقاق سالدى. ئاندىن ئۇنى ئاتقا يۆكلەپ، ئۆزى پىيادە ھالدا ئىران لەشكەرلىرى ئېچىگە قايتىپ كەلدى. رۇستەم ئۇلارغا:

— ئەي ئەزىزلەر، بۇ ئۆتىنىلىك ئالەمنىڭ ئىشى ھەممىشە ھىيلە ۋە مىكىردىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ئىشى گاھ ئېگىز گاھ پەستۇر. بۇ بەزىدە كىشىنى بۇلۇتقا يەتكۈزىدۇ. بەزىدە يەر قەرىگە ئۇرىدۇ. كامۇس كۇشانى رۇستەمنى ۋە باشقا ئىران پالۋانلىرىنى قەستلەش ئۈچۈن تۇرانغا كەلگەنىدى. ئىران زېمىنىنى ۋەيران قىلىپ، كابۇل ۋە زابۇل دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلماقچى ئىدى. قولىدىكى گۈرزىسى بىلەن ئۇرۇپ، رۇستەم ئېبنى زالنى يانجىپ ئۇن قىلماقچى ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئۆز قۇياقلىرى ئۆزىگە كېپەن بولدى. بەدىنى قارا تۇپراققا بۇلغاندى. ئۇنىڭغا سىلەر قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر. كامۇس كۇشانىنىڭ ئىشى مانا تۈگىدى. ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرەمسىلەر - يوق، ئۆزۈڭلەر بىر تەرەپ قىلىڭلار، — دېدى - دە، كامۇسنى ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. لەشكەر ئارىسىدىن بىر پالۋان چاچراپ چىقىپ، شەمشىرىنى سۇغۇردى ۋە كامۇسنىڭ تېنىنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، مەيداننى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىدى (تەگرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، جاھانگىر رۇستەم كامۇس كۇشانىنى تۇپراققا تەڭ قىلدى. ھەممە تۇران لەشكەرلىرى خاقانى چىننىڭ ئالدىغا كەلدى. پىران كامۇس كۇشانىنى ئەسلەپ زار - زار يىغلىدى. خاقانى چىن:

— ئەي پالۋان، ھەسرەت چەكمىگىن. بۇ دۇنيانىڭ ئىشى شۇنداقتۇر. ھەر كىشى تىرىلىدىمۇ، ئاخىر ئۆلۈم شارابىنى ئىچمەي قالمايدۇ. ھېچ كىشى قازاۋۇ قەدەردىن ۋە ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا بۇ دۇنياغا زىنھار كۆڭۈل باغلىغىلى بولمايدۇ. مەن ئۆزۈم مەيدانغا كىرىپ، كامۇس كۇشانىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، باغلاپ چىقمەن ۋە پۈتكۈل ئىران شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىمەن، — دېدى.

خاقانى چىن ھەممە پالۋانلىرىنى يىغدى. رۇستەمنىڭ نام - نىشانىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۆزى مەيدانغا كىرىپ، رۇستەمنى ئۆلتۈرۈش ۋەدىلىرىنى قىلدى. ھەممە پالۋانلار خاقانغا بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەر سۆيدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەڭگەشى چىنى

دەيدىغان بىر پالۋان بار ئىدى. ناھايىتى ھەيۋەتلىك باتۇر ئىدى. ئۇ خاقانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئەي پادىشاھ، مەن ئەتە مەرىكەئى مەيدانغا كىرىپ، رۇستەمنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئېلىپ چىقاي، — دېدى.

خاقانى چىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە جەڭگەشى چىنىنىڭ بېشىدىن گۆھەرلەرنى چېچىشقا پەرمان قىلدى.

ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكىرى سەپ تۈزۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپ قېنى قايسى پالۋان مەيدانغا كىرىپ ئىسمىنى مەلۇم قىلاركىن. قايسىنىڭ ئىتى ئىگىسىدىن ئايرىلىپ مەيداندىن قاچاركىن، دەپ مەيدانغا كۆز تىكىشتى. شۇ چاغدا رۇستەمى تەھەمتەن مەيدانغا كىردى. تۇران تەرەپتىن جەڭگەشى چىنى مەيدانغا كىردى.

— ئەي پالۋان، — دېدى ئۇ رۇستەمگە، — سەن كىم، كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقىن، مېنىڭ قولۇمدا نام-نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمە!

رۇستەم ئۇنىڭغا:

— ئەي بەتبەخت، مېنىڭ ئېتىمنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟! مېنىڭ نام-ئاتىقىم ئالىلە قاچان سەنلەرگە تونۇلۇپ بولغان! — دېدى-دە، ئېتىنى قامچىلاپ، نەرە تارتقان پېتى ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ يېقىن كەلگىنىدە جەڭگەشى چىنى رۇستەمنىڭ قەددى-قامىتى ۋە ھەيۋەت-ھەشەمىتىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. مەيدانغا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «ۋاي ئىست، ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز ئايىغىمغا تەبەر ئۇرۇپتىمەن. ئەمدى ئۆلگەندىن كۆرە، جانىنى ئېلىپ قېچىپ، تىرىك قالغان ئەلا» دەپ، يۈز ئۆرۈپ ئۆز لەشكىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. پىل تەنلىك رۇستەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرىدىن قىقاس-چۇقان چىقىپ كەتتى. رۇستەم ئېتىنى دىۋىتىپ، جەڭگەشى چىنىنىڭ ئارقىسىدىن يەتتى-دە، ئېتىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالدى. ھەر ئىككىلا لەشكەر ئاپىرىن ئېيتىشتى، جەڭگەشى چىنىنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى بىر پەس تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن قويۇۋەتتى. ئات بېشى تۆۋەن ھالەتتە يىقىلدى. رۇستەم باستۇرۇپ كېلىپ، جەڭگەشى چىنىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن يەنە ئېتىنى چاقماقتەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ قاراپ تۇردى. خاقانى چىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەمكىن بولدى:

— ئەي پالۋان، — دېدى ئۇ ھۇمانغا، — مەيدانغا كىرگەن بۇ پالۋان جاھاننى كۆزىمىزگە قاراڭغۇ قىلدى. بېرىپ سوراپ باققىن، ئۇ كىمكەن؟

ھۇمان:

— بۇ پالۋان ئاجايىپ كۈچ-قۇۋۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇ كامۇس كۇشانىنى بىر تال ھالقا تاناب بىلەن تارتىۋالدى. بۇنداق كۈچتۈگۈز پالۋاننى سەل چاغلىساق بولمىغۇدەك. تەڭرى تەئالا بىزگە غالىبلىق بەرگەي، — دەپ، كىيىملىرىنى باشقا كىيىمگە ئالماشتۇرۇپ كىيىپ، باشقا ئاتنى مىندى. سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ باردى. رۇستەمنىڭ قەددى-قامىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي جاھان پالۋىنى، خۇدايى تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچ

لەشكەردە سىزنىڭدەك پالۋاننى كۆرگىنىم يوق. سىز كىم بولىسىز، كىمنىڭ ئوغلىسىز؟ قايسى شەھەردىن بولىسىز؟ سىز ماڭا نام – نىشانىڭىزنى ئېيتسىڭىز، بىر – بىرىمىزنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا بولۇپ قالار، — دېدى ھۇمان. رۇستەم ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، بۇنداق ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىسەنۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىتىنى ئېيتالمايسەن؟ سەن ئەجەبا مەن بىلەن يۇمشاق سۆزلەپ جەڭ قىلغىلى كېلىپ قاپسەنغۇ؟ ئەي پالۋان، مەن سىياۋۇشنىڭ ئۆچ – ئاداۋىتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. گۇدەرزنىڭ قەھرىمان ئوغۇللىرىنىڭ خۇنىنى بىلىمەن. سىياۋۇشنىڭ بىگۇناھ ھالدا قېنى تۆكۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبكار بولغانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكاردۇر. ئۇلارنى باغلاپ بىزگە تاپشۇرساڭلار ۋە باج – خىراج تۆلىسەڭلەر ھەممىڭلار مېنىڭ دوستۇم بولىسىلەر. شۇندىلا ھەر ئىككىلا لەشكەر ئەمىن – ئېسەن بولىدۇ. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەنلەر گەرشىۋەز ۋە گەرۋۇيدۇر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قارا يۈزدۇر. ئەگەر مەن ئېيتقاننى قىلمىساڭلار، تۇران شەھىرىنى خاراب قىلىمەن. مەن تۇران شەھەرلىرىدىن تولا شەھەرلەرنى خاراب قىلغانمەن. تولا پالۋانلارنىڭ بېشىنى كەسكەنمەن. مېنىڭ پالۋانلىرىمنى ئوچۇق – ئاشكارا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، — دېدى.

ھۇمان رۇستەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قورقۇنچقا چۈشتى.

— ئەي جاھان پالۋىنى، — دېدى ئۇ رۇستەمگە، — مۇنچىۋالا قەددى – قامىتىڭ ۋە پالۋانلىقىڭ بىلەن ئىران مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولۇشقا لايىقكەنسەن. مېنىڭ ئىتىمنى سورىدىڭ، ئىتىم گوركوھى، ئاتامنىڭ ئىتى بوسىياس. مەن لەشكەرلىرىم بىلەن بۇ مەيدانغا كەلگەنىدىم. سېنىڭ ئىسمىڭنى سوراپ، بىلىۋالغۇم كەلدى. ئەگەر ئىتىڭنى ماڭا ئېيتساڭ خۇشال – خۇرام ھالدا لەشكەرگاھىمغا قايتىپ، سەن ئېيتقان ھەممە سۆزلەرنى خاقانى چىنغا ۋە مەنشۇرغا يەتكۈزىمەن.

رۇستەم ئېيتتىكى:

— مېنىڭ كۆڭلۈم سىلەرنىڭ لەشكىرىڭلار ئىچىدە پىرانغا مېھرىلىكتۇر. پىران ۋىسە سىياۋۇشنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى پەرىشان بولۇپتۇ. تۇران لەشكىرى ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئوبدانىراق كىشى يوقتۇر. پىران ۋىسەنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن. شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي.

ھۇمانىنىڭ رەڭگى سارغايغان ھالدا ئۆز لەشكىرىگە قايتىپ كەلدى. پىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي ئاغا، بۇ پالۋان رۇستەم بولسا كېرەك. ئەمدى تۇران لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشتى. رۇستەم بىلەن ئاق دىۋە، دەريادىكى لەھەڭ، باياۋاندىكى شىر بولغان تەقدىردىمۇ تەڭ تۇرالمايدۇ. ئۇ مېنىڭ بىلەن بىرمۇنچە سۆزلەشتى. بىزنىڭ بىرمۇنچە پالۋانلىرىمىزنىڭ ئىتىنى، سىياۋۇشنى ۋە گۇدەرزنىڭ ئوغۇللىرىنى تىلغا ئالدى. ئالدى بىلەن سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئىتىمىزنى زىكىر قىلدى. ئۇ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئىچىدە سېنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىكەن. سېنى ناھايىتى كۆپ تەرىپلىدى. لەشكەرلىرىمىز ئىچىدىن سېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلمىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن. ئۇ

سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ تاغدەك قەددى ـ قامىتى بىلەن ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. بىر بەبرى بايابان تېرىسىدىن ئولپاق كىيىپتۇ. تۇرقى گوياكى ئەركەك پىلغا ئوخشايدىكەن. يېنىدا ئېغىر گۈرزىسى بارئىكەن. ئەي ئاغا، سەن تاكى ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىغۇچە ئۇ مەيداندىن يانمايدۇ. سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ، مەيداندا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بارساڭ، چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت؛ مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلىگىن. ئۇنىڭ ئالدىدا تىغىڭنى غىلىپىدىن ھەرگىز سۇغۇرمىغىن. چىرايلىق گەپ قىلغىن.

— ئەي قېرىندىشىم، — دېدى پىران ۋىسە، — مەن ناھايىتى ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، ئەگەر بۇ ئاتلىق پالۋان رۇستەمى داستان بولىدىغان بولسا، بۇ لەشكەرگاھ بىزگە ماتەمگاھ بولغۇسىدۇر. ئۇ بىزنىڭ ئۆلكىمىز ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىمىزگە كەلگەن بالا ـ قازادۇر. ئىسىت، بىزنىڭ بەخىت ـ تەلىيىمىز تەتۈر كېلىپ قالدى. بىز نېمىدېگەن شۇم تەلەي.

پىران شۇ سۆزلەرنى سۆزلەۋېتىپ، غەمگە پاتقان ھالدا كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئاندىن پەرىشان بولۇپ، خاقانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا:

— تولا ئىتتىكلىك ۋە ئاچچىقى يامانلىق قىلمىغىن. ھازىر بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۆزگەردى. كامۇس كۇشانى ئۆلگەندە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن پالۋاننى رۇستەممىكىن دەپ، كۆڭلۈمنى قورقۇنچ باسقانىدى. ھازىر ئىش ئېنىق بولدى. بۇ چەۋەنداز رۇستەمى داستان ئىكەن. ئۇ سام ۋە نەرىمانغا ئوخشاش جەڭ قىلىدۇ. داستان ۋە زالغا ئوخشاش ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باراي، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقاي. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىيالى نېمىكىن، بىلىپ باقاي. شۇ تاپتا كۆڭلۈم ناھايىتى غەمكىن ۋە پەرىشان، — دېدى.

— ئەي بۇرادەر، — دېدى خاقان، — ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن، تاتلىق ۋە يۇمشاق سۆزلىگىن. ئەگەر ئۇ سۈلھى قىلىش پىكرىنى ئېيتسا، ئەلۋەتتە تولىدىن تولا ھەدىيەلەرنى بېرىشنى قوبۇل قىلغىن. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشتىن خالاس بولساق ئەجەب ئەمەس. ئەگەر سۈلھىگە ئۇنىماي، جەڭ قىلىمىز دېسە، كۆڭۈلنى مەھكەم توختىتىپ جەڭ قىلايلى. ئالەمنى ئۇنىڭ كۆزىگە تار قىلايلى. تەڭرى تائالاغا سېغىنايلى. ئۇ چەۋەندازنىڭ تېنى تۆمۈردىن ياكى ياغاچتىن ئەمەستۇر. بىزنىڭ تېنىمىزگە ئوخشاش گۆش ۋە ئۇستىخاندۇر. ئۇمۇ ھاۋادا جەڭ قىلالمايدۇ. يەردە جەڭ قىلىدۇ. نېمىشقا كۆڭلىمىزگە قورقۇنچ چۈشكۈدەك. بىزنىڭ لەشكىرىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ. بىھۇدە غەم يېمىگىن. رۇستەم زابۇلى شۇنچىۋالا نام چىقارغان بولسىمۇ، مەن شىر، يولۋاسلاردەك بىر ئويۇن كۆرسىتەيكى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ زابۇلىستانلىق مەيدانغا كىرىشنى خالىمايدىغان بولسۇن.

پىران غەمكىن ھالدا رۇستەمنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالدىڭىزغا كەلدىم. مۇبارەك ئېتىڭىزنى مەلۇم قىلغايسىز، — دېدى.

— مەن رۇستەمى داستاندۇرمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پىران ئېتىدىن چاچراپ چۈشۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. رۇستەممۇ ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ:

— ئەي ياخشى خۇيلۇق پالۋان، سىزگە جاھان پادىشاھى كەيخۇسرەۋ ھەم ئۇنىڭ

ئانىسى، يەنى ئەفراسىيابنىڭ قىزى سالام ئېيتتى، — دېدى.

پىران ئېيتتىكى:

— ئەي جاھان پالۋىنى، سىزگە ۋە ئۇلارغا تەڭرى تائالانىڭ سالىمى بولسۇن. خۇداغا شۈكرى، سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆردۈم. ئەي شەۋكەتلىك پالۋان، ئەمدى سىزگە ئېيتاي. بېغىمغا بىر دەرەخ تىككەنىدىم. ئۇ دەرەخ بوي تارتىپ، مېۋىگە كىرگىنىدە، ئۇنىڭ پۈتكۈل مېۋە ھەم يوپۇرماقلىرى قانغا ئايلاندى. يەنى بۇ دېگىنىم: مەن سىياۋۇشنى ياخشى پەرۋىش قىلغانىدىم. ئەفراسىيابنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا بەردىم. مېنىڭ پۈتكۈل بايلىقىم، بەلكى ھاياتىم سىياۋۇش ئۈچۈن ئىدى. سىياۋۇش مېنى ئاتىسى ئورنىدا كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇنى ئۆز ئوغلۇم دەپ بىلەتتىم. ئىسىت، ئەمدىلىكتە سىياۋۇشقا قىلغان ياخشىلىقلاردىن پۈتۈنلەي رەنج - غەم كەلمەكتە. سىياۋۇش ئۈچۈن ئەفراسىيابتىن تولا رەنجلەرنى چەكتىم، كۆپ خىجالەتچىلىكلەرنى تارتتىم. نۇرغۇن ئازار - كۈلپەتكە دۇچار بولدۇم. بۇ ئېيتقانلىرىمغا تەڭرىم ئۆزى گۇۋاھ. سىياۋۇش بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەندىن بېرى نەچچە يىللار ئۆتتى. ئۇنىڭ پىراق ئازابى كۆڭلۈمدىن ھازىرغىچە كەتمىدى. ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈچۈن قان يىغلايمەن. ئاشۇ ئازاب تۈپەيلىدىن دائىم ئاغرىققا دۇچار بولىمەن. سىياۋۇشنىڭ سەۋەبىدىن ئىككى پادىشاھلىق ئوتتۇرىسىدا بىرمۇنچە جەڭگى - جېدەللەر بولدى. ئىككى پادىشاھنىڭ جەڭ قىلىشى خۇسۇسەن ماڭا رەنج - مۇشەققەت بولدى. ئىسىت، بۇ ئالەمدە ۋاپا يوقتۇر. بۇ پەلەك كىشىنىڭ خىيالى بويىچە چۆرگىلىمەيدۇ. مەن سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكنى ئاڭلاپ قان يىغلىدىم ۋە دەرھال شەھىرىمدىن چىقىپ، فەرەڭگىسنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلدىم. ئەگەر مەن قۇتقۇزمىغان بولسام ئەفراسىياب ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. كەيخۇسرەۋ پادىشاھنى ئۆيۈمدە ساقلاپ، ئۆمرۈمدە تارتمىغان رەنجلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتتىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە كەيخۇسرەۋ چوڭ بولۇپ، مېنىڭ جېنىمغا قەست قىلماقتا. ئەي جاھان پالۋىنى مېنىڭ كۆڭلۈم شۇ تۈپەيلىدىن كۆپ رەنج - غەمدە ئۆتمەكتە. ئەفراسىيابتىن قېچىپ، كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا تېخى يول يوق. چۈنكى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەفراسىيابنىڭ دۆلىتىنى كۆردۈم. ئەھلى پەرزەنتلىرىم ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئۇنىڭ ھەددى - ھېسابسىز دۆلىتىنى كۆردى. شۇڭا ئەگەر ئەفراسىياب جەڭ قىلىشقا پەرمان قىلسا، مەن ھەرگىز ئارام تاپماستىن جەڭ قىلىمەن. گەرچە كۆڭلۈمدە جەڭ قىلغۇم بولمىسىمۇ، نائىلاج لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلىمەن. ئۇنىڭ پەرمانىدىن چىقىش ماڭا ياراشمايدۇ. ئەي پالۋان، سىز مەندىن كۆڭۈل ئاغرىتماڭ. مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن يامانلىق گۇمان قىلماڭ. تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىگە يۈزلىنىڭ. سىياۋۇشنىڭ پاك جېنى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ماڭا بۇ جەڭنى قىلىشقا سالاھ كىيگىنىمدىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشىراقتۇر. شۇ تاپتا كامۇس، شەڭگۇل، سەقلاب ۋە ھىندىستاندىن تاكى سىند دەرياسىغىچە لەشكەر يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىگۇناھ ھالدا سىياۋۇشنىڭ خۇنى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. لېكىن قارشىلىشىپ جەڭ قىلغىنىمىزدىن كۆرە سۈلھى قىلغىنىمىز ياخشى ئىدى. ئەي پالۋان، سەن ناھايىتى ئەقىللىق، دانا، ساغلام كىشىسەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن. مەيلىڭ قايسى تەرەپكە تارتىدۇ.

رۇستەم پىراندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ياخشى نىيەتلىك پالۋان، مەن سىياۋۇشنىڭ ئاداۋىتى ئۈچۈن جەڭگە بەل باغلىغاندىن بېرى سەندىن راستچىللىقتىن باشقىسىنى كۆرمىدىم. جەڭ قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنى ئادەملەر ئەمەس، باياۋاندىكى شىرلارمۇ بىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئامالى ئىككى، بۇنى ئۆزۈڭلار مەسلىھەت قىلىڭلار، قايسى ئىش سىلەرگە ماقۇل كەلسە، شۇنى قىلىڭلار. بىرى: سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبكار بولغۇچىلار مۇشۇ جەڭنىڭ سەۋەبكارلىرىدۇر. ئۇلارنى باغلاپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە ئەۋەتكىن. پادىشاھ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بىزنى جەڭدىن ياندۇرىدۇ. يەنە بىر ئامال شۇكى: سەن مېنىڭ بىلەن بىرگە پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بارغىن. باياتىن سەن ئەفراسىيابتىن كۆرگەن دۆلەتلىرىڭنى ئېيتتىڭ. كەيخۇسرەۋ پادىشاھتىن ئۇنىڭ بىرىگە ئون، ئۇنىڭغا يۈز ھەسسىلەپ دۆلەت كۆرسەن. تۇرانىنى ھەتتا يادىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايسەن.

پىران ۋىسە رۇستەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنى كۆڭلىدىن كەچۈردىكى، ئەفراسىيابنى تاشلاپ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىش مەسلىھەت ئەمەس. يەنە سىياۋۇشنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەفراسىيابنىڭ قېرىنداشلىرى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ناھايىتى ئۇلۇغ تاج ـ تەخت ئىگىلىرى ۋە بۈيۈك پادىشاھلار. ئەمدى بۇ ئىشلارغا قانداق جاۋاب ئېيتسام بولار، دەپ كۆپ ئويلىدى. ئاخىر رۇستەمگە:

— ئەي جاھان پالۋىنى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. مەن بۇ ئىشنى ئۆز لەشكەرلىرىمگە، پادىشاھ ۋە پالۋانلارغا ئېيتاي. ئەفراسىيابقا ئەلچى ئەۋەتەي، — دەپ ئۆز لەشكىرى تەرەپكە ياندى.

پىران ۋىسە بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يىغدى. ئۇلارغا:

— ئەي قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم، بىلىڭلاركى، بۇ كەلگىنى پىل تەنلىك رۇستەم ئىكەن. زابۇل ۋە كابۇل شەھىرىنىڭ ھەممە ئۇلۇغلىرى بىللە كېلىپتۇ. بۇ لەشكەرگاھ بىزگە ماتەم سارىيى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. رۇستەمى داستان، گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد، گىۋ ۋە تۇس قاتارلىقلار جەڭ مەيدانىغا كىرسە، بۇ لەشكىرىمىزدىن بىر ئادەمنىمۇ تىرىك قويمايدۇ. پۈتكۈل مال ـ مۈلۈك، تاج ـ تەختىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ. ئەپسۇس، مەن ئەفراسىياب دېگەن زالىمغا «سىياۋۇشقا يامانلىق قىلمىغىن» دەپ تولىدىن تولا ئېيتتىم. ئۇ جاپاكەش مېنىڭ مەسلىھەتلىرىمنى ئاڭلىمىدى. پەرمانىمنى تۇتمىدى. مانا ئەمدى شۇنچە پادىشاھلار ۋە پالۋانلار ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭ نە تەختى قالار، نە سىپاھ لەشكەرلىرى قالار. بۇ جەڭدىن ئىران پادىشاھى خۇشال بولىدۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزگە دەردۇئەلەم يېتىدۇ. تەنلىرىمىز ئاتلار ئايىغىدا يانجىلىدۇ. پىل تەنلىك رۇستەم سىياۋۇشنىڭ پىراقىدا ناھايىتى ئاداۋەتلىك ھالدىدۇر. ئىسىت، قېرىنداشلىرىم ھۇمان، دەرۋىنلەرنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەمدى خاقانى چىننىڭ ئالدىغا باراي. بېشىمغا چۈشكەن بۇ غەملەرنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلاي، — دەپ خاقانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا خاقانى چىننىڭ بارگاھى ئالدىدا جەلق نالە ـ زار قىلىپ تۇرۇپتۇ. كامۇس كۇشانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ داد ئېيتىشىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، — دېيىشتى ئۇلار، — بۇنىڭدىن كېيىن ئەفراسىيابنىڭ ئۇلۇغلۇقى كەتتى. ئەمدى ئۇلۇغلۇقنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شاھىم، ئەمدى كۇشان ۋە چىندىن

شەھەرلىرىمىزگە سان ـ ساناقسىز لەشكەر يىغىپ، كامۇسنىڭ ئۈچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلايلى. ئەفراسىيابمۇ لەشكەر تارتىپ كېلەر. ئۇ چاغدا رۇستەمنى ھالاك قىلىپ، سىيىستان شەھىرىگە ئوتلارنى ياقارمىز. ئۇلارنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەرنى سالىمىز.

پىران بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ غەمگە پاتتى. ئۇلارغا:

— ئەي بىچارە غەمكىنلەر، سىلەرنىڭ تېخى خەۋىرىڭلار يوق. ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ قاپتۇ. بىر لەھەڭ دەريادىن چىقىپ، سىلەرگە قەست قىلىۋېتىپتۇ. ئۈستىبېشىغا يولۋاس تېرىسىدىن ئولپاق كىيىپتۇ، — دېدى، ئاندىن كېيىن خاقاننىڭ ئالدىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، بىزنىڭ بۇ جېڭىمىز ئۇزاققىچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بەزى سەردارلار پادىشاھ ئەفراسىيابنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويدى. پادىشا ئەفراسىياب ئەقىلسىز گەرسىۋەزنىڭ سۆزىگە كىرىپ، سىياۋۇشقا شۇنداق يامان ئىشلارنى قىلدى. ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىنى باسسا زەھەردە ئۆلمەكتىن باشقا ئىش يوق. سىياۋۇش ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە خۇش خۇي شاھزادە ئىدى. ئۇنى رۇستەم بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئەگەر جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ مەيدانغا كىرسە، شىر ۋە پىللارغىمۇ تاقابىل تۇرالايتتى. ئەمدى بىزنىڭ لەشكىرىمىزگە پالاكەت يۈزلەندى. رۇستەم ئېتىغا مىنىپ جەڭگە كىرسە ئۇنىڭ ئالدىغا كىم چىقىدۇ؟! بىز شۇ تاپتا قازايى ئاسمانغا ئۇچراۋاتىمىز. ئەمدى ھەممە ئەمىر ۋە دانىشمەنلەرنى يىغىپ، بىر ياخشى مەسلىھەت تېپىپ، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلىشىمىز كېرەك. رۇستەمگە تەڭ تۇرالايدىغان پالۋان كىم؟ شۇنى تەپتىش قىلىشىمىز كېرەك.

خاقانى چىن پىراننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غەمكىن بولدى ۋە خۇدايى تائالانى يادىغا ئېلىپ مەدەت تىلىدى. ئاندىن:

— ئەي قوشبېگى، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

شەڭگۇل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ھەي، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىسەن؟ بىز ئەفراسىيابقا ياردەم بەرگىلى كەلگەنىدۇق، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا ئىنئام ئالدۇق. ھەممە ئىقلىمدىن لەشكەر يىغىپ گوياكى شىرلاردەك ھۆر كىرەپ كەلگەنىدۇق. ئەمدى تۈلكىدەك ئاجىز بولدۇقمۇ؟! بىر سېغىز خاندەك ئەردىن قورقۇپ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىسەن، نومۇسۇڭ نەگە كەتتى؟! رۇستەم مەست پىلدەك قەھرلىك بولغان تەقدىردىمۇ، جەڭلەردە شىرلارنى تۇتقان تەقدىردىمۇ، بىر كامۇسنىڭ ئەجىلى يېتىپ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەنگە مۇنچىۋالا غەمگە چۆكۈپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. كىم ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن؟! ئەمەلىيەتتە خەقلەر مەندىن قورقۇپ، دەرەخ ياپرىقىدەك تىترىشىدۇ. پىران ئالەمدىكى پالۋانلار ئىچىدىن رۇستەمدىن باشقىسىنى ئەر قاتارىدا كۆرمەيدىكەن. بىز جەڭگە كۆڭۈل قويۇپ ئۇلارغا ئوق ياغدۇرۇشىمىز كېرەك. ئوقلىرىمىز ھاۋانى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەتسۇن. بىز گۇرزىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىغا چىقايلى، ئەي پالۋانلار، مەن نەرە تارتقان ھامان ھەممەيلەن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. بىزنىڭ شۇ قەدەر داڭلىق پالۋانلىرىمىز مىڭدىن ئاشىدىغان تۇرسا، بىر كىشىدىن مۇنچىۋالا قورقۇپ زارلانساق قانداق بولغىنى؟! ئۆلمەي تۇرۇپ جېنىمىز

چىقىپ كەتسە، بۇ قانداق گەپ؟! مەن رۇستەم دېگەن سېغىزخانغا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلاي، سىلەر بىر يولى ھۇجۇم قىلىڭلار. ئۇ مۇشۇنچىۋالا خالايىق ئىچىدىن قانداق خالاس بولۇپ چىقىدىكىن قېنى، كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

تۇران لەشكەرلىرى شەڭگۇلدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گۇلدەك ئېچىلدى. پىران ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەلدى. ھەممە ئۇلۇغلار ئۇنىڭ بارگاھىغا كېلىشتى. ھۇمان پىراندىن:

— ئەي ئاغا، خاقانى چىنىنىڭ مەسلىھەتى نەگە توختىدى؟ رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىمىز دەمدۇ ياكى سۇلھى قىلىمىز دەمدۇ؟ - دەپ سورىدى. پىران ئۇنىڭغا شەڭگۇلنىڭ جەڭ قىلىش ھەققىدە ئېيتقان گەپلىرىنى دەپ بەردى.

ھۇمان پەرىشان بولغان ھالدا:

— ئەي قېرىنداشىم، شەڭگۇلنىڭ بۈگۈن بەختى يېنىپتۇ، — دېدى.

— پەلەك قانداق چۆرگىلىسە شۇنداق بولار، - دېدى پىران.

ھۇمان بارگاھتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، گۇلبادقا ئۇچرىدى.

— ئەي گۇلباد، — دېدى ئۇنىڭغا ھۇمان، — بۇ شەڭگۇل دېگەن نېمانداق ئەقىلسىز ئادەمدۇر؟ ئۇ رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىشنى قەستلەۋېتىپتۇ. ئىش دېگەننى پايدا - زىيىنىغا قاراپ بېقىپ قىلىش كېرەك - دە، ئەلۋەتتە. كۆرۈپ قالسەن، بۇ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ۋە پالۋانلىرىمىزنىڭ پىلدەك جىسمى دۇبۇلغا قۇياقلىرى بىلەن قان تۇپراققا بۇلغىنىپ ياتقۇسىدۇر.

گۇلباد ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، جېنىڭىز تېنىڭىزدە بار ئىكەن، بۇنداق يامان پالنى ئاچماڭ. ئىش بەلكىم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەچكەندىن باشقىچە بولۇپ چىقسىمۇ ئەجەب ئەمەس. كەلمىگەن ئىشتىن غەم يەپ كەتمەڭ، — دېدى.

بۇ تەرەپتە ئىران پالۋانلىرى يىغىلدى. تۇس ئىبنى نەۋدەر، گۇدەرز، گىۋ، رۇھام، فەرپىز، گۇستەھەم، خەرراد، كەركىن، بىجەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەم بولدى. رۇستەم ئۇلارغا:

— ئەي ئۇلۇغلار، ھەر كىشىگە تەڭرى تائالا بەخىت - ئامەتنى يار ئەتسە، ئۇ كىشىنى تاج - تەختلىك، شان - شەۋكەتلىك قىلىدۇ. جەڭلەردە غالىب قىلىدۇ. شىر، پىل ۋە لە-ھەڭدىنمۇ قورقمايدىغان پالۋان قىلىدۇ. بىزنىڭ شۇ تاپتىكى غالىبلىقىمىزمۇ خۇدايى تائالانىڭ مەرھەمىتى تۈپەيلىدىندۇر. بىزگە بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ مەغرۇرلىنىپ كېتىش ياراشمايدۇ. چۈنكى بۇ پانى دۇنيادا ياخشى - يامان ئىشلار بىر ئىزدا تۇرمايدۇ. ئىش داۋاملىق ئوڭدىن كېلىۋەرمەيدۇ. پىران مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە كۆڭلى غەمكىن ھالدا بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدى. سىياۋۇشقا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ۋە فەرەڭگىسنى ئەفراسىيابنىڭ قولىدىن خالاس قىلغانلىقلىرىنى ئېيتتى. ياخشى، يۇمشاق ۋە مۇلايىم سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئويلايمەنكى، بۇ جېدەللەرنىڭ ھەممىسى پىراننىڭ ئۆلكىسىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. يەنە جەڭ قىلىدىغان بولساق ئۇنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى، ئۇلۇغ بەگلىرى، ئىنىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلىدۇ. ئەفراسىياب كەيخۇسرەۋنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. مەن بۇ ۋەقەلەرنى چۈشۈمدە

كۆرگەن. بۇلار ھەممىسى ئۆلدۇ. بىراق مەن پىراننىڭ مېنىڭ قولۇمدا بۇ جامائەت بىلەن بىللە ئۆلۈشىنى خالىمايمەن. چۈنكى پىران راست سۆزلۈك، ياخشى خۇيلۇق كىشىدۇر. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئېيتقان شەرتلىرىمنى بەجا كەلتۈرسە، گۇناھكارلارنى بىزگە تاپشۇرسا ۋە باج ـ خىراج بېرىشنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنى توختاتساق. چۈنكى جەڭدىن سۈلھى ئوبداندۇر. باج ـ خىراج بېرىپ، ئۇلارمۇ مۇشەققەتتىن خالاس بولسا، بىزمۇ ئارام تاپساق، ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسەك. جاھاندىكى جەڭلەرنىڭ ھەممىسى مال ـ دۇنيا ۋە تاج ـ تەخت سەۋەبىدىن بولىدىغۇ ؟! ـ دېدى.

رۇستەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان گۇدەرز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي پالۋان، توغرا ئېيتىسىز. جەڭ قىلغاندىن سۈلھى قىلغان ياخشىدۇر، بۇنىڭدا شەك يوق. بىراق مەن ئەمدى سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي. ئۇ بەتئەسلىلەرنىڭ جان ۋە جىسمىدىن راستلىق يوقالغان. گەرچە ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئەھدۇ پەيمانلارنى قىلسىمۇ، لېكىن ئىشنى ئۆز ۋەدىسىدىن باشقىچە قىلىۋېرىدۇ. خۇدايى تائالا ئۇلارنى ئاشۇنداق يارىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى راست دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى بىر قېتىم بىز بۇ يەرگە جەڭ قىلغىلى كەلدۇق. پىران بىزگە ئەلچىلىككە كەلدى. ئۇ بىزگە: «سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشتىن، سىلەرگە ئاداۋەت تۇتۇشتىن بىزارمەن. كەيخۇسرەۋنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلىدىم. ئۆز مەملىكىتىم ۋە شەھەرلىرىمنى خالىمايمەن» دەپ تولىدىن تولا نەسىھەت سۆزلىرىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن يەنە: «مەن بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا خەۋەر يەتكۈزەي» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەي پىران، ئۆزۈڭ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلمىسەڭمۇ مەيلى. چۈنكى تۇراندا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ، تاج ـ تەختىڭ، مال ـ مۈلۈكلىرىڭ كۆپ. لېكىن بېرىپ ئۆز شەھرىڭدە ياتقىن. بۇ جەڭدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالغىن. شۇنىڭدىن سېنىڭ كەيخۇسرەۋگە ئاداۋىتىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولسۇن» دېدىم. پىران بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ياندى. لېكىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. ئەي پالۋان ھازىر ئۇ سىزنىڭ سىرتمىقىڭىزدىن قورقۇپ ھەر خىل يۇمشاق گەپلەرنى ئېيتقاندۇ. ئۇلارنىڭ پۇشتى پاناھى كامۇس كۇشانى ئىدى. سىز ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، سىرتمىقىڭىزغا دۇچار قىلغاندىن كېيىن، قورقۇنچقا چۈشۈپ، سۈلھى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ باياۋاندا ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم. ئىش چىڭ يېرىگە چىقتى. شۇڭا ئۇلار ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى دوستلۇق ئەمەس، دۈشمەنلىكتۇر. بۈگۈن ئۇ سىزگە گۇناھكارلارنى ۋە مال ـ خىراجنى بېرىمەن دەپتۇ. ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇمكى ئۇ ئەتە ناغرىلىرىنى چېلىپ، نەيزىلىرىنى ئېلىپ، لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ بىز بىلەن جەڭ قىلىدۇ. سەپلىرىنى راۋۇرۇس تۈزۈپ ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىدۇ. پىراننىڭ ئېيتقان سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغان. ئۇنىڭ خۇيلىرى شەيتان سۈپەتلىكتۇر. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بەھرامغا، لەشكەرلىرىمگە نېمىلەرنى قىلمىدى ؟! مەن تىرىك بولساملا قان ـ ياش يىغلايمەن. مېنىڭ بۇ دەردىمنىڭ دەۋاسى تىغ ۋە خەنجەردۇر. ئۇ گۇدەرز ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرگىنە گىۋ داستانلا قالدى، — دېدى.

رۇستەم گۇدەرزدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پالۋان، سىنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ئەقىل - ئىدراك مىزانلىرىغا ئۇيغۇن. سۆزلىرىڭ توغرا، پىران بىزگە سىرداش بولىدىغان كىشى ئەمەس. لېكىن ئۇ سىياۋۇش ئۇچۇن كۆپ غەم ۋە مۇشەققەت چېكىپتۇ. شاھ كەيخۇسرەۋ ئۇچۇن نۇرغۇن ئەلەم تارتتى، كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. ئەگەر ئۇ ئېيتقان سۆزىدىن يېنىپ، بىز بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلسە، مەنمۇ سالمىنى بېلىمگە چېگىپ، جەڭگە تەخ بولۇپ تۇرىمەن. ئەمما ئاۋۋال ياخشى نىيەت ۋە ياخشى گۇمان بىلەن مەيدانغا كىرىمەن. ئىش ئەگەر مېنىڭ گۇمانىمدەك بولسا ياخشى، ئەگەر پىران سۆزلىرىدىن يېنىۋالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزدىن ياخشىلىق ۋە رەھىم - شەپقەت كۆرمەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان گۇدەرز بىلەن فەرپىز رۇستەمگە بارىكاللا ئېيتتى.

— ئەي جاھان پالۋىنى، — دېدى ئۇلار، — ھىيلە - مىكىر، يالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئاشكارىدۇر. بۇ جاھاننىڭ تاج - تەختى سىزدىن خالىي بولمىغاي.

— كۈن كەچ بولدى، — دېدى رۇستەم پالۋانلارغا، — ئولتۇرايلى ياكى تۈن يېرىمىغىچە مەي ئىچەيلى. ئاندىن كېيىن غەمسىز بولۇپ، لەشكەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى. خۇدايى تائالا نېمە پەرمان قىلىدۇ، غايىبلىق پەردىسى ئىچىدىن نېمە ئاشكارا بولىدۇ، قاراپ باقايلى.

شۇ كېچىسى رۇستەم پالۋانلار بىلەن بىللە مەي ئىچىشتى.

— ئەي ئۇلۇغلار، — دېدى ئۇ سۆز ئارىسىدا، — ئەتە مەن چەۋەنداز سامنىڭ گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ جەڭگە كىرەي. شۇنىڭدىن كېيىن كۆرىسىلەر، ئۇلارنىڭ تاج - تەختىنى، مال - مۈلكىنى ۋە جەڭ پىللىرىنى ئېلىپ سىلەرگە بېرىمەن.

ئىرانلىقلارنىڭ خۇشاللىقتىن تەھسىن - ئاپىرىنلىرى پەلەككە يەتتى. ھەممە پالۋانلار شادىمان ھالدا تارقىدى.

ئەتىسى پارلاق قۇياش پەلەك بۇرجىدىن باش چىقاردى. تۇس ئىبنى نەۋدەرنىڭ بارگاھىدىن ئاڭلانغان جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى پەلەككە ئۆرلىدى. ئات تۇياقلىرىدىن زېمىن نىل رەڭگىدە كۆكەردى. تۇغ - ئەلەملەرنىڭ تولىلىقىدىن ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. جاھان پالۋىنى رۇستەم جەڭ كىيىملىرىنى كىيدى. ئوڭ قولغا گۇدەرز ئىبنى گەشۋادنى، سول قولغا فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇسنى ئەۋەتتى. تۇس ئىبنى نەۋدەر لەشكەر ئوتتۇرىسىدا قارار تاپتى. رۇستەم لەشكەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەجدىھادەك تۇردى.

ئۇ تەرەپتە خاقانى چىن لەشكەرلىرىنى ياسال قىلىپ، جەڭ پىللىرىنى تەخلەپ تۇردى. پىران لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارار تاپتى. ئاندىن شەڭگۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي نامدار پادىشاھ، سىز ماڭا: «ئەتە جەڭگە كىرىپ، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ مېڭىسىنى چىقىرىمەن. نە قېرى نە ياشلىرىنى قويماي يوقىتىمەن. رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىمەن» دەپ، كۆڭۈللەرنى شاد قىلغانىدىڭىز. بۈگۈن ئۇ ۋەدىڭىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

شەڭگۇل ئېيتتىكى:

— ئەي قوشبېگى، مەن ئېيتقان سۆزۈمدىن ھەرگىز يانمايمەن. مەن ئەمدى مەيدانغا كىرىپ، سىز تەرىپىلىگەن پالۋاننىڭ مېگىسىنى چىقىراي. كامۇسنىڭ ئۈچىنى ئالاي، ئىرانلىقلارغا جاھاننى قاراڭغۇ قىلاي.

خاقانى چىن لەشكىرىنى ئۈچ قىسىمغا بولدى. جەڭ ناغرىسىنى چالدى. ئوڭ قولغا ئوتتۇز مىڭ پالۋان باردى. بېشىغا ئالتۇن كۇنلۇكلەرنى تارتتى. شەكگۇل شۇنداق ياسداقلار بىلەن مەيدانغا كىردىكى، پىل ئۈستىدە ئالتۇن مەپە، مەپە ئۈستىدە ئالتۇن تەخت ئورنىتىلغانىدى. شەكگۇل ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالغانىدى. پىران بۇ ياسداقلارنى كۆرۈپ خوشال بولدى ۋە رۇستەمنىڭ جېڭىدىن بىغەم بولدى.

— ئەي ئىنىم، — دېدى پىران ھۇمانغا، — بۇگۇن مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان كۈندۇر. مۇنداق ياسداقلىق پالۋانلار تۇرۇپتۇ. ئەي قېرىندىشىم سەن بۇگۇن ئەلۋەتتە سەپنىڭ ئالدىغا بارمىغىن. ئۇلار بىلەن تەڭلا جەڭ قىلمىغىن. خاقانى چىننىڭ ئارقىسىدا تۇرغىن. رۇستەم زابۇلى سېنى قارا ئەلەم بىلەن كۆرسە ئەلۋەتتە ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا ئىككى يۈزچە پالۋان بىلەن ئارقىدا تۇرغىن. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز قانداق بولىدۇ، بەختىمىز قانداق، قاراپ باقايلى.

پىران ۋەسە شۇندىن كېيىن لەشكەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. رۇستەمى داستان ئۇنى كۇتۇپ تۇرغانىدى. پىران رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. قۇللۇق بەجا كەلتۈرۇپ، باركاللا ئېيتتى:

— ئەي پالۋان، — دېدى پىران رۇستەمگە، — دۇنيادا سىزدىن كۈچلۈكرەك پالۋان يوقتۇر. خۇدايىتائالا سىزنى ھەر دائىم شادخۇرام قىلسۇن. قورقۇنچ ۋە بەختسىزلىكتىن يىراق قىلسۇن. ھەمىشە تاجۇ تەختتىن ئايرىمىسۇن. تۇنۇگۇن مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن قايتقاندىن كېيىن، سۆزلىرىڭىزنى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزدۇم. سىزنىڭ ھۇنەر ۋە ماھارەتلىرىڭىزنى تەرىپلەپ ئۆتتۈم، جەڭ ۋە سۈلھى توغرىسىدا ئېيتقان خىلمۇ خىل سۆزلىرىڭىزنى تولۇق بايان ۋە ئايان قىلدىم. ئۇلار ئاخىر ئېيتىشتىكى: «بۇ مەسلىھەتنى قانداق ئورۇندىغىلى بولىدۇ؟ مال مۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈش، تاج - تەخت بەرسەك بولىدۇ. لېكىن سىياۋۇشنىڭ ئۈچى گەرسىۋەز، گەرۇۋى، زەرە قاتارلىقلارنىڭ زىممىسىدە. ئۇلارنى بەرسەك ياراشماس.» ئەي پالۋان، سەنمۇ ئويلاپ كۆرگىن، گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئەفراسىيابنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاجۇ تەختلىك پادىشاھلاردۇر. ئۇلارنى قانداق سىلەرگە بەرگىلى بولسۇن؟ مۇنچىۋالا لەشكەر چىن شەھىرىدىن، سەقلاب ۋە چىلان شەھەرلىرىدىن ھەشەم بىلەن كېلىپ جەم بولدى. مەن پادىشاھ ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۈلھى تىلىدىم. ئۇ ماڭا ئاچچىق بىلەن قاتتىق جاۋابلارنى قىلدى. مېنى دەككە - دەشناملار بىلەن قوغلىدى. دەريادەك لەشكەرلەر ۋە ئۇلۇغ پالۋانلار سىز بىلەن جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇلار سىلەرنى: «ئۇ ئىرانلىقلارنىڭ بىر كىشىسىنىمۇ ھايات قويمايمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەم، لېكىن پىكىر - خىيالى بىز بىلەن زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار سىلەرنى زادى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. سىزنى رۇستەم دېمەي، سېغىزخان دەپ ئاتايدۇ. ھىندىستان پادىشاھى، پالۋان شەكگۇل لاپ ئۇرۇپ، پۈتۈن

جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، سىز بىلەن جەڭ قىلىشقا ياسىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەي پالۋان، ماڭا ئېنىقكى، بۇ جەڭدە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز خار-زار بولغۇسىدۇر. بىلمەيمەن بىزدىن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردە قالغۇدەك نېمە سەۋەنلىك ئۆتۈلدىكىنتاڭ.

رۇستەمى داستان پالۋان پىران ۋىسەدىن بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەي بەتبەخت شۇنداق مىكرى پىرىپتىلەرنى سۆزلەيسەنكى، ئۇنىڭ ھەددى-پايانى يوق. جاھان پادىشاھى كەيخۇسرەۋ سېنىڭ مۇشۇنداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يالغانلىرىڭ ھەققىدە كۆپ گەپ قىلغانىدى. لېكىن مەن سېنىڭدىن گۇمان قىلمايتتىم. مانا سېنى كۆردۈم ۋە بىلدىم. ئېنىقكى، سېنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭ باشتىن ئاياغ يالغاندۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنداق جەڭلەرگە باشتىن-ئاياغ ئۆزۈڭ پىر-ئۇستازلىق قىلىپ، ئۆز قېنىڭ ئۈستىدە يۇمۇلىنىۋاتىسەن. بۇ سەن ئۈچۈن ناھايىتى يامان ئىشتۇر. بۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىشلار تېخى سېنىڭ ئالدىڭغا زامان-زامانلاپ كەلگۈسىدۇر. تاج-تەختىڭ، خەزىنە-دەپىنىلىرىڭ بەربات بولغۇسىدۇر. ساڭا زالىم تەبىئەتلىك ئەفراسىياب شەھرىدىن، بۇ شۇملۇق ئۆلكىسىدىن بەخت-سائادەتلىك، ئاۋات ئۆلكە بولغان ئىران شەھرىگە بارارمىكىن دېگەن نىيەتتە رەھىم-شەپقەت قىلىپ نەسىھەت قىلغانىدىم. سېنىڭدەك قىممەت باھالىق خورازنىڭ بېشى بۇ ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى ئاستىدا قېلىپ، قەدىرسىز بولۇپ قالمىسۇن دېگەنىدىم. ئەي تېگى پەس بەتبەخت، سەن بىلمەيسەن. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ناھايىتى ئادىل، پۇقرالارغا رەھىمدىل ۋە مېھرىبان، خۇش چىراي ۋە خۇش خۇي پادىشاھتۇر. سىپاھلارغا پەرۋىش قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى يۈزى ئوچۇق، شېرىن سۇخەن يىگىتتۇر. سېنىڭ ئەفراسىياب ئالدىدا زەر تاج ۋە زەرباب كىيىملەرنى كىيىپ، لەزىز تائاملارنى يەپ يۈرگىنىڭدىن كۆرە، چايانىنىڭ گۆشىنى يەپ، يولۋاس ۋە خورازنىڭ تېرىسىنى كىيىپ يۈرگىنىڭ ئەۋزەلدۇر.

پىران رۇستەمگە:

— ئەي بەختلىك ۋە ئېسىل پالۋان، سىزنىڭ بۇنداق گەپ قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممە ئۇلۇغلار سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزگە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىشىدۇ. ئەمما مېنىڭ جان ۋە كۆڭلۈم سىزنىڭ پەرمانىڭىزدا ئىكەنلىكىنى ۋە جان پىدالىق قىلىۋاتقانلىقىمنى سىزدىن باشقا كىم بىلىدۇ؟ مەن بۇ كېچە مەسلىھەت قىلاي ۋە لەشكەرگە ئېيتاي، — دېدى-دە، ئۇ يەردىن ئۆز لەشكەرلىرى ئارىسىغا قايتىپ كەلدى.

رۇستەم ئىرانلىقلارغا مۇنداق دېدى:

— ئەي پالۋانلار، بۈگۈن مەن بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم. سىلەرمۇ پۈتۈن ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. بۈگۈن ئۇلۇغ جەڭ بولغۇسىدۇر. ماڭا مۇنەججىملەر: «سەن بىر كۈنى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا جەڭ قىلىسەن. ئۇ كۈنى يەرلەر ئادەم قېنى بىلەن بويىلىپ كېتىدۇ. ئۇ جەڭگە تولىدىن تولا ئەرەنلەر كىرىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىپ، ئېغىر گۇرزىلەرنى مومدەك قىلىسەن» دېگەنىدى. ئەمدى مېنىڭ ئالدىمغا جەڭ قىلىشقا قانداق كىشى كېلىشىدىن قەتئىينەزەر غەمكىن بولماڭلار. ئەگەر ئاسمان-زېمىننى ياراتقان خۇدايى تائالا ماڭا يار بولسىلا، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ قوللىرىنى سىرتمىقىم بىلەن باغلاپ تاشلايمەن. سىلەر

ئۇلارنىڭ پالۋانلىرىدىن قورقماڭلار . مېنىڭ ئەجىلىم جەڭدە بولسا ، مەجلىستە ئۆلمەيمەن . ھەممە ۋاقىتتا ئۆلۈم بار . لېكىن جاھاندا بىر ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىش كېرەك . ئۆتىنىڭ ئالەمگە مەھلىيا بولۇپ كېتىشكە بولمايدۇ . قايسى كىشىگە ئەقىل يار بولسا ، ئۇ تاج ـ تەختكە ئىگە بولغان كىشى بولغان تەقدىردىمۇ بۇ دۇنياغا كۆڭۈل باغلىمايدۇ .

— ئەي پالۋان ، — دېدى ئىران ئۇلۇغلىرى ، — سېنىڭ پەرمانىڭ قۇياش ۋە ئايدىنمۇ يۇكسەكتۇر . بىز شۇنداق جەڭ قىلايلىكى ، نامىمىز قىيامەتكىچە قالسۇن .

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنى سەپراس قىلىپ تۇرۇشتى . ئىككى لەشكەر بىر ـ بىرىگە ئوق ۋە شەمشەر ياغدۇردى . ئوقلارنىڭ تولىلىقىدىن ھاۋانى بۇركۇت قانىتى قاپلاپ كەتكەندەك بولدى . نەيزىلەرنىڭ ۋە گۇرزىلەرنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ ، تاراق ـ تۇرۇق قىلغان ئاۋازلىرىدىن ئاسماندىن تاش ياغقاندەك بولدى . ئادەملەرنىڭ تەنلىرى چاك ـ چاك بولۇپ ، قان ـ تۇپراققا بۇلغىنىپ ياتاتتى . گۇدەرز :

— مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى مۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغان ، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ، — دېدى .

تۇران لەشكىرىدىن شەڭگۇل مەيدانغا كىردى . شىرى غەررانىدەك نەرە تارتىپ :

— قېنى ئۇ رۇستەم دېگەن سېغىزخان ؟! مەيدانغا كەلسۇن ! مېنىڭ ئالدىمدا نېمە قىلىدىكىن كۆرۈپ باقاي ! — دەپ ۋارقىرىدى .

شەڭگۇلنىڭ نەرە ئاۋازى رۇستەمگە يەتتى . مەيدانغا قارىغانىدى ، ئۇنى كۆردى . رۇستەم ئۆز يارانلىرىغا :

— مەن بىر مەر پالۋان مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنى خالاپ كەلسە ، خاھى سەقلاب شەھىرى بولسۇن ياكى ھىندىستان شەھىرى بولسۇن ، مەيلى شەمشىرى بولسۇن ياكى ئۇلپىقى بولسۇن ھەممىسىنى قويماي يوق قىلسام دەپ خۇدايى تائالادىن تىلەپ تۇراتتىم ، — دەپ ، ئاتلىنىپ مەيدانغا كىردى . شەڭگۇلنىڭ ئالدىغا كېلىش بىلەنلا نەرە تارتىپ :

— ئەي قىلىقسىز تېگى پەس ، ئاتام زال ماڭا رۇستەم دەپ ئات قويغان تۇرسا ، سەن نېمە ئۈچۈن مېنى سېغىزخان دەيسەن ؟! ئەمدى كۆرگىن ، سېغىزخان سېنى ئۆلتۈرىدۇ . ئۇلپىقلىق ساڭا كېپەن بولىدۇ ، — دېدى . ئاچچىقى بىلەن شەڭگۇلغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنىڭغا بىر نەيزە ئۇردى . ئاندىن شەڭگۇلنى ئېگەرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە ئۇردى . ئاندىن قولىنى شەمشەرگە ئۇزاتتى . شۇ چاغدا تۇران پالۋانلىرى ھۇجۇم قىلىپ ، رۇستەمگە چۇمۇلە ۋە قۇرتتەك ئېسىلدى . غەلۋە غوۋغا قىلىشىپ ، شەڭگۇلنى رۇستەمنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدى . شەڭگۇل ئېيتتىكى :

— ئەي پالۋانلار ، بۇ سېغىزخان ئادەم ئەمەسكەن . بۇ ئالەمدە بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان پالۋان چىقمىغۇدەك . بۇ تاغ ئۈستىدە تۇرغان بىر مەست پىلغا ئوخشايدىغان نەرسىكەن . ئەجدىھا بىلەن ھېچكىم يالغۇز جەڭ قىلمايدۇ . ھەممىڭلار بىر يولى ھۇجۇم قىلىڭلار !

شەڭگۇل شۇ سۆزنى ئېيتتىيۇ ، لېكىن ئۆزى جەڭ مەيدانىدىن شامالدەك تېز قېچىپ ، ياقىلىرى يىرتىلغان ، يۈزلىرى توپا ـ تومان ھالەتتە خاقانىنىڭ ئالدىغا باردى . خاقان ئۇنىڭغا :

— تۈنۈگۈن سېنىڭ ئەھۋالىڭ باشقىچە ئىدى ، بۈگۈن بۆلەكچە بولۇپ قاپسەنغۇ ؟ —

دېدى.

خاقان پەرمان چۈشۈردى. لەشكەرلەر رۇستەمگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەممىسى بىر يولى ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى، رۇستەم شەمشىرىنى سۇغۇردى. ئۇ دەريادەك لەشكەر ئىچىدە شەمشەر ئوينىتىپ، ئادەم قېنىنى دەريادەك ئاققۇزدى. ئۇنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلگەن خاھى ئادەم خاھى پىل بولسۇن تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. تۇرانلىقلار رۇستەمنىڭ بېشىغا يامغۇردەك ئوق، قىلىچ ۋە نەيزە ياغدۇرۇۋەتتى. نەيزىلەر رۇستەمنىڭ بەدەنلىرىگە تېگىپ تۇراتتى. رۇستەم ھەر بىر قىلىچ ئۇرغاندا ئۇ نەيزىلەرنى كېسىپ، قەلەم قىلاتتى. پات - پاتلا نەرە تارتاتتى. ئىران پالۋانلىرى رۇستەمنىڭ ئارقا تەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۆلۈكلەردىن دۆۋىلەرنى قوپۇرۇپ، قانلارنى ئاققۇزدى. ئاسمان بىلەن زېمىننى بىر - بىرىگە ئۇرغاندەك، قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. لەشكەر ئارىسىغا چىلىق - چىلىق قانلارنى ئاققۇزدى. نۇرغۇن تۇران لەشكەرلىرى تاغ ئەتراپىنى ۋە دەشت - باياۋاننى قاپلاپ كەتكەنىدى. ھەممىسى بىر رۇستەمنىڭ قولىدا زەخمىدار ۋە مەجرۇھ بولدى. ئۇلار ھەممىسى:

— بۇ سېغىزخانغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بۇ سېغىزخان بىلەن جەڭ قىلىمەن دېگەن ئادەمنى ئاقىل ئادەم دېگىلى بولمايدىكەن، — دېيىشتى. يۈز جەڭگىۋار چەۋەنداز بىر ئادەمگە تەڭ كېلەلمىدى. ئۇلار:

— سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن ئەفراسىيابقا يامان بولدى. ئەمدى ئەفراسىياب رۇستەمدىن قورقۇپ زادىلا ئارام تاپالمايدىغان بولدى، — دېيىشمەكتە ئىدى.

رۇستەم ئىرانلىقلارغا مۇنداق دېدى:

— تۇرانلىقلارنىڭ جەڭ قىلغىنى ئۆزلىرىگە يامان بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممە پىللىرىنى، خەزىنە - دەپىنلىرىنى، تاج - تەختلىرىنى سىلەرگە ئېلىپ بېرىمەن. سىلەر خۇشال - خۇرام بولىسىلەر. ماڭا تەڭرى تائالا يار بولسا، مىنگەن ئېتىم ساق سالامەت بولسا، بۇ باياۋانلارنى گۆرستانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن. ئەمدى سىلەردىن بېرىڭلار لەشكەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، قاچانكى مەن ئورنۇمدىن تەۋرىسەم، سىلەر ناغرا - كانايلارنى چېلىپ، بىر يولى ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار. گۆرزە، شەمشەر ئۇرۇڭلار! ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقماڭلار! تۇرانلىقلارنىڭ سېپىنى يېرىپ ئۆتۈڭلار! ھەممىڭلار ماڭا قاراپ ئىش تۇتۇڭلار، مەن ئۇرسام، سىلەرمۇ گۆرزە ئۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!

رۇستەم شۇ يەردىن مەست پىلدەك ئۆزىنى ئوڭ - سولغا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىر تۇرانلىقلارنىڭ ئوڭ قول سېپىنى بۇزۇپ، نۇرغۇن پالۋانلارنى ھالاك قىلدى.

تۇران لەشكەرلىرى ئىچىدە ساۋە ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى، كامۇس كۇشانىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىدى. غايەت نامدار ۋە ھەيۋەتلىك پالۋان ئىدى. تولا جەڭلەردە غالىب كېلىپ مەغرۇرلانغان ئىدى. ساۋە قولىغا ھىندى قىلىچىنى ئېلىپ رۇستەمگە روبىرو بولدى. رۇستەمنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ:

— ئەي سېغىزخان، سەندىن كامۇسنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن! ئەمدى كۆرگىن، سېنىڭ ئايىغىڭدا نىل دەرياسى مەۋج ئۇرغۇسىدۇر! سەن بۇنىڭدىن كېيىن جەڭ قىلالمايسەن! — دېدى.

رۇستەم ساۋەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى. گۇرزىسىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق ئۇردىكى، ساۋەننىڭ بېشى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. رۇستەمگە بىرمۇ كىشى تەڭ كېلەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇستەم سول تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. لەشكەرلەر رۇستەمدىن قورقۇپ دەرەخ ياپرىقىدەك تىترەپ كەتتى. پالۋان كەھكەشانى بۇ يەردە قارا ئەلەم تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ رۇستەمنى كۆرۈپ، پەرىشان بولدى ۋە:

— مەن تۇرانلىقلار بىلەن چىنلىقلارنىڭ ئۆچىنى ئۇنىڭدىن ئالاي، — دەپ، ئاچچىقلىنىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئۇ مەيدانغا چۈشۈپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. رۇستەمنىڭ قەددى - قامىتىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن جېنى تېنىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «دەرىخا، بۇ بىر مەست پىل ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش، ئۆزىنى دەرياغا غەرق قىلىشتۇر. بۇ پالۋان بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلگەندىن قاچقان ياخشىدۇر» دەپ، ئارقىغا قاراپ قاچتى. رۇستەم شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. رۇستەم قوغلاپ يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلىكىگە نەيزە ئۇردى. كەھكەشانى ئاتتىن يىقىلدى. ئىران پالۋانلىرى رۇستەمنىڭ جەڭدىكى كارامىتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. تۇس بىلەن گۇدەرز خۇشاللىق ناغرىلىرىنى چېلىپ، يېتىپ كېلىشتى. رۇستەم:

— ئالدىمغا يۈز پالۋاننى ئېلىپ كېلىڭلار. ئۇلاردىن كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا پىل، تاج - تەخت ۋە ئالتۇن ئەۋەتەي، — دېدى.

ئىران لەشكەرلىرىدىن مىڭ سەرۋاز گۇرزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. رۇستەم بۇ پالۋانلارغا قاراپ:

— ئەي پالۋانلار بۇ قېتىمقى جەڭگە ھىممەت كەمەرىڭلارنى مەھكەم باغلىغايسىلەر. كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ ۋە سىياۋۇش زېمىنىنىڭ ھەققى، ئەگەر قايسى پالۋان خاقاننىڭ ئالدىدا قاچسا، ئۇنى دارغا ئاسىمەن. بولمىسا قۇدۇق ئاستىغا بەند قىلىمەن، — دېدى.

ئىران پالۋانلىرى خاقان لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى. رۇستەم تەنھا ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈردى. يەر بىلەن ئاسمانمۇ رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. كۈننىڭ يۈزى زەڭگىلەرنىڭ يۈزىدەك قارىداپ كەتتى. باياۋاندىكى ئۆلۈكلەر دۆۋە - دۆۋە بولدى. تۇرانلىقنىڭ نۇرغۇن پالۋانلىرى رۇستەمنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. رۇستەم خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتىپ:

— ئەي تۇراننىڭ پالۋانلىرى، بۇ پىل، تاج - تەخت، ئالتۇن ھالقا، زەرباب تونلارنىڭ ھەممىسى كەيخۇسرەۋغا خاستۇر. ئۇ بۇ جاھاننىڭ پادىشاھى. ئۇنىڭدەك پادىشاھ تېخى بولغان ئەمەس. سىلەر قولۇڭلارنى باغلاڭلار. مەن سىلەرنى كەيخسرەۋ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتەي. ياكى بولمىسا، ھەرقايسىڭلارغا مۇۋاپىق ئەمەل بېرەي. سىلەرنىڭ تىرىك قېلىشىڭلاردا پەقەت مۇشۇ يوللا بار. بولمىسا ھەممىڭلارنى تىرىك قويمايمەن، — دېدى. خاقان رۇستەمنى تىللاپ تۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ھەممىسى مەندىن ئامانلىق تىلىشىڭلار كېرەك. سەن ھەممە پالۋاندىن ئۈستۈن تۇرساڭمۇ يەنىلا مەندىن ئامانلىق تىلەيسەن، — دەپ لەشكەرلىرىگە ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇدى. خاقان لەشكەرلىرى ئوقيانى خۇددى يامغۇردەك ياغدۇ-رۇۋەتتى. گۇدەرز رۇستەمگە زىيان يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئوغلى رۇھامغا:

— ئەي ئوغلۇم، ئىككى يۈز پالۋاننى ئېلىپ جەڭگە كىر. قولۇڭلارغا ئوقيا ئېلىپ، رۇستەمنى قوغداڭلار، — دېدى. ئاندىن كېيىن پالۋان گىۋغا قاراپ:

— ئەي گىۋ، ھازىر قاراپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. لەشكەر تارتىپ جەڭگە كىر-گىن. ئوڭ قول تەرەپتىن بوسۇپ كىرىپ، ھومان بىلەن پىرانىنى توسىغىن، — دېدى. گىۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

رۇھام پەرىشان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. رۇستەم رۇھامغا قاراپ:

— ئەي رۇھام، مەن ئېتىمنىڭ ھېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر ئېتىم ھېرىپ قالسا پىيادە جەڭ قىلىمەن. بۇ لەشكەرلەر چۈمۈلىدەك كۆپ بولسىمۇ قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ، بىر نەرە تارتتى ۋە:

ئەي بەختى يانغانلار، سىلەرگە رۇستەمنىڭ پالۋانلىقىدىن خەۋەر يوق ئوخشايدۇ. مەن ئەجدىھانىمۇ ئۆزۈمنىڭ قاتارىدا كۆرمەيمەن. سىلەرنى بىر-بىرىڭلارنى قويماي قىرىپ تاشلاي-مەن، — دەپ، يېنىدىن سالمىنى ئېلىپ شۇنداق نەرە تارتتىكى، نەرە ئاۋازىدىن ئەجدىھانىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. رۇستەم تەرەپ - تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، سالما تاشلاپ، پالۋانلارنى تۇتاتتى. قولغا چۈشكەن پالۋانلارنى توسقا تاپشۇراتتى. خاقان پىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، رۇستەمگە قارىدى. ئۇ خۇددى دەريادەك چايقىلىپ، تاغدەك ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ خۇددى پىلغا ئوخشاش قولغا شىرنىڭ تېرىسىدىن ياسالغان سالمىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. خاقان رۇستەمنىڭ بۇ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. تۇرانلىقلار-دىن بىر پالۋاننى چاقىرتىپ:

— سەن رۇستەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتقىن. بۇنداق ئاچچىقلانمىسۇن. چىلان شەھرىنىڭ پادىشاھى ۋە چىن پادىشاھى بۇ ئىشتا ئەيىبلىك ئەمەس. يات كىشىلەرگە بىھۇدە دۈشمەنلىك قىلمىسۇن. ئەفراسىيابمۇ بىر پادىشاھ بۇ لەشكەرلەرنى شۇ يىغدى. ھازىر ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم قالمىدى. سۈلھى قىلغىنىمىز ياخشى، — دېدى. ئۇ كىشى رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي جاھان پالۋىنى، خاپا بولمىغىن. خاقاندىن ئۆچ ئالىمەن دېمە. خاقان ئەسكەر چېكىندۈرسە، سەنمۇ لەشكەرلىرىڭنى چېكىندۈر. جەڭ تۈگىدى. كامۇس كۈشانى سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلدى. ھەممە پالۋانلارنىڭ بەختى ياندى، — دېدى. رۇستەم جاۋاب بېرىپ:

— خاقان نۇرغۇن پىل ۋە لەشكەرلەر بىلەن ئىران شەھرىنى خاراب قىلىش ئۈچۈن

كەلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ماڭا يېلىنىدۇ؟ خاقانىنىڭ ھەممە مال - دۇنياسى، پىلىلىرى ۋە تەختى ماڭا مەنسۇپ. ئۇ نەرسىلەرنى ئىرانلىقلارغا بېرىمەن، — دېدى.

— ئەي پالۋان، — دېدى ئەلچى، — قولۇڭغا چۈشكەن كېيىنكى باشقىلارغا بېرەمسەن؟ ئەتراپىنى خاقانىنىڭ لەشكەرلىرى قاپلاپ تۇرىدۇ. خاقان بولسا تاج - تەختلىك پادىشاھدۇر. سەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن قانداقمۇ غالىب كېلىسەن؟

رۇستەم بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەنكى شىرى غەررانىدەك پادىشاھلارغا تاج بېغىشلىغۇچى پالۋاندۇرمەن. قولۇمدا سالمام بار. نېمە ئۈچۈن مەسخىرە گەپلەرنى قىلىسىلەر. سالمامنىڭ ئالدىدا خاھى خاقان بولسۇن، خاھى شىر بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش، — دەپ، ئات چاپتۇرۇپ قارشى تەرەپكە ئېتىلدى. سالما تاشلاپ، نۇرغۇن پالۋانلارنى يەرگە يىقىتتى. رۇستەم ئاق پىل مىنگەن خاقانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خاقان جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. رۇستەم سالمىنى خاقانغا قارىتىپ تاشلىۋېدى، سالما خاقانىنىڭ بوينىغا چۈشتى. رۇستەم خاقانىنى پىل ئۈستىدىن يەرگە يىقىتىپ، قوللىرىنى باغلىدى. خاقانىنى پىيادە ھەيدەپ شەھەر تېغىغىچە ئېلىپ كەلدى. خاقاندا تەخت ۋە تاجدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ خارلىق ۋە زارلىق بىلەن كېلىۋاتاتتى. بۇ پانىي ئالەمنىڭ ئادىتى شۇكى، بەزىدە مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلسا، بەزىدە تۆۋەن قىلىدۇ.

رۇستەم ئېغىر گۈرزىسىنى قولىغا ئېلىپ، خاقان لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، باياۋاندىكى ئۆلۈكلەرنىڭ تولىلىقىدىن چۆل-لەر ئۆتكىدەك يەر قالمىدى. قان دەريا بولۇپ ئاقتى. بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ، قارا بۇلۇت پەيدا بولدى. جاھان قاراڭغۇلىشىپ، دۈشمەنلەر يۇقىرى تۆۋەننى پەرق ئېتەلمەي قالدى. پىران ئەتراپقا قاراپ خاقان، مەنشۇر ۋە فەرتۇسلارنىڭ ئەلەملىرىنى كۆرەلمىدى. نۇرغۇن پالۋانلار باياۋاندا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. پىران گۈلبادغا قاراپ:

— ئەمدى نەيزە، خەنجەرلەرنى يىغىشتۇر، قايتايلى، — دېدى. ئۇلار قالغان لەشكەرلىرى بىلەن چېكىندى.

پالۋان گىۋ ئوڭ قول تەرەپتىكى تۇرانلىقلارنى يەڭدى. ئاندىن سول قول تەرەپكە كېلىپ پىران بىلەن ھۇمانىنى ئىزدىدى. ئۇ ئىككىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن رۇستەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەممىسى تاغقا قايتىپ كەلدى. رۇستەم ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قان بىلەن بويىلىپ، ئېتىغا ياپقان كىستىۋان يوپۇقلىرى چاك - چاك بولۇپ كەتكەنىدى. رۇستەم تاغقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پالۋانلارغا قاراپ:

— ئەي پالۋانلار، ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرى ئېيتىپ، يۈزۈڭلارنى يەرگە يېقىپ يىغلاڭلار. پالۋانلىرىمىزدىن ھېچكىم زىيانغا ئۇچرىمىدى. ئۆز ۋاقتىدا كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا «پالۋانلار تاغقا قامىلىپ قالدى» دەپ خەۋەر يەتتى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ماڭا دېگەندە، كۆڭلۈم غەزەپكە تولدى. بەھرام ئېبنى گۇدەرزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى پەرىشان

بولدۇم. ئىراندىن لەشكەر باشلاپ بۇ يەرگە كەلدىم. ھېچ يەردە ئارام ئالمىدىم. مەن خاقانىي يەنە پالۋانلارنى ئويلىدىم. كاۋۇس كوشانىنىڭ قەددى ـ قامىتى ۋە ئېغىر گۇرزىسىنى كۆردۈم. كۆڭلۈمدە: «مەن خۇددى ئۆمرۈم ئاخىرلاشقاندەك بىلىمنى ئىرانلىقلار ئۈچۈن باغلىدىم. لېكىن كاۋۇس كوشانىدەك كۈچلۈك پالۋاننى كۆرمىدىم. قاراڭغۇ كېچىلەردە دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلدىم. مازاندەرانغا بېرىپ دىۋە سەفىد (ئاق دىۋە) بىلەن جەڭ قىلدىم. ئىرانلىقلاردا ھېچقانداق ئەندىشە بولمىدى. مەن ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەندىشە قىلدىم. كاۋۇس كوشانى بىلەن جەڭ قىلغاندا كۆپ ئەندىشە قىلدىم، قاراڭغۇ كۈن بېشىمغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، ئۇ پالۋاننى مېنىڭ قولۇمدا ھالاك قىلدى. ھەممىمىز تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يۈزلىنىپ، بېشىمىزنى يەرگە قويايلى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن. جەڭ خەۋىرىمىز پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە يەتسە خۇشاللىقىدىن دەرۋىشلەرگە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىدۇ. بىزمۇ جەڭ كىيىملىرىمىزنى يېشىپ، ئارام ئالايلى. بۇ كېچە مەي ئېچىپ كۆڭۈل ئاچايلى. بىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغان تەڭرىگە ھەمدۇسانە ئېيتايلى. بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەيلى. مەي ئىچىپ، كۆڭۈل ئاچايلى، — دېدى.

ھەممە پالۋان رۇستەمگە ئاپىرىن ئوقۇشقاندىن كېيىن:

— ئەي جاھان پالۋان، سىزنىڭ بۇنداق باتۇرلۇقىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھەرقانداق پادىشاھ سىزدەك پالۋانغا ئىگە بولسا، شۇ پادىشاھنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. بىز خۇددى ئۆلۈككە ئوخشاپ قالغانىدۇق، سىز كېلىپ، بىزنى تىرىلدۈردىڭىز، — دېيىشتى.

رۇستەم مەي كەلتۈرۈشكە پەرمان قىلدى. ئۇلار ئالتۇن جاملاردا مەي ئىچىشىپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنى ياد ئېتىشتى. پالۋان رۇستەم مەي ئىچىپ مەست بولدى. پالۋانلار خۇشال ھالدا تاغقا قايتىشتى.

كەچ كىرىپ، ئاي چىقتى. ناغرا چېلىندى. پالۋانلار رۇستەمنىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى رۇستەم ئۇلارغا، — جەڭ قىلغان يەرگە بارايلى. ھەر تەرەپكە ئەسكەر ئەۋەتىڭلار، — دېدى. پالۋان بىجەن ئىبنى گىۋ ئېتىنى چاپتۇرۇپ جەڭ قىلغان جايغا كەلدى. ئۇ كۆردىكى، ئۆلۈكلەر دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلاردىن قالغان ئالتۇن كۈمۈش ھېسابسىز ئىدى. جەسەتلەر قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. رۇستەم تۇرانلىقلارنىڭ قېچىپ كەتكەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ شىردەك غەزەپكە كېلىپ:

— سىلەردە ئەقىل يوقمۇ؟ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەن قانداق قېچىپ كەتتى؟ مەن ئاخشام «جىسەكچىلەر چىقىرىلسۇن، قاراۋۇلچىلار ئېغىزنى چىڭ ساقلىسۇن» دېگەنىدىم. سىلەر ئۇخلاپ قېلىپ دۈشمەننى قاچۇرۇۋەتتىڭلار! ئادەم ھالاۋەتكىلا بېرىلىپ، ئېھتىياتچانلىقنى يوقاتسا مۇشەققەتكە قالىدۇ. جاپا تارتسا پايدىسىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بۇ باياۋاندا پىران، گۇلباد ۋە ھۇماننى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. مەنمۇ بۇ جەڭگە

هەرگىز كەلمەيمەن. بۇ قېتىمقى جەڭدە غالىب كەلدىم. ئامما ئىشىمىز بۇزۇلدى، — دېدى. ئاندىن تۇسقا قاراپ:

— ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم دېمەكتۇر. بۇ كېچە قاراۋۇللۇق قىلغان ئادەمنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇ كىشىنى تېپىپ، پۇت — قولىنى باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىن. جەڭ مەيدانىدىكى مال — دۇنيانى بىر يەرگە يىغقىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە ئەۋەتەيلى، — دېدى.

تۇس سەركەردىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. جەڭ مەيدانىدىن يىغىلغان ئالتۇن كەمەر ۋە تاجلار، گۇرزە خەنجەر، مال — دۇنيا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. رۇستەم بۇ مال — دۇنيانى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى رۇستەم، — جەڭنىڭ قائىدىسى شۇنداقكى، بەزىلىرى جەڭدىن قاچىدۇ. بەزىلىرى مال — دۇنيا يىغىدۇ. يەنە بەزىلىرى بۇ مال — دۇنيانى ئېلىپ كېتىدۇ. كامۇس كۇشانى بىلەن خاقانى چىن ئىرانلىقلارنىڭ مال — دۇنياسىنى ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىم ئۇلارغا نۇرغۇن مال — دۇنيا ۋە لەشكەر بەردى. لېكىن ئۇلارغا زۇلۇم قىلدى. مەن بۇ ئىقلىمدىكى پادىشاھلارنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇلارنىڭ مال — دۇنياسىنى پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە ئەۋەتىپ بېرەي، ئۆزۈم تا ئەفراسىيابنىڭ ئوردىسى كەڭدۇربېھىشتكە باراي. كىمكى تەڭرىنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلسا، ئۇلارنى بۇ ئالەمدىن يوقىتاي، جاھاننى بۇ يامانلاردىن پاك قىلاي.

رۇستەم پالۋانلار ئارىسىدىن فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇسنى جەڭدە قولغا چۈشكەن مال — دۇنيانى پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشقا مۇۋاپىق كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ ؟

— ئەي پادىشاھزادە، سەن كەيكاۋۇس پادىشاھنىڭ ئوغلىدۇرسەن. سەن ئازراق جاپا تارتساڭمۇ بۇ مال — دۇنيانى پادىشاھ كەيخۇسرەۋگە يەتكۈزگىن، — دېدى

— مەن بۇ ئىشقا بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم، مەن باراي، — دېدى فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس.

رۇستەم بىر كاتىپنى چاقىرىپ، نامە يازدۇردى:

«ئۇلۇغ تەڭرىم ھەممىلا يەردە ھازىردۇر. ئۇ كۈن بىلەن ئاينى ياراتتى. تاج — تەخت بىلەن كۈچ — قۇۋۋەتنى تەڭرى بەردى. ئۇ ئاسمان بىلەن يەرنى، تەن بىلەن جاننى ياراتقۇچىدۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىلەن پادىشاھ كەيخۇسرەۋ يارالغاندۇر. ئەي جاھان پادىشاھى، سىنىڭ پەرمانىڭ بىلەن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلدىم، دۈشمەننىڭ لەشكىرى يۈزمىڭدىن زىيادە ئىدى. ئۇلار كۇشان، چىن ۋە ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇپ، كەشمىر شەھىرىدىن سىندۇرەش دەرياسىغىچە لەشكەر تولۇپ كەتكەنىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن ئادەم قېنىنى دەريادەك ئاققۇزدىم. دۈشمەن لەشكەرلىرى قىرىق پەرسەڭ يەرنى ئىگىلەپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى سالما تاشلاپ

ئاتتىن يىقىتتىم. ئۇلار پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ پەرمانىدا بولسۇن » — دەپ نامەنى تامام قىلىغاندىن كېيىن مۆھرىنى باستى. فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇسقا بەردى. مال - دۇنيانى مىڭ ئاتقا يۈكلىدى. پالۋانلار يىغلىشىپ خوشلاشتى. فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئىرانغا قاراپ راۋان بولدى.

رۇستەم فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس بىلەن خوشلىشىپ كەلگەندىن كېيىن مەجلىس تۈزۈپ مەي ئىچىشتى. لەشكەرلەر ئوزۇق - تۈلۈكنى تەل قىلغاندىن كېيىن تۇرانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. رۇستەم پالۋانلارغا قاراپ:

— ئەي پالۋانلار، بۇ قېتىم ناھايىتى چوڭ جەڭ قىلىمەن. دۈشمەنلەرگە ئالەمنى تار قىلىمەن. كىم بىلىدۇ خاقانى چىن، شەكگۈلى ھىندىلەر يەنە لەشكەر ئېلىپ كېلەمدۇ تېخى. ئەگەر شۇنداق بولسا، سىياۋۇشنىڭ ھەققىدە ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىمەن، — دېدى.

فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس ناغرا - كانايلارنى چېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئىككى مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، ئۈلۈك دۈۋىلىرىدىن ئايرىلدى.

رۇستەم بىر باياۋانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئاز - تولا مال - دۇنياسى بار ئىدى. ئۇ خەلقتىن بىرمۇ كىشى رۇستەمگە قارشى تۇرمىدى. ئۇلار مال - دۇنيالىرىنى رۇستەمگە ھەدىيە قىلدى. رۇستەم مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. شۇ جاينىڭ پادىشاھىدىن ئەلچى كېلىپ، رۇستەمگە نۇرغۇن سوغىلارنى بەردى.

ئىران شەھىرىگە: « فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس كېلىۋاتىدۇ » دېگەن خەۋەر كەلدى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ناغرا - كانايلارنى چالدۇرۇپ، ئالدىغا چىقتى. فەرىپىز ئىبنى كەيكاۋۇس پادىشا كەيخۇسرەۋنى كۆرۈپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى. پادىشاھ ئەسىرلەر بىلەن مال - دۇنيانى كۆرگەندىن كېيىن، يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي تەڭرىم، مەن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم. يېتىم قېلىپ، غەمكىن يۈردۈم. سەن مېنى بۇ دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلدىڭ. ماڭا بۇ پادىشاھلىقنى بەردىڭ. زېمىن ۋە زامان ئالدىمدا بەندە بولدى. بۇ جاھاننىڭ ئىچىدىكى ھەممە مال - دۇنيا ماڭا تەئەللۇق بولدى. مەن سەندىن مىننەتدارمەن. ئەي تەڭرىم، رۇستەمنىڭ جېنىنى ئالمىغايسەن. ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دېدى.

پادىشاھ كەيخۇسرەۋ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رۇستەمگە بىر نامە يازدۇردى.

« يەر بىلەن ئاسماننى ياراتقۇچى ئۇلۇغ تەڭرىدۇر. ئۇ بەزىلەرنى تەخت ئىگىسى يەنە بەزىلىرىنى تەختسىز ياراتقاندۇر. ئەي جاھان پالۋان، سىز ئەۋەتكەن مال - دۇنيا بىلەن ئەسىرلەر دەرگاھىمغا ئېلىپ كېلىندى. تۇرانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ جاپا تارتقىنىڭىزنى ئاڭلىدىم. كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپسىز. مەن ھەر كېچىسى كىشىگە تىنماي، تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلىدىم. ئەي جاھان پالۋان، بۇ ئالەمدە سىزدەك پالۋان يوقتۇر » دەپ نامىنى تامام قىلغاندىن كېيىن، مۆھۈر باستى. پادىشاھ كەيخۇسرەۋ پەرمان چۈشۈرۈپ، بىر

ئاي يۈزلۈك ، سۇمبۇل چاچلىق كېنىزەك ، ئالتۇن ئېگەرلىك ئات ، ئون تۆگە تاۋار ، قىزىل يا- قۇتتىن كۆز قويۇلغان ئىككى ئۈزۈك ، ئالتۇن تون ، ئالتۇن تاۋاق ، ئالتۇن بىلەزۈك ، ئالتۇن قۇتىلارنى رۇستەمگە ئەۋەتتى . باشقا پالۋانلارغىمۇ نۇرغۇن سوغىلار بەردى . فەرپىزگە ئالتۇن تاج ، ئالتۇن گۇرزە ۋە ئەلەم بېرىپ رۇستەمنىڭ يېنىغا قايتۇردى . پادىشاھ كەيخۇسرەۋ فەرپىزگە :

— رۇستەمگە دېگىن ، ئەفراسىياب بىلەن جەڭ قىلىشتىن ھەرگىز يانمىسۇن . ئۇنىڭمۇ بېشىغا سالما تاشلاپ تۇتسۇن ، — دېدى . فەرپىز پادىشاھلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى .

ئەفراسىيابقا خەۋەر يەتتىكى : « خاقانى چىن ، كامۇس كۇشانى ۋە مەنشۇر پالۋانلار- نىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى ئىراندىن ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر كەلدى . قىرىق كۈن جەڭ بولدى . ئاخىر ھەممە سەركەردىلەر ئۆلدى . نۇرغۇن سەركەردىلەرنى رۇستەم سالما بىلەن ئاتتىن يىقىتىپ باغلىدى . لەشكەرلىرىمىز ئىككى مىل ئەتراپىنى قاپلاپ تۇراتتى . ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ تىرىك قالمىدى . ئىككى مىل يەر ئۆلۈك بىلەن تولدى . رۇستەم لەشكەر باشلاپ بىز تەرەپكە كەلمەكتە . ئۇ جەڭ قىلسا ، خۇددى تاغ ۋە باياۋاندىكى بۆرىگە ئوخشايدىكەن » .

ئەفراسىياب بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەمگە پاتتى . چىرايلىرى تامدەك سارغايدى . دەرھال دانىشمەنلەرنى يىغىپ :

— ئەي پالۋانلار ، ئىران تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەرلەر بىز تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ . ئۇلار لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، سەركەردىلەرنى باغلاپ ، ئەسىرلەرنى ئىرانغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ . ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز ؟ ئەگەر رۇستەم بۇ يەرگە كەلسە ، شەھەرلەرنى خاراب قىلىدۇ . بىرمۇ كىشى تىرىك قالمايدۇ . رۇستەمنىڭ پالۋانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم . ئۇ مازاندەرانغا بېرىپ ، ئېغىر گۇرزىسى بىلەن مازاندەران پالۋانلىرىنى ئۆلتۈرگەن ، — دېدى .

پالۋانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەفراسىيابقا :

— شاھى چىن ، سەقلابنىڭ پالۋانلىرى ئىرانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىپتۇ . ئۇلار بىھۇدە ئازاب چەكتى . بىزگە ھېچقانداق زىيان يەتمىدى . سىز نېمە ئۈچۈن رۇستەمدىن قورقىسىز . بىز ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بېلىمىزنى باغلىدۇق . ئىرانلىقلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرىمىز ، — دېيىشتى .

ئەفراسىياب ھەممە پالۋانلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ھەدىيە قىلدى . نۇرغۇن لەشكەر تەييار قىلدى . تۇران ئۆلكىسى لەشكەرگە تولدى .

فەرپىز ئىبنى كەيكاۋۇس نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى . رۇستەم خۇشال بولۇپ سەركەردىلەرنى بىر يەرگە يىغدى .

— ئەي جاھان پالۋان ، — دېدى فەرپىز رۇستەمگە — تاج - تەخت سېنىڭسىز بول- مىسۇن . كەيخۇسرەۋ پادىشاھ سەندىن ناھايىتى خوش بولدى . سېنىڭ دۆلىتىڭدە ئىران شەھىرى ئامان قالدى ، — دېدى .

# گۈل ۋە بۇلبۇل *

مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

## سەبەبى نەزمى كىتاب

كىشىنىڭ تۇزىنى ھەر كىمكى يېسە ،
ئېرۇر ۋاجىب ئانىڭ ۋەسفىنى دېسە .
يېدىم تۇزىن ئانىڭ مەن بېھىسابى ،
نە بولغاي ئىبتىدا قىلسام كىتابى .
قىلۇر ئېردىم كېچە كۈندۈز تەفەككۇر ،
كى نە تۈرلۈك ھىكايەتنى تەسەۋۋۇر .
قىلىپ نەزم ئەيلەسەم بولغاي خەرىدار ،

ئانىڭ ئاتىغە كەلدىم مەن گۇنەھكار .
قۇلاقىمغە نىدايى ئاسمانى ،
كى نەزم ئەت « بۇلبۇلۇ گۈل » داستانى ،
بولۇپ ئاشىقۇ مەئشۇق بۇلبۇلۇ گۈل ،
ئاتىدۇر بۇ كىتابىنىڭ « گۈل ۋە بۇلبۇل . »
بەيان ئەيلەيكى ئىشقى بۇلبۇلۇ گۈل ،
ئىشتىكىل داستانى « گۈلۇ بۇلبۇ . »

## ئاغاز داستان « گۈل ۋە بۇلبۇل »

كۈنى كۈنلەردە بۇلبۇل قىلدى پەرۋاز
جەھان ئىچرە تاپاي دەپ مەھرەمى راز .
ئىبەردى ئايتىپ ئول سۆز ھەر تەرەفكە .
يۈرۈر ئېردى سالىپ كۆز ھەر تەرەفكە .
كۆزى تۈشتى بەناگەھ مەرغزارى ،
ئۆزى دەملىك قۇش ئاندا سەد ھەزارى .
بىنەفشە بىرلە سۈنبۇل ياسۇمەننى ،
كۆرۈپ خۇشلادى بۇلبۇل ئول چەمەننى .
ئۆزىگە مەنزىل ئەتتى ئاندا بۇلبۇل ،
چەمەن قۇشلارى ئىچرە تۈشتى غۇلغۇل :

« كى بۇلبۇل ئۆزىگە كاشانە قىلدى ،
بىزىنىڭ مەنزىلنى خۇشلاپ خانە قىلدى . »
بارى قۇشلار يىغىلىپ شادۇ خۇررەم ،
بولۇپ بۇلبۇل بىلە بىرلەھزە ھەمدەم .
دېدىلەر « بارچەنىڭ جانۇ جەھانى ،
فىدا بولسۇن ساڭا رۇھى رەۋانى .
نە بۇلغاي بارىمىزنى ئەيلەسەڭ شاد ،
قىلىپ بىر نەغمەئى سەن غەمدىن ئازاد . »
نەۋائى باشلادى بۇلبۇل چەمەندە ،
ئوقۇدى بۇ غەزەلنى ئەنجۇمەندە :

## بۇلبۇلنىڭ چەمەندە قۇشلار قاشىدا ئوقۇغان غەزەلى

كى ئەي قۇشلار مەنى مەھزۇنى مىسكىن ،
بايان ئەيلەي سىزلەرگە چەرخ دەردىن .
فەلەك چەرخى مېنى سەرگەشتە قىلدى ،

جۇدا ئەيلەپ يەرىمدىنۇ ئېلىمدىن ،
ئىچىمگە ئوت سالىپدۇر بۇ چەمەندە ،
بىنەفشە بىرلە سۈنبۇل بەرگى نەسرىن .

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

فىراق ئوتىدا باغرىم بەسكى كۆيدى ،
دەمادەم قان ئاقادۇر كۆزلەرىمدىن .
نېتەي ئەي ھەمنىشىنلەر ئاقىبەت مەن ،
ۋەفاسىز دىلرەبالار فۇرقەتىدىن .

### سەبا بۇلبۇلغە گۇلنى تەئرىف قىلىپ ، بۇلبۇلنى گۇلغە ئاشىق قىلغانى

ئەگەرچە ھەر تەرەفكە سايرار ئېردى ،
سەبا ئۇل مەجلىس ئىچرە ھازىر ئېردى .
سەبا كۆردىكى بۇلبۇل بۇ مەھەلدە ،
مۇھەببەتدىن دەم ئۇردى بۇ غەزەلدە .
دېدى : « ئەي بۇلبۇلى مەھزۇنۇ مەھجۇر ،
سېنىڭ ئاتىڭ ئېرۇر ئالەمدە مەشھۇر .
كۆڭۈل بەرمە بۇلارغە ، زار بولما ،
يامان ــ ياخشى قاشىدا خار بولما .
سۇچۇكلەر ئاراسىدا بىر سۇچۇك بار ،
كى ، ئەي بۇلبۇل ، قىلۇر بولساڭ گىرىفتار .
ئاتىنى دەرلەر ئانىڭ « گۇل » چەمەندە ،
سىفاتىنى قىلۇرلار ئەنجۇمەندە .
يۈزى ئانىڭ ئەجايىب ئاتەشىندۇر ،
لەتافەت بابىدا كۆپ نازەنىندۇر .
ئېرۇر ئۇل خۇش قەدۇ خۇشرۇي ئەسرۇ ،
سۇچۇكلەر ئىچىدە خۇشبۇي ئەسرۇ .
بېرۇر راھەت تەنۇ جانغە گۇلابى ،
دەۋايى دەرد ئېرۇر ئانىڭ جۇلابى ،
ۋىسالى ئەھلىگە بولسا مۇيەسسەر ،
بولۇر ئەلنىڭ دىماغى بەس مۇئەتتەر .
ئانىڭ بويىدىن ، ئەي بۇلبۇل ، ئىشتكىل ،
شەكۇ شۇبھە بۇ سۆزدە يوقتۇرۇر بىل .
يىل ئايرىلىپ يېتىشسە مەۋسۇمى گۇل ،
يىگىتلەر گۇل تۇفەيلىدىن ئىچەر مۇل .
گۇلىستان ئىچرە ھەر كۈن سەر بەسەر تا ،
تەئەججۇب بىرلە ئەيلەر گۇل تەماشا .
كۈلەرلەر گۇلغە گاھى شەۋق بىرلە ،
ئۈزەرلار گۇلنى گاھى زەۋق بىرلە .
بۇ سۆزلەردىن بۇدۇر مەقسۇدى بۇلبۇل ،
كى ئالەم ئەھلى ئېرۇر ئاشىق ئۇل گۇل .
ئەمەستۇر گۇل بۇلارغە ھېچ مايىل ،
قىلۇر ئەكسەر يۈزىگە پەردە ھايىل .
تىلەر ئۇل ھەم ئۆزىگە يار دائىم ،
كى بولغايلار ئىكەۋ بىسيار دائىم . »
سەباغە ئايدى ئۇل دەم بولبۇلى زار ،
«بۇ يەڭلىغ گۇل ماڭا قاچان بولۇر يار ؟ »

### سەبانىڭ بۇلبۇلغە جەۋاب بەرگەنى

جەۋاب ئايدى سەبا بۇلبۇلغە ئۇل دەم ،
بۇ مەئنىدىن خەبەر بەردىلەر ئۇل ھەم .
«ئىشتىپدۇر سېنىڭ ئاتىڭنى ئۇل ھەم ،
ھەمىشە ياد ئېتەر سەن خەستەنى ھەم .
ساڭا ئاشىق بولۇپدۇر غايىبانە ،
مەلامەت ئوقىغە ئېرۇر نىشانە .
فىراقىڭدا بولۇپدۇر سىنەسى چاك ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئېرۇر دەردۇ غەمناك .
غەمى ئەندۇھۇ مىھنەت چەككەچ ئەسرۇ ،
بولۇپدۇر باغرى ئانىڭ ساپسارىغ سۇ . »
ئىشىتتى ئېرسە بۇلبۇل بۇ ھېكايەت ،
ئاڭا گۇل ئىشقىدىن بولدى سەرايەت .
① ..............................

### بۇلبۇلنىڭ ۋادىدا قىزىل گۇلنىڭ فىراقىدا ئوقۇغان غەزەلى

سېنى ، ئەي گۇل ، كۆرۈپ ، قالدىم بەلاغە ،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل مەن مۇبتەلاغە .
خەرابۇ خەستەدىن رەھم ئەيلە ، ئەي گۇل ،
مەنى ھەيرانۇ زارۇ بىنەۋاغە .

① داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بۇ جايدىكى مىسرالار تەكرار كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ ئورۇندىن 445 مىسرا شېئىر قىسقارتىلدى .

سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆپ چەكتىم جەفانى ،
كى راھەت كۆرمەيىن قالدىم بەلاغە .
قىلىپ ئىشقىڭ يۈرەكىم پارە - پارە ،
قالىپمەن تۈرفە دەردى بىدەۋاغە .
تۇشۇپ جانىمغە ئاتەش پارەئى ئىشق ،
تۇتاشىپ ئىشق ئوتى مەن بىنەۋاغە .

## بۇلبۇل بۇ ۋادىنىڭ قۇشلارىغە نىسبەت قىلىپ ھۇمايۇننىڭ ھالىنى سورغانى

كى بۇلبۇل ئاشياندىن قىلدى پەرۋاز ،
ھۇمايۇن بىرلە بۇلبۇل بولدى دەمساز .
دېدى بۇلبۇلكى ئاندا : « ئەي ھۇمايۇن ،
مېنى كەلتۈردى مۇندا چەرخى گەردۇن .
كېلىپ مۇندا سېلەرگە بولدۇم ھەمدەم ،
قىلىڭلار مېنى سىررىڭلارغە مەھرەم .
خەبەر بەر گىل ھۇمايۇن ئاتىڭىزدىن ،
يەنە ياخشى سىفاتى زاتىڭىزدىن . »
دېدى بۇلبۇل : « ئىكەۋلەن بولدۇق ھەمراز ،
نە ھالىڭ بار سېنىڭ ئايغىل ماڭا راز .
ماڭا ئايغىل نە تۈرلۈك ھالەتىڭ بار ،
جەھاندا قايسى ئىشقە نىسبەتىڭ بار ؟»
ھۇمايۇن دېدىكىم بۇلبۇلغە ئاندا :
« ئۆزۈم مەشھۇر تۇرۇرمەن ئاسماندا .
ئەگەر سورساڭ مېنىڭ ئاتىم ھۇمايۇن ،
قانائەت بابىدا بولدۇم جىگەر خۇن .
بۇ ۋادىنى قىلىپمەن جىلۋەگاھى ،
ئېرۇرمەن بارچە قۇشلار پادىشاھى .
ئىشت مەندە يەنە بىر خاسىيەت بار ،
ئانى بىلگىل ساڭا مەن ئەيلەي ئىزھار .
مېنىڭ ھەركىم باشىغە تۈشسە سايەم ،
جەھانغە پادىشاھ بولغاي ئۇشۇل دەم .
جەھان خەلقى مېنىڭ سايەمغە مۇھتاج ،
كى سايەم تۈشسە باشىغە كىيەر تاج .
ھۇمايى سايە ياخشى رەھنەمامەن ،
بۇ ۋادى قۇشلارىغە پادىشاھمەن .
بۇ ۋادى ئىچرە سۇلتانى تۇيۇرمەن ،
نەكىم ھۆكم ئەيلەسەم ئاناغ قىلۇرمەن .
سالىپ نەفسىم قەنائەت زىندانىغە ،
زەرەر يەتكۈزمەدىم جانۋەر جانىغە .
سۆڭەك يەرمەن قەنائەت ئەيلەگەندىن ،
كىشىگە يەتمەدى ئازار مەندىن .
پەرىۋەش ئەھلى قىلغاي ئارزۇلار ،
پەرىمنى ئىستەپ ھەرگىز تاپماغايلار .
ئوتاغات ئەيلەبان زىبىا پەرىمنى ،
قىلۇرلار باشلارىغە شەھ پەرىمنى .
كىيىبان نازىنىنلەر تاجى ئالتۇن ،
قىسارلار باشىغە پەرى ھۇمايۇن .
پەرىم قىسقاچ بولۇر ھۇسنى كەمالى ،
زىيادە بولغۇسى ھۇسنى جەمالى . »
ھۇمايۇنكىم بەيان ئەتتى ئۆزىنى ،
لەتافەتتە تەمام ئەتتى سۆزىنى .
ئىشتتى بۇلبۇلۇ بولدى دىگەرگۇن ،
دېدى : « شاھى جەھان سەنمۇ ھۇمايۇن ؟
مەجازى دۇنيادا سەن پادىشاھسەن ،
بۇگۇن سەن پادىشاھ تاڭلا گەداسەن .
ئەگەر قىلماسا شاھلار ئەدلى ئېھسان ،
قىلۇر تاڭلاسى شاھلىققە پۇشەيمان .
نەچە سەن پادىشاھ كۆپ بولما مەغرۇر ،
يېتەر سېنىڭدىن ئەلگە ھەم شەرۇ شۇر .
غاجارسەن ئىت كەبى ئەسكى سۆڭەكنى ،
جەراھەت ئەيلەبان جانۇ يۈرەكنى .
خورەكىڭ بولسا ئەسكى ئۇستىخانى ،
دېمە مەن شاھى مۇرغانى جەھانى .
سېنىڭ يوق ھىممەتىڭ ، ئەي پەست تەبىئەت ،
ئۆزۈڭنى قىلماغىل شاھلىققە نىسبەت .
بولۇر كىم ئالىي ھىممەت پادىشاھلىق ،
ئەمەسسەن ، ئەي ھۇما ، شەھلىققە لايىق .
بۇ ۋادى قۇشلارىغە پادىشاھلار ،
ئانىڭ ئىشكىدە تۇرغايلار گەدالار .
ھۇمايۇن سەندە بار بىر ياخشى كىردار ،
قەنائەت ئەيلەگەچ نەفسىڭ تۇتۇپ[ خار ]»
دېدى بۇلبۇل : « ئايا تاۋۇس چەرخى ،
سىنار بۇ شاھلىقىڭ بىر كۈندە زەرخى .
لىباسىغە بولماغىل مەغرۇرۇ خەندان ،
ئەگەر ئەركىڭگە ئەجز ئەتكۈچى نادان .
لىباسىڭدۇر سېنىڭ زىبىاۋۇ ئۇبدان ،
فەلەك قىلغۇسىدۇر يەر بىرلە يەكسان ،

لىباسى شەھلىقنىڭ بۇ ئارىيەتدۇر .
ساڭا تاڭلا جەفاۋۇ خارىيەتدۇر .
دېدىڭ ئالتۇن ئەلەم سەن قۇيرۇقۇڭنى ،
ئىشتىمەس قۇشلار ھۇكمۇ بۇيرۇقۇڭنى .
ئەمەس ئالتۇرن ئەلەم زەرھەل سۇپۇرگى ،
ئانى جارۇپ قىل ئۆيىنى سۇپۇرگى .
سۇپۇرگىل قويرۇغۇڭدە راھى ھەقنى ،
خۇدا يادىدا بول ياد ئال سەبەقنى ،
ئەگەرچە بولسا ئالتۇن قىل كەرەمنى ،
خۇدا يولىغە سەرف ئەت ئول ئەلەمنى .

مۇھەببەت نەشئەسى تارتقان ئەرەنلەر ،
مەجازى پادىشاھلىقدىن كېچەرلەر .
قىلىپ ياخشى ئەمەل ، ياخشى نىيەت قىل ،
سەخاۋەت ئەيلەبان ھەم خەيرىيەت قىل ،
سۇلەيمان مۇلكى قالماس ، نۇھ ئۇمرى ،
ۋەفاسىز ۋادىدۇر يوقتۇر سۇرۇرى .
نە شاھ قالغاي جەھاندا نە گەدالەر ،
كېلىپ بۇ ۋادىغە بىر ـ بىر كېتەرلەر .
ئىشەنمە زىنھار شاھلىققە تاۋۇس ،
نە سەن قالغايسەن ئالەمدە نە قەقنۇس . »

## بۇلبۇل شاھ تۇتىنىڭ ھالىنى سورغانى

بولۇپ بۇلبۇل يەنە گۇل ئىشقىدىن مەست ،
فىغانۇ نالەسىنى قىلمادى پەست .
بولۇپ غەرقى مۇھەببەت كۆز ياشىغە ،
كى بۇلبۇل كەلدى تۇتىنىڭ قاشىغە .
بولۇپ گاھى مەلۇلۇ گاھى خۇشھال ،
سوراي دەپ كەلدى بۇلبۇل تۇتىدىن ھال .
فىغان ئىلە تۇتاشتى ئىشق ئوتى ،
دېدى بۇلبۇل : « ئايا ئەي ، شاھ تۇتى .»
دېدى بۇلبۇل : « ئايا تۇتى ، سۇخەنۇەر ،
ماڭا سەن بارچە ھالىڭدىن خەبەر بەر .
بۇ ۋادىدا نە تۇرلۇك ھالەتىڭ بار ،
كى قايسى ئىشقا سېنىڭ قۇربەتىڭ بار .
بۇ ۋادىدا ئىكەۋلەن بولدۇق ھەمدەم ،
بولۇپ ھەمھال قىلۇ سىررىڭغە مەھرەم . »
قىلىبان شاھ تۇتى بۇ سۆزنى ئاغاز :
« مېنىڭ ھالىم سوراپ قىلدىڭ سەرەفراز .
ئايا بۇلبۇل ، ماڭا قىلدىڭ مۇھەببەت ،
قىلىبان مېھرىبانلىق بىرلە شەفقەت .
مېنىڭدەك يوق يەنە داناۋۇ زېرەك ،
بىلۇرمەن بارچەنى ئاقىلۇ بىشەك .
بۇ ۋادىدا مېنى سورىساڭ سۇخەنۇەر ،
ئايا بۇلبۇل سۆزۈمنى ئەيلە باۋەر .
مەنەم ئاشىقى رىندى پۇر ھەۋەسمەن ،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈر ئىيسا نەفەسمەن .
فەسە ئەلفاز ئىلە شىرىن سۇخەنمەن ،
سۇخەنۇەرمەن ئەجەب شىرىن زەبانمەن ،
بىلۇرمەن بارچەنى ساھىب نەزەرمەن ،
ئۇچار قۇشلار ئارا مەن مۇئتەبەرمەن .
ئاتايدۇرلار ئاتىمنى شاھ تۇتى نام ،
قىلادۇرلار مېنى ئىززازۇ ئىكرام .
غىزام ئولدۇر مېنىڭكى يەرمە شەككەر ،
مېنىڭ پايچەم قىزىل تۇمشۇقۇم ئەھمەر .
كىيىپ ئىگنىمگە مەن زىبباۋۇ زەڭگار ،
ئۇچار قۇشلار ئارا مەندەك قاچان بار .
مەسە ئولدۇم سۆزۈم تاتلىغ سوخەنۇەر ،
ساچىپ سۆزدە تىلىمدىن شەھدۇ شەككەر .
ماڭاكىم بولسا ھەمسۆھبەت شەمايىل ،
ماڭا ئوخشە بولۇر داناۋۇ ئاقىل .
مېنى ھەم دوست تۇتار شەھزادەۋۇ شەھ ،
قەفەسكە سالىبان قىلغايلار ھەمرەھ .
گىرىفتار ئولماقىم بولمىش ئۆزۈمدىن ،
گىرىفتارلىق ماڭا شەككەر سۆزۈمدىن . »
دېدى بۇلبۇل : « ئايا ئەي ، تۇتى گويا ،
تەكەللۇم ئەيلەبان بولدۇڭ شەكەرخا .
لەتافەتلىك سۆزۈڭدىن تامدى شەككەر ،
بەلەند پەرۋاز قىلغان بال ئىلە پەر .
ئۆزۈڭ تەئرىف ئېتىپ بولدۇڭمۇ گويا ،
زەبانىڭدىن چۇ شەككەر تامدى ناگاھ .
ئۆزۈڭ تەئرىف ئېتىپ سىررىڭ قىلىپ فاش ،
قەنى ئەقلىڭ سېنىڭ نادان قارىنداش .
ئۆزىنى ئۆزى ھېچكىم تەئرىف ئەتمەس ،
ئۆزىن ئايتۇر كىشى مەقسەدغە يەتمەس .
ئايا تۇتى ، ئەگەر سەن بولساڭ ھۇشيار ،
سىررىڭنى ئاشكارا قىلما زىنھار .

ئەجايىب خۇدپىسەندۇ خۇدنەماسەن ،
ئەمەسدۇر ساق كۆڭلۈڭ ، بىسەفاسەن .
تاشنىڭ زەڭگار ئېرۇر ئىچىدە ھەم زەڭ ،
ئىچىيۇ تاشىڭ ئۇلمىشكىم چۇ بىر رەڭ .
ئايا تۇتى ، نە سۆز قىلدىڭ ھىكايەت ،
ماڭا قىل ئەھلى مەئنىدىن رىۋايەت .
دېدىڭ ھەرنە سۆزۈڭ ئەفسانەئىدۇر ،
كى سىررى مەئنىدىن بىگانەئىدۇر .
كۆڭۈلنى پاك ئەيلەپ پاك دىن بول ،
كى سىررى دۇررى مەئنىغە يەقىن بول .
كىشىكىم سىررى مەئنىغە يەقىندۇر ،
بارى قۇشلار ئارا ئول ئافەرىندۇر .
خۇدا باقمايدۇر فىئلى سۇرەتىڭغە ،
نەزەر ئەيلەر دىلىڭغە ، نىييەتىڭغە .
تىلەگىل سىدق ئىلە كۆڭلۈڭنى قىل ساق ،
خۇدا قىلغاي ساڭا ئېھسانۇ ئەلتاق .
ئايا تۇتى ، جەھاندا بىرىيا بول ،
يىراق بولغىل ھەرامدىن پارسا بول .

## بۇلبۇل كىبكىنىڭ ھالىنى سورغانى

ئۇچۇبان چىقتى بۇلبۇل ئاشىياندىن ،
خەبەر تاپقايمە دەپ كىبكى جەھاندىن .
كېزىپ بىر ۋادىيەنى كوھى ساران ،
كۆرەر بۇلبۇل يۈرەر كىبكى خىرامان .
قىلىپ ئول كىبك قەھقەھ بىرلە ئاۋاز ،
بۇ قەھقەھ بابىدىن ئايغىل ماڭا زار .
دېدى بۇلبۇل :«ئايا ئەي ، كىبكى خەندان ،
چېكەرسەن ھەر زەمان فەريادۇ ئەفغان . »
دېدى بۇلبۇلغە ئاندا كىبكى تاغى :
« زەئىف قۇشسەن » دېدى كوپدۇر دىماغى .
« كۆرۈنۈرسەن زەئىفۇ تۇرفە مەجرۇھ ،
كىيىپ نەفسانىيەت بولدۇڭ چۇ مەكرۇھ .
ئايا بۇلبۇل ، سورارسەن ھەسبۇ ھالىم ،
ئىشت ئايتاي ساڭا مەن قىلۇ قالىم .
مېنىڭ ئاتىم ئېرۇر كىبكى خىرامان ،
مېنىڭكى مەنزىلىمدۇر كوھى ئېرفان .
ئېرۇرمەن رىندى بىپەرۋايى ئەييار ،
يۈرۈرمەن سەير تاغ ئەيلەپ چەمەنزار .
قىلادۇرلار مېنى ئىكرامو ئىئزاز
بۇ قۇشلار ئېچرە ھافىزمەن خۇش ئاۋاز ،
ئۆزۈم زىباۋۇ رەۋشەندۇر خىرەدمەند ،
كى ھەم خۇشخۇيلۇق ئەيلەيمەن شەكەر ، قەند .
بەھارى بۇيى گۇلدىن مەستدۇرمەن ،
گەھى ھۇشيار ، گەھى سەرمەستدۇرمەن .
كۈلۈپ قەھقەھ قىلۇرمەن شادلىقنى .
تىلەرمەن خۇشلۇقۇ دىلشادلىقنى .
يۈرۈرمەن تاغ ئارا ، يەرمەن ئۇشاق تاش ،
يېمەسمەن يەردىن ئۇنگەن ئول قارا ماش .
ئاياغىم ئاستىدا لەئلۇ گۇھەردۇر ،
قىزىلدۇر تۇمشۇقۇم گويا لۇئەلدۇر .
ئېگىز تاغلار مېنىڭكى مەنزىلىمدۇر ،
بەلەند يەرلەردە يۈرمەك ھاسىلىمدۇر .
بۇ ۋادىدا مېنىڭ ئورنۇم بەلەندۇر .
نەزەرگاھىم مېنىڭ باغى چەمەندۇر .
مېنىڭدىن يوقارى قۇشلار چىقالماس ،
يانىمدا ، يوقارىمدا ئولتۇرالماس .
جەھاندا كىبكى خۇش رەفتاردۇرمەن ،
كى بىر ئەييار خۇش گۇفتاردۇرمەن .
شۇجا ئەتلىك بەھادۇر پەھلەۋانمەن ،
پەرىدۇن ھىممەتۇ ساھىب نەزەرمەن .
قىلۇرمەن ھەر زەمان جەڭگى ئۇرۇشنى ،
چىقارىپ ئاندا فەريادى خۇرۇشنى .
ئۇرۇشۇمنى تەفەررۇج كۆرگەي ئادەم ،
كۈلەرلەر قەھقەھ بىرلە شادۇ خۇررەم .
كىرىپ جەڭگە كىيىبان جۇببە جۇشىن ،
ئۇرۇشۇمنى كۆرۈبان دەرلەر ئەھسەن » .
دېدى كىبكى زەمان بۇلبۇلغا ئاندا ؛
« مېنىڭدەك پەھلەۋان يوقتۇر جەھاندا . »
دېدى بۇلبۇل : « ئايا ، كىبكى قىزىلكۆز ،
دېدىڭ مۇنداغ ئەجەب يالغان ئۇزۇن سۆز .
ئۇلۇغ سۆزلەمەگىل ، ئەي غالچە تاغلىق ،
نە دەپ بولدۇڭ ئەجەب مۇنداغ دىماغلىق .
ئۇچالمايسەن ئۇزاق ئەي ، كالتە قۇيرۇق ،
سېنىڭدە فەھم ، دانىش ، ئەقلۇ دىن يوق .
تۇشۇپ نەفسىڭ ئۇچۇن بەندى تۇزاققە ،
يۈرۈپ يەردە ئۇچالمايسەن ئۇزاققە .

ئۇشاق تاش يەپ يۈرۈرسەن تاپمايىن ماش ،
يۈرۈپ ھەسرەتتە يەپ ، ماش ئورنىغە تاش .
يۈگۈرۈپ يورغالاپ سايدا يۈرۈرسەن ،
كى ھارماي نەفسىڭ ئۈچۈن يۈگۈرۈرسەن .
كى مەن دەپ پەھلەۋانمەن ئۇرماغىل لاف ،
سۆزۈڭ چىن ئېرمەس ئەي يالغانچى كەززاف .
كى بولساڭ پەھلەۋان ، قىل نەفس ئىلە جەڭ ،
شۇجائەتلىك بىلە نەفسىڭنى قىل تەڭ .
بەھادۇرلۇقۇ پەھلەۋانلىق ئولدۇر ،
قىلىپ جەڭگى جەدەل نەفسىڭنى ئۆلتۈر .
كى نەفسىڭ دۈشمەنى سەختدۇر ئۆزۈڭگە ،
ئانى ئۆلتۈرمەسەڭ كىرمەس سۆزۈڭگە .
ھەۋاۋۇ ھىرس نەفسىڭ بارچە دۈشمەن ،
سېنى گۇمراھ قىلۇرغە بولدى رەھزەن .
جەھاندا ئىش بۇدۇر ، قىل نەفس ئىلە جەڭ ،
كۆزىنى كور قىل دائىم ئۇرۇپ سەڭ .
ئەگەر نەفسىڭ كۆزىنى ئەيلەسەڭ كور ،
باقالماس ھەرقايان ، كۆرمەس ئۇشۇل كور .
كۈچۈك يەتمەسە نەفسىڭ ئۆلتۈرۈشكە ،
كېچە ـ كۈندۈز سېنى تارتار ئۆزىگە .
كى نەفسىڭ خاھىشىغە بولما تالىب ،
كۈچۈڭ يەتكۈنچە بول نەفسىڭگە غالىب .

## بۈلبۈل قۇمرىنىڭ ھالىنى سورغانى

ساغىندى گۈلنى بۈلبۈل چەكتى بىر ئاھ ،
ئۇچۇپ قۇمرى قاشىغە كەلدى ناگاھ .
تۇتاشتى ئىشق ئوتى بۈلبۈل باشىغە ،
كېلىپ بۈلبۈل سەھەر قۇمرى قاشىغە .
دېدى بۈلبۈل : « ئايا قۇمرىيۇ نالان ،
كى سايراپ ھەرزەمان ئەيلەرسە ئەفغان .
ئايا قۇمرى ئىكەۋلەن دوست بولالى ،
تاپىشىپ ئەرتە ئاخشام مۇڭداشالى .
ئايا قۇمرى نېگە نالان بولۇرسەن ،
نە تۈرلۈك ھال ئىلە گىريان بولۇرسەن .
ماڭا ئايغىل نېگە ھالىڭ پەرىشان ؟
كېچە ـ كۈندۈز قىلۇرسەن ئاھۇ ئەففان .
گەھى نالان ئېرۇرسەن ، گاھى خامۇش ،
مۇھەببەت جامىدىن قىلدىڭ مەگەر نۇش .
سېنى كۆردۈم ئەجەب شورىدە ئەھۋال ،
ئايا قۇمرى ، ماڭا ئايغىل ، نەدۇر ھال ؟ »
دېدى قۇمرى : « ئايا ئەي ، بۈلبۈلى زار ،
بەيان ئەيلەي ھالىمنى سوردۇڭ ئەسرار .
ئايا بۈلبۈل ، ئىشت ئايتاي ھالىمنى ،
بەيان ئەيلەي پەرىشان ھالەتىمنى .
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەدىم نۇش ،
قىلۇر ئىشقى مۇھەببەت ھەر زەمان جۇش .
ئېرۇرمەن بىسەرۇ پالارغە سەرۋەر ،
مۇھەببەتدىن مېنىڭ كۆڭلۈم مۇنەۋۋەر . »
دېدى قۇمرىكى : « زاكىرمەن خۇداغە ،
خۇدا يادىدا شاكىرمەن بەلاغە .
پەرىشان ھالەتىم ئوتلۇغ دىلىم بار ،
يەنە گىريان كۆزۈم زاكىر تىلىم بار .
ئوقۇيدۇرمەنكى توقسەن توققۇز ئاتى ،
مېنىڭ زىكرىمدۇر مىڭ بىر ئىسمى زاتى .
كۆڭۈلدە شۇئلەئى ئىلمى لەدۇننى ،
كۆڭۈلدىن تاشلادىم دۇنيايى دۇننى .
ئوقۇماي ، ئىلمى دانىشنى بىلىپمەن ،
خۇدادىن زەررە نەشئە بۇي ئالىپمەن .
ئوقۇيدۇر ئۆيىدە ئانچە خەلايىق ،
قىلۇر بەھسۇ جەدەل تەبئىغە لايىق .
سەبەق تەكرار ئېتىپ ئۆمرى قىلىپ سەرف ،
ئوقۇغان دەرسى ئىسمۇ فېئل ئىلە ھەرف .
ھەمىشە ئاغزىدەدۇر قىلۇ قالى ،
ئۆتەر ئۆمرى ئانىڭ بىھۇدە ھالى .
خۇدادىن نەشئە ئالماي قال ئىلە قىل ،
ئوقۇغان ئىلمى قالىدىن نە ھاسىل .
ئوقۇپ ھەم تاپسە ئانداغ پىرى كامىل ،
خۇدادىن نەشئە ئالغان بولسە ھاسىل ،
خۇدادىن بولسا گەر ئىھسانۇ ئەلتاف ،
سالىپ بۇيى مۇھەببەت كۆڭلىگە ساف . »
دېدى قۇمرىكى : « زاكىرمەن خۇداغە ،
خۇدا يادىدا شاكىرمەن بەلاغە .
ئالىپ كەلسە نىياز ئالمەسمەن ئانى ،
كى ھەرگىز دوست تۇتماسمەن جەھاننى .
ئۇچار قۇشنىڭ ئېرۇرمەن شەيخ پىرى ،
ھەققەت پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى .

ئۆيۈمگە يىغمادىم دۇنيا مالىنى ،
ئايا بۇلبۇل ، ئىشت بەندەڭ ھالىنى .
ھەقىرلىق خاھلادىم تەجرىد ئۆتەي دەپ ،
بۇ ۋادىدا قونۇپ ــ قونماي ئۆتەي دەپ .
ھەقىقەتتە تانۇبدۇرمەن خۇدانى ،
ھىدايەت ئەيلەگۈچى رەھنەمانى .
ئىشت بۇلبۇل مېنىڭدىن كەشفى ئەسرار ،
تەلەب قىلغىل خۇدادىن رەھىم كۆپ بار .
ھىدايەت ئەيلەگۈچى رەھنەمامەن ،
قىلىبان زۇھد تەقۋى پارسامەن .
ھەقىقەت تەختىدە مۇرشىدى كامىل ،
كەراماتۇ مەقامات ئىچرە ئامىل .
ۋەلايەت مەخزەنىنىڭ گەۋھەرىمەن ،
ھەقىقەت بەھرىنىڭكى جەۋھەرىمەن .
بارى مەندىن تاپار كەسبى كەمالات ،
بولۇپ مەستى ئىلاھى جەزبە ھالات . »
بەيان ئەيلەپ ئۆزىن قۇمرى مەقامى ،
تامام ئەتتى سۆزىن شورىدە ھالى .
دېدى بۇلبۇل : « ئايا قۇمرى سۇخەنچىن ،
ئۆزۈن سۆز يالغان ئايتۇرسەن ئەمەس چىن .
بۇ ۋادى ئىچرە نادان قۇش ئىكەنسەن ،
خۇدانى تانۇماي بىھۇش ئىكەنسەن .
تانۇدۇم دەپ خۇدانى قىلما پىندار ،
تانۇغان ئۇلدۇرۇر فاش ئەتمەس ئىزھار .
رەسۇلى ئەنبىيايى گەۋھەرى پاك ،
دېدى پەيغەمبەرىمىز مائەرەفناك .
شەرىئەت بابىدا ئارەستەئى بول ،
تەرىقەتدە ھەقىقەت ئىچرە تاپ يول .
دۇر ئىستەرسەن شەرىئەت يولىدا بول ،
شەرىئەت ئىچرە بولماي ، تاپماغاي يول .
يېتىپ مەقسەتدكە ئالساڭ ئىلكىڭگە دۇر ،
كۆڭۈلنى قىلساڭ ئول دۇر بىرلە پۇر نۇر .
شەرىئەتدۇر سەدەف ، دۇررى ھەقىقەت ،
ھەقىقەت مەغزىدۇر پوستى شەرىئەت .
سەدەفنى تاپىغىل ئاندىن دۇر تەلەب قىل ،
سەدەفدىن دۇر ئالۇرۇغغە سەبەب قىل .
سېنىڭ دائىم ئىشىڭدۇر دامى تەزۋىر ،
قىلىپ پىندار ئۆزۈڭنى مۇرشىدى پىر ،
تاراشلاپ سەن ئۆزۈڭنى شەيخ دەرۋىش ،
فىرىفتە ئەيلەمەك ئەلنى ساڭا ئىش .
قۇرۇغسەن ، مەغزى يوق سۇھبەت قۇرۇپسەن ،
ئۆزۈڭگە شەيخلىق تۇھمەت قىلىپسەن .
ئۆزۈڭنىڭ سۆزىگە قىلماي ئەمەلنى ،
بۇ ۋادى قۇشلارىغە دەرسەن ئانى .
خۇدا زىكرىدە بولغىل ، بولما غافىل ،
خۇدانىڭ لۇتفىغە بولغايسە شامىل .
ئەگەر زاكىرسە ، زىكر ئاي باخەفىيە ،
ھۇزۇرى دىل بىلە ئايغىل ھەمىشە .
ئىشت ئەي قۇمرى ئەدئۇ رەببۇكۇمنى ،
تەززەرئەن خەفىيــيەتە رەقسۇھۇمنى .
ھوزۇرى دىل بىلە زىكر ئەتسەڭ ئايغىل
كۆڭۈل غەفلەتدە ئايغان زىكر ئەمەس بىل .
ئەبەس دۇنيادە كۆڭلۈڭ بولسە غافىل ،
مۇنىڭدەك زىكرىنى ھېچۇ ئەبەس بىل . »

## بۇلبۇل فاختەكنىڭ ھالىنى سورغانى

قىلىپ بۇلبۇل يەنە ھەر سارى پەرۋاز ،
كېلىپ فاختەككە بۇلبۇل بولدى دەمساز .
يۈزىنى قىلدى بۇلبۇل فاختەككە ،
باقىپ فاختەككە بۇلبۇل سۆزلەمەككە .
دېدى : « ئەي فاختەك ھالىڭنى ئايغىل ،
مۇھەببەتدىن بولۇپ سەرۋىغە مايىل .
قونۇپ سەرۋىغە ‹گۇ ـ گۇ › قىلىپ ئاۋاز ،
نەدۇر ھالىڭ سېنىڭ ئايغىل ماڭا راز . »
تۇشۇبان فاختەككە ئىشقى جۇشى ،
قىلىپ سەرۋ ئۆزرە فەريادۇ خۇرۇشى .
دېدى بۇلبۇلغە فاختەك : « ئەي قارىنداش ،
جانىمدە ئىشق ئوتى كۆزۈمدەدۇر ياش .
ئېرۇرمەن ئىشق ئارا رىندەۋۇ سەرمەست ،
مۇھەببەتدە بارى قۇشدىن زەبەردەست .
جەھاندا يوقتۇر مەندەك ئاشىقى زار ،
يۈرۈبان سەير ئېتەرمەن باغۇ گۈلزار .
زۇھۇرى ئىشقدۇر جانىمدە پەيدا ،
مۇھەببەتدىن بولۇپ ئاشىقى سەيدا .
ئېرۇرمەن رىندى بىپەرۋايى ئاشىق ،
مۇھەببەت ئىشق ئارا كۆڭلۈمدە سادىق .

ئىچىپمەن جۇرئەئى جامى مۇھەببەت ،
كى جانىم ئىشقىدۇر جىسمىم مۇھەببەت .
سالىپ بوينۇمغە تەۋقى بەندەلىكنى ،
كۆڭۈلدە زەۋقى شەۋقى زىندەلىكنى .
مۇھەببەت تەۋقىدۇر بوينۇمدا تەۋقىم ،
كۆڭۈلدە جۇش ئۇرار ئىشق ئىلە شەۋقىم .
كى ئىستەپ يارنى ھەم سۆيلەگۈمدۇر ،
تاپالماي يارنى گۇ – گۇ دېگۈمدۇر . »
دېدى فاختەكنى بۇلبۇل : «ئۇرماغىل لاف ،
مۇھەببەت ئىشق ئارا كۆڭلۈڭ ئەمەس ساف .
كۆڭۈلدە جاي تاپسا مېھرى يارى ،
دېمەس گۇ – گۇ قاشىدا بولسا يارى .
ئايا ئەي فاختەك ، سەرۋىغە ئاشىق ،
سۆزۈڭ يالغانۇ ياچىندۇرمۇ سادىق .
بۇلۇپ كۆڭلۈڭ سېنىڭ سەرۋىغە مايىل ،
ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمەگىل .
سەن ئول ئاشىق ئەمەسسەن بولھەۋەسسەن ،
بەسىدقى دىل بىلە ئاشىق ئەمەسسەن .
مۇھەببەتدىن دەم ئۇردۇڭ فاختەكسەن ،
كى ئىشق ئوتىدا پىشماي خامدەكسەن .
ئول ئاشىقدۇر كى بىردۇر ئۆزگەلەردىن ،
كى تارتىپ ئاھ قان تۆكەي جىگەردىن .
كى دەردۇ ئىشقىدىن دىلخەستە ئاشىق ،
مۇھەببەتدىن بولۇر سەرگەشتە ئاشىق .
قىلۇر شامۇ سەھەرلەر ئاھۇ ئەفغان ،
كى ئىشق ئوتىغە ھەردەم كۆيدۇرۇر جان .
كى جۇشى ئىشقىدە قىلسا فىغانى ،
بىر ئاھى ئۇچقۇنى ئۆرتەر جەھاننى .
سالىپ بوينۇڭغە سەن تەۋقى تەكەببۇر ،
تەكەببۇر تەۋقىدۇر بوينۇڭدە سىندۇر .
ۋەفا تەۋقى ئەمەس ، تەۋقئى مىننەت ،
تەكەببۇر ئەيلەمەكدىن ئىئتىراز ئەت . »
كېلىپ بۇلبۇل كىرىپ كاشانەسىغە ،
ئوتاشىپ ئىشق ئوتى جانى تەنىغە .

## بۇلبۇل سوفىيانىڭ ھالىنى سورغانى

كېلىپ ۋادىغە فەسلى نەۋ بەھارى ،
ئاچىلدى گۈللا بولدى لالە زارى .
ئاچىلىپ غۇنچە گۈللار بولدى پەيدا ،
فىغانۇ نالە ئەيلەپ بۇلبۇل ئاندا .
قىلىپ ئاھۇ فىغان بولمايدۇ خامۇش ،
قىزىلگۈل ئىشقى كۆڭۈلدە قىلۇر جۇش .
ئاچىلدى ۋادى ئىچرە رەڭ بەرەڭ گۈل ،
قىزىلگۈل ئىشقىدا سايرايدۇ بۇلبۇل .
قىزىلگۈل فۇرقەتىدە يىغلادى زار ،
يۈرۈبان سەير ئېتەي دەپ باغۇ گۈلزار .
ئۇچۇبان ئاشيانىدىن چىقتى بۇلبۇل ،
قونۇپ سەرۋى شاخىغە ياد ئېتىپ گۈل .
تەماشا قىلدى بۇلبۇل كۆردى بىر قۇش ،
قونۇپ سەرۋىغە سايرايدۇر ئۇنى خۇش .
ئىشىتەپ ئېردى بۇلبۇل مۇنداغ ئاۋاز ،
دېدى : « ياخشى قۇش ئىكەن ھەم خۇش ئاۋاز .»
خۇش ئاۋازى قىلىپ بۇلبۇلغە تەئسىر ،
بۇلۇپ كۆڭلىدە ئىشقى تازە تەھرىر .
تاپىپ بۇلبۇل فەرەھ ، ئاۋازى خۇشدىن ،
ئالىپ بەھرە بۇ ئاۋازى سۇرۇشدىن .
سوفىيانىڭ قاشىغە كەلدى بۇلبۇل ،
قىلىپ ئاھۇ فىغان فەريادۇ غۇلغۇل .
دېدى بۇلبۇلكى ئاندا : « ئەي سوفىيا ،
كى دەرسەن ھەر زەمان سوفى – سوفىيا .
غەزەلخانلىق قىلىپ خۇش سايرىدىڭ ، دوست ،
سارىغ گۈلدەك نېگە سارغاردىڭ ، ئەي دوست ؟
ئايىتغىل قايسى گۈلدىن رەڭ ئالىپسەن ،
كى مۇنداق زەئفەراندەك سارغارىپسەن .
رەفىقۇ مۇشفىقۇ ھەمدەم بولالى ،
كۆڭۈلنىڭ سىررىغە مەھرەم بولالى .
دېدى سوفىيا : « ئەي بۇلبۇل ئاداشىم ،
ئەزىز جانىمدىن ئارتۇقسەن قاياشىم .
فىراقىمغە قەدەم قوي بولغىل ھەمدەم ،
كى سىررى ئىشقىغە بولغايسە مەھرەم .
كىيىپ ئەگنىمگە مەن بەرگى خەزاندىن ،
خەزاندەك سارغارىپ يا زەئفەراندىن . »
دېدى سوفىيا : « سوفىمەن سەھەرخىز ،
لىباسىم رەڭگى سارىغ زەئفەر ئامىز .
رىيازەتدىن بولۇپدۇرمەن بۇ يەڭلىغ ،
بۇ ۋادى سوفىسىمەن ساپسارىغ .

مۇھەببەت بىرلە سايرارمەن خۇش ئاۋاز ،
سەھەرلەردە خۇداغە ئايتامەن راز .
سەھەرلەر نالە ئەيلەرمەن خۇداغە ،
خۇدا يادىدا شاكىرمەن بەلاغە .
خۇش ئاۋازىم بىلەن سايراپ سەھەردە ،
مۇناجات ئەيلەدىم قەرزى غەزەلدە .
غەزەلنى ھەم ئوقۇرمەن گاھى ھىكمەت ،
كۆگۈلدە جۇش ئۇرار ئىشقى مۇھەببەت .
خۇش ئاۋازىم ئىشتكەن بەھرە ئالۇر .
ئىشتىپ ئىشق ئېلى ھەسرەتدە قالۇر .
بۇ ۋادى ئىچرە مەن سوفىيۇ سافى ،
تەبەررۇكمەن مېنى قىلغىل تەۋافى .
بۇ ۋادى سوفىسىنىڭ خاندۇرمەن ،
ئۇچار قۇش سوفىسى سۇلتاندۇرمەن .
يىراقدا يار بولسا ئىشتياقدا ،
بۇ يەگلىغ سارغارۇر ھەجرى فىراقدا .
ئايا ئەي بۇلبۇلى شورىدە ئەھۋال ،
مېنىڭ ئىشقىمدىن ، ئەي بۇلبۇل ، سەبەق ئال .
مېنىڭ سوفىلىقىمغە مۇئتەقىد بول .
مېنىڭ ئىشقىم ھەقىقى سارى تاپ يول .
مېنىڭ ئىشقىمدىن ئالغىل بەھرە بۇلبۇل ،
مېنىگدىن ئۆرگەنىپ بول ئاشقى گۇل . »
سوفىياكىم ئەيان ئەيلەپ ئۆزىنى ،
تەمام ئەتتى بەيان ئەيلەپ سۆزىنى .
دېدى سوفىياغە بۇلبۇل بۇ سۆزنى :
«تولا لاف ئۇرما تەئرىف ئەپلەپ ئۆزنى .
دېدىڭ ئۆزۈگنى سەن مەن سۇفىئى ساف ،
چىن ئېرمەس يالغان ئايتىپ ئۇرماغىل لاف .
سوفى ئولدۇركى بولسا باتىنى پاك ،
كۆگۈلدە شۇئلە ئۇرسا نۇرى ئىدراك .
سەفايى باتىنىكىم رەۋشەن ئولغاي ،
ئىچى ئىشقى مۇھەببەت بىرلە تولغاي .
بۇ ۋادىدا بولۇر سوفى سەفالىق ،
ئۆزۈگنى دېمەگىل يالغانچى ئاشىق .
يىراقسەن ئىشقدىن ئاشىق ئەمەسسەن ،
كى ئىشق ئەھلى ئارادا بولھەۋەسسەن .
سوفى ئانداغ بولۇر خاكى سىفەتدۇر ،
سەفالىق باتىنىدە مەئرىفەتدۇر .
خۇدا مەخلۇقىدىن تۇتغاي ئۆزىن كەم ،
خۇدانىڭ سىررىغە ئول بولسا مەھرەم .
سوفى مەن دەپ قىلىپ ئەلنى فىرىفتە ،
ئىشىڭ دائىم سېنىگكى مەكرۇ ھىيلە ،
ئۇچۇپ دائىم ھەۋا بىرلە ھەۋەسدە ،
خۇدانى ياد قىلماي بىر نەفەسدە .
سوفى مەن دەپ يۈرۈپسەن نەفسىڭ ئۆرلەپ ،
بولۇپ يالغان سوفىلىق ئاتىنى بۇلغاپ .
بۇ نەفسىڭ سارغارىپ نەفسىڭ غەمىدە ،
يۈرۈپ ھەيران بولۇپ ۋادى چۆلىدە .
سوفىدۇرمەن دېسەڭ كۆگلۈگنى قىل ساف ،
چىقار كۆگلۈگدىن ئانچە خارۇ خاشاك .
سوفىيا ، سوفى بولساڭ ساف دىل بول ،
باشىگغە ھېر بەلا كەلسە بىھىل بول ، »

## بۇلبۇل ھۇد ھۇددىن ھال سورغانى

قىلىبان نالە بۇلبۇل ئاشياندا ،
تۆكۈپ كۆز ياشىنى ئاھۇ فىغاندا .
بەنا گاھ ئىشق بۇلبۇل قىلدى تۇغيان ،
قىلۇر فەريادۇ ئەفغان ، ئاھۇ ئەفغان .
ئۇچۇپ بۇلبۇل يەنە كاشانەسىدىن ،
ئۇچۇپ چىقتى مۇھەببەت خانەسىدىن .
بولۇبان مەست بۇلبۇل گاھى ھۇشيار ،
كېلىبان سورغالى ھۇدھۇددىن ئەسرار .
بولۇپ گاھى مەلۇلۇ ، گاھى خۇشھال ،
كېلىپ ھۇدھۇد قاشىغە سىرغاي ئەھۋال .
دېدى ھۇد ھۇدنى بۇلبۇل : « ئەي بەرادەر ،
ماگا سەن ئۆز ۋۇجۇدۇگدىن خەبەر بەر .
نەدۇر ئايغىل جەھاندا كەسبۇ كارىڭ ،
قايۇ ئىشقە تولا بار ئىختىيارىڭ . »
دېدى بۇلبۇلغە ھۇدھۇد : « سوردۇڭ ئەھۋال ،
ساگا ئايتاي ئىشىت مەندىن بۇ ئەقۋال . »
دېدى ھۇدھۇد : « مېنىڭ رەببىم بەلەندۇر ،
تىلىمنىڭ تاتلىقى گوياكى قەنددۇر .
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەگەچ نۇش ،
فەسىھ ئاۋاز ئىلە سايرايدۇ مەن خۇش .
نەفەسىم گەرم ئېرۇر ، فەسىھ زەبانمەن ،
كى خۇش بۇيلۇقدا مۇشكى زەئفەرانمەن .

بۇ ۋادى قۇشلارىغە مۇئتەبەرمەن ،
ھەققەت سىررىدىن ھەم باخەبەرمەن .
نەزەر تاپقاندۇمەن پەيكى سۇلەيمان ،
جەھاننىڭ بارچە قۇشلارىغە سۇلتان .
كىيىپ باشىمغە مەن شاھانە تاجىم ،
بۇ تاجىم پادىشاھلىققە رەۋاجىم .
باشىمدا تاج ئېرۇر ئەگنىم مۇنەققەش ،
ئۇچار قۇشلار ئارا مەندۇرمەن يەغەش .
ئۇچار قۇشلارغە پىرۇ پىشىۋامەن ،
شەرىئەت ئىچرە كامىل باسەفامەن .
سەناۋۇ ھەمد ئايتۇرمەن خۇداغە ،
دۇرۇدى ئايتادۇرمەن مۇستەفاغە .
كېچە ـ كۈندۈز ئىشىم تەسبىھ ئوقۇماق ،
قىلىپ تائەت خۇداغە زىكرى ئايتماق . »
دېدى ھۇدھۇد : « قىلىپ تەڭرىمگە تائەت ،
ھەممىشە ئىش ماڭا قىلماق ئىبادەت .
ئۇچار قۇشلار ئارا مەندۇرمەن زاھىد ،
ئىبادەتنى قىلىپ تەڭرىمگە ئابىد .
ئۇچار قۇشلار ئىمامى مۇقتەداسى ،
بۇ ۋادى ئىچرە پىرى رەھنەماسى .
قىلىپ تەقۋىنى ئانداغ مۇتتەقىمەن ،
ھەرامۇ شۇبھەنى تاتماي تەقىمەن .
مېنىڭدەك يوقتۇر پەرھىزكار سالىھ ،
ئېچىپ مۇشكىلنى مەن فەتتاھى فاتىھ .
نەمازىم بىرلە ئالۇرمەن بىھىشتىنى ،
قىلىپ جەۋلانىمەن ئەنبەر سىرىشتىنى . »
دېدى بۇلبۇل : « قۇرۇق زاھىد ئېمىشسەن ،
خۇدادىن زەررەئى بوي ئالمامىشسەن .
كىشى قۇللۇق نەمازىنى ئۆتەپدۇر ،
نەمازىغە قاچان تەكيە قىلىپدۇر .
نەمازىڭغە ئىشەنىپ تەكيە قىلما ،
خۇدا جوي بول ئۆزۈڭنى خەستە قىلما .
نەمازىڭ بىرلە گەرچە تائەتىڭ بار ،
ساتىپ ئالدىم بىھىشتنى دېمە زىنھار .
ئىشەنمەك يوق نەمازۇ تائەتىغە ،
ئۇمىد ئەتكەي خۇدانىڭ رەھمەتىغە . »

## بۇلبۇل سەباغە گۈلنىڭ دەردى ھالىنى ئايتىپ شىئر ئېيرگىنى

فىراق ئوتىدا ئول دەم كۆيدى بۇلبۇل ،
بولۇپدۇر ئول سەبەبدىن رەڭگى چۈن گۈل .
ئۆزىن گۈل ئىشقىدا كۆرگەچ گىرىفتار ،
تەزەررۇئ قىلدىيۇ ھەم زارۇ بىسيار .
سەباغە ئايدى بۇلبۇل بۇ غەزەلنى ،
«ئوقۇ گۈل قاشىدا تاپساڭ مەھەلنى . »

ئىشتتىم ئېرسە بولدۇم زار ، ئەي گۈل ،
جەمالىڭ ۋەسفىنى بىسيار ، ئەي گۈل .
جەمالىڭدىن مەنى بىچارەمەھرەم ،
ساڭا مەھرەمدۇرۇر ئەغيار ، ئەي گۈل .
تەرەھھۇم ئەيلەگىل زىنھارۇ زىنھار ،
مېنى قىلما جەھاندا خار ، ئەي گۈل .
كىشى يوقتۇر سېنىڭ ئىشقىڭدا مەندەك ،
غەرىبۇ بىكەسۇ ئەفگار ، ئەي گۈل .

## سەبا بۇلبۇل قاشىدىن گۈل قاشىغە بارىپ ، گۈلنى تەئرىف قىلغانى

سەبا چۈن گۈل ھەرىمىغە ئۇلاشتى ،
تەنۇ جانىغە باشىدىن ئوت تۇتاشتى .
دېدى : « ئەي گۈل ، كېزىپ كەلدىم جەھاننى ،
تانۇدۇم دۇنيادا ياخشى ـ يامانى .
بار ئېردى دەھر ئارا بىر مەرغىزارى ،
چەمەنزارى ئەجايىب لالەزارى .
يەتىشتىم ئېرسە ناگاھ بىر گۈزەرغە ،
ئەجايىب نېمەلەر كەلدى نەزەرغە .
سۇمەن بىرلە بىنەفشە بار سۇنبۇل ،
بۇلارغە زار ئىكەن بىچارە بۇلبۇل .
تەئەججۇب قىلدىمۇ تۇردۇم زەمانى ،
بەناگاھ باشلادى بۇلبۇل فىغانى .
قاشىغە باردىمۇ ئايدىمكى بۇلبۇل .
ساڭا لايىق ئەمەس سەيرىنى سۇنبۇل .
سۇمەن بىرلە بىنەفشە ياسۇمەن ھەم ،
كېرەك قىلماس بۇلار ئۈچۈن يېمەك غەم .

سىنى ئەئرىپ قىلدىم ئۇل چەمەندە ،
بەيان ئەتتىم سىفاتىڭ ئەنجۇمەندە .
سىنىڭ ئىشقىڭدا بولدى زار بۇلبۇل ،
ئۆزىگە ۋىرد ئېتىپ ئايتۇركى قۇل - قۇل . »
بۇ سۆزدىن گۇل ئاچىلىپ بولدى خەندان ،
نىشانى ئەيش قىلدى ئەھلى بوستان .
سەبا تاپتى مەھەلنى ئايدى : « ئەي گۇل ،
ساڭا شىئرى ئىبەردى خەستە بۇلبۇل . »
كى گۇل خەندان بولۇبان بىتەھەممۇل ،
غەرىب تىلى بىلە ئايتۇركى قۇل – قۇل .
تۈزۈپ نەغمە بىلە سەۋتى ئەمەلنى ،
سەبا ئولدەم ئوقۇدى بۇ غەزەلنى .
بولۇپ تەئسىر گۇلغە بۇ نەفەسدىن ،
بىتىلدى شىئر بۇلبۇلغە ھەۋەسدىن .

## قىزىلگۇلنىڭ بۇلبۇلنى ئالىپ كەل ، دەپ سەبانى ئىبەرگەنى

گۇلى رەئنا ئىبەردى بۇ سەبانى ،
ئالىپ كەل دەپ گەدايى بىنەۋانى .
بەلى ئىشقدە سادىق بولسا ئاشىق ،
بولۇر مەئشۇق ھەم ئاشىققە ئاشىق .
سەبا گۇل شىئرىنى بۇنياد قىلدى ،
ئىشىتتى بۇلبۇلۇ فەرياد قىلدى .
تۇتاشتى ئوت ئىچىگە بىنەۋانىڭ ،
باشىن سالىپ ئاياغىغە سەبانىڭ .
دىدى : « ئەي مەھرەمى رازى نىھانىم ،
يېتىشتى چىققالى بۇ خەستە جانىم .
مېنىڭ دەردىمغە ئەمدى ئەيلە دەرمان ،
كى ئۆلسەم قالماغاي ئىچىمدە ئەرمان . »
سەبا ئايدىكى : « ئەي دىلخەستە بۇلبۇل ،
سىنى كەلسۇن دىدى قاشىمغە ئۇل گۇل . »
سۆيۈندى بۇلبۇلۇ پەرۋاز قىلدى ،
بارۇرغە بۇ غەزەل ئاغاز قىلدى .

## بۇلبۇلنىڭ گۇل قاشىغە بارۇردا ئوقۇغان غەزەلى

بىھەمدۇللاھ ئەگەرچە زار بولدۇم ،
مۇھەببەت دەردىدىن ئەفگار بولدۇم .
گۇلى رەئنا فىراقىدا ھەمىشە ،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىدار بولدۇم .
مەنى بىچارەئى مەھزۇنۇ مىسكىن ،
غەمۇ دەردۇ بەلاغە يار بولدۇم .
مەن ئۇل گۇل ۋەسلىنى ئىزدەپ جەھاندا ،
بۇ ئالەم خەلقىدىن بىزار بولدۇم .
ۋەلى ئەي ھەمىنەفەسلەر ئاقىبەت مەن ،
ۋىسالى بەزمىغە دۇچار بولدۇم .

## بۇلبۇلنىڭ گۇل قاشىغە كېلىپ تىكەندىن جەفا تارتقانى

چۇ بۇلبۇل گۇل دىيارىغە ئۇلاشتى ،
تەنۇ جانىغە باشدىن ئوت تۇتاشتى .
كېلىپ كۆردى گۇلىستان ئىچرە بۇلبۇل ،
كۆرۈپ بۇلبۇلنى گۇل ئاچىلدى گۇل – گۇل .
دىدى بۇلبۇل ئۇشۇل دەم « شۇكرىلىللاھ ،
كى بولدۇم دىلىستانىم بىرلە ھەمراھ .
خەيال ئەتتىم قۇتۇلدۇم دەپ جەفادىن ،
غەمۇ زۇلمۇ سىتەمدىنۇ بەلادىن .
نە بىلسۇن ئۇلكى ئاندا يۈز جەفا بار ،
بەتەخسىس ئۇلكى گۇلدۇر ھەمدەمى خار . »
گۇلىستان ئىچرە ناگاھ كىردى بۇلبۇل ،
تىكەن بىرلەن ئىكەۋلەن ئولتۇرۇر گۇل .
تىكەننىڭ دەردىگە بىچارە بولدى ،
باشىنى ئالدىيۇ ئەۋۋارە بولدى .
نەچە كۈن گۇلدىن ئۇل بىگانە بولدى ،
جەھاندا ئىشق ئىلە ئەفسانە بولدى .
يەنە بىر گۇشەنى كاشانە قىلدى ،
ئۆزىنى غەم بىلە ھەمخانە قىلدى .

## بۇلبۇل قىزىلگۇل تىكىنى دەردىدىن قىزىلگۇل قاشىدىن يامانلاپ كېتىپ، بىر چەمەنزارغا بارىپ گۇلى قەھقەھگە ئاشىق بولغانى

بۇلۇپ رەشكىن تىكەندىن بۇلبۇلى زار،
تىكەندىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى ئازار.
بولۇپ مەجرۇھ كۆڭلى رەشكىنۇ داغ،
دېدى بۇلبۇل: «كېتەيىن قالسۇ بۇ باغ.»
بۇزۇپ كۆڭلىنى بۇلبۇل ئايمادى راز،
كى بۇلبۇل گۇلىستاندىن قىلدى پەرۋاز.
يامانلاپ كەتتى بۇلبۇل گۇل قاشىدىن،
تۆكۈپدۇر ئۈنچى مەرجان كۆز ياشىدىن.
ئۇچۇپ بۇلبۇل نەچە كۈن قىلدى پەرۋاز،
مۇھەببەتلىك قاناتىنى قىلىپ باز.
نەچە كۈنلەر ئۇچۇپ بۇلبۇل قىلىپ تەي،
چەمە نزارى جەھانلارنى قىلىپ سەير.
جەھاننى چەرخ ئۇرۇپ كەزدى نەچە كۈن،
خۇش ئەلھانلىق بىلە سايراپ تۈنۇ كۈن.
يەتىشتى بۇلبۇل ئاندا بىر چەمەنگە،
چەمە نزارى گۇلىستانى سەمەنگە.
بەنا گاھ كۆردى بۇلبۇل بىر چەمە نزار،
گۇلى قەھقەھ ئاچىلىپ ئاندا گۇلزار.
كۆرۈك بۇلبۇل ئىلە گۇلنى ئىگەۋلەن،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ تۆگەنگەن.
ئەجايىب بىر چەمەندۇر لالەزارى،
ئاچىلىپ رەڭ بەرەڭ گۇل سەد ھەزارى.
ئاچىلىپ گۇللارۇ ئىشقىغە چەكلەر،
گۇلى قەھقەھۇ رەڭگارەڭ سەچەكلەر.
گۇلى رەئناۋۇ سەۋسەن بىرلە رەيھان،
گۇلى ئەنبەر، گۇلى نەرگىسلە خەندان.
نەزاكەتلىك چەمەندۇر گۇلۇ گۇلزار،
گۇلىستانى ئىرەمدەك تۇرفە گۇلزار.
چەمەن ئىچرە كىرىپ سەير ئەدى بۇلبۇل،
چەمەن گۇللارى ئىچرە تۈشتى غۇلغۇل.
تەماشا قىلدى بۇلبۇل بۇ گۇلىستان،
گۇلىستان ئىچرە قىلدى چەرخى جەۋلان.
كۆرۈپ گۇللارنى بۇلبۇل قىلدى فەرياد،
گۇلىستانى ئىرەمدىن بىرۇر ئول ياد.
گۇلى قەھقەھغە بولدى زار بۇلبۇل،
دېدى: «گۇللار ئارا ئەي ئاشقى گۇل.»

گۇلى قەھقەھغە بۇلبۇل بولدى شەيدا،
كۈلۈپ قەھقەھ كەرەشمە قىلدى پەيدا.
جەمالىن كۆرسەتىبان قىلدى جىلۋە،
كۆرۈپ بۇلبۇلنى قىلدى نازۇ شىيۋە.
بۇ ھەم گۇللارنىڭ ئېردى پادىشاھى،
بارى گۇل بەندەسى ئول پادىشاھى.
ھەمە گۇللارنىڭ ئېردى نازەنىنى،
بىنەفشە ياكى سۇنبۇل ياسەمىنى.
لەبى غۇنچە ئاچىلىپ كۈلسە قەھقەھ،
بۇ بائىسدىن دېدىلەر گۇلى قەھقەھ.
دېدى بۇلبۇل كۆزىدىن ئاقىزىپ ياش،
گۇلى قەھقەھ ئاياغىغە قويۇپ باش.
«مېنىڭ نالەم ساڭا تەئسىر قىلماس،
كۈلۈپ بىر باقماساڭ كۆڭلۈم ئاچىلماس.
ماڭا كۆپ قىلما ئىستىغنا ۋەرىدلىق،
كى خۇبلار رەسمىدۇر ياخشى قىلىغلىق.
سوراپ ھالىمنى رەھمەت، قىلمە كۆپ ناز،
كىرىپ قوينۇڭغە جان بەرسەم تېخى ئاز.
سېنى جانان دېدىم ئارامى جان بول،
مېنىڭدەك بىنەۋاغە مېھرىبان بول.
گۇلى قەھقەھ كۈلۈپ ئايدىكى: «ئەي قۇش،
گەھى ھۇشيار ئېرۇرسەن، گاھى بىھۇش،
بىلەيىن بۇ جەھاندا نېدۇر ئاتىڭ؟
بەيان ئەتكىل ماڭا زاتى سىفاتىڭ.»
دېدى بۇلبۇل گۇلى قەھقەھغە: «ئەي گۇل،
كى سەن گۇلدۇرسە مەن ئىشقىڭدا بۇلبۇل.
ئاتىم بۇلبۇل مۇھەببەتنىڭ غەرىبى،
سېنىڭدەك ياخشى گۇلنىڭ ئەندەلىبى،
نەزاكەتلىك چەمەننىڭ بىر گۇلسەن،
مۇھەببەت گۇلشەنىنىڭ بۇلبۇلمەن.
گۇلىستان ئىچرە ئاچىلسا قىزىلگۇل،
قىلۇرمەن شەۋقىدىن فەريادۇ غۇلغۇل.
قىلىپ كۆڭلۈمنى خۇش سالغىل نەۋاغە،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل مەن بىنەۋاغە.»
گۇلى قەھقەھ دېدى بۇلبۇلغە: «ئەي يار،
ئەگەر بولساڭ ماڭا يارۇ ۋەفادار.

كى مەن ھەرنە دېسەم ھۆكمىمدە بولغىل ،
كېچە ـ ئەرتە كىرىپ قوينۇمدە قونغىل .
مۇھەببەت بۇيىنى ئالمىشمە سەندىن ،
تىرىك بارسەن جۇدالىق قىلما مەندىن . »
تۇرۇپ ئاھلار چېكىپ گاھى قىلىپ ۋەھ ،
دېدى بۇلبۇلغە باقىپ گۈلى قەھقەھ .
دېدى بۇلبۇلغە باقىپ نەغمە سەنج ئول ،
« ماڭا ئىشقى مۇھەببەت كۆرسەتىپ بول ،
كى گۈل ئاچىلغۇدەك سازۇ نەۋا قىل ،
ئۆزۈڭنى ئىشق ئارا سەن بىنەۋا قىل . »
دېدى بۇلبۇل گۈلى قەھقەھغە : « ئەي جان ،
ساڭا مەن ئەيلەيىن جانىمنى قۇربان . »
دېدى بۇلبۇل : « ساڭا مەن ئاشىقى زار .
سەھەردە سايرايىن بولغىل خەبەردار . »
گۈلى قەھقەھ ئاچىلىپ بولدى خەندان ،
كى بۇلبۇل ئالدىدا سايراپ غەزەلخان .
فىغانۇ نالە ئەيلەپ سايرادى خۇش ،
مۇھەببەت شەۋقى كۆڭلىدە قىلۇر جۇش .
مەقامى ئىشقدە بۇلبۇل خۇش ئاۋاز ،
تەرەننۇم تەغمە بىرلە ئەيلەدى ساز .
فىغانۇ نالەئى فەرياد قىلدى ،
چەمەندە بۇ غەزەل ئاغاز قىلدى .

## بۇلبۇل گۈلى قەھقەھغە ئوقۇغان غەزەلى

نە ئۇت سالدىڭ ئىچىمگە مېھرىبانىم ،
ئوتۇڭدا ئۆرتەنەدۇر خەستە جانىم .
جەمالىڭنى كۆرۈبان ئاشىق ئولدۇم ،
دېدىم ئەمدى ساڭا سىررى نىھانىم .
نېتەي ، ئىشقىڭدا زارۇ نالە قىلماي ،
مېنىڭ تۇھفەم ساڭا ئاھۇ فىغانىم .
بولۇپمەن ئاشىقى زارۇ غەرىبىڭ ،
فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جەھانىم .
كى مەندە قالمادى بىر زەررە تاقەت ،
رەھىم قىلغىل ماڭا چىقماسدا جانىم .
مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشسەنسەن چەمەندە ،
كى جانىم راھەتى ئارامى جانىم .

## سەبا گۈل قاشىغە كېلىپ [ بۇلبۇل ] نى سورغانى ، گۈلگە مەلامەت قىلغانى

يېتىپ كەلدى سەبا ۋەقتى سەھەردە ،
كېلىپ تۇردى قىزىلگۈل خىزمەتىدە .
كۆتەردى گۈل يۈزىدىن پەردەسىنى ،
ئاچىلدى ئول قىزىلگۈل نازەنىنى .
ئاچىلدى ئول قىزىلگۈل بولدى گۈلشەن ،
جەمالىدىن قىلىپ گۈلشەننى رەۋشەن .
سەبانى كۆردى گۈل ئالدىدا تۇرمىش ،
قىلىپ تەئزىم ئالدىدا يۈرۈپمىش .
دېدى گۈل : « ئەي سەبا ، قاشىمغە كەلدىڭ ،
نەچە كۈن كەلمەدىڭ سەن قايدا ئېردىڭ ؟ »
سەبا ئايدى : « يۈرۈپ ئالەمنى كەزدىم ،
جەھاننى سەير ئېتىپ قاشىڭغە كەلدىم .
يۈرۈدۇم باغمۇ باغ ، گۈلزارمۇ گۈلزار .
ئاچىپ گۈللار يۈزىن شەمئى بىدار . »
تەۋەززۇئ بىرلە گۈل ئالدىدا تۇردى ،
ئەدەب بىرلە سەبا بۇلبۇلنى سوردى :
« گۈلىستان گۈللارىنىڭ سەنسە شاھى ،
جەھان گۈللارىنىڭكى پادىشاھى .
ئايا گۈللار ئارا ساھىب جەمالىم ،
چەمەن باغى ئارا نازۇك نىھالىم .
قىلۇرسەن نازۇ ئىستىغنا قىزىلگۈل ،
ساڭا بىر ئاشىقى زار ئېردى بۇلبۇل .
ئاياگۈل پادىشاھسەن قىزىلگۈل ،
قېنى ئول ئاشىقى بىچارە بۇلبۇل .
قېنى ئول بۇلبۇلى مىسكىن غەرىبىڭ ،
ئاتى بۇلبۇلكى يەئنى ئەندەلىبىڭ ،
قېنى ئول بۇلبۇلى سەرگەشتە ئاشىق ،
بەلەند پەرۋاز كۆڭلى خەستە ئاشىق .
كى بۇلبۇل بولسا خۇب ئېردى باشىڭدا ،
كى سايراپ سايرابان ئېردى باشىڭدا .
سېنىڭ ئىشقىڭدا بۇلبۇل سايرار ئېردى ،
ئانىڭ سايراغانى بىر زىينەت ئېردى .
كى ئاشىق بۇلبۇلۇڭ كەتمىش قاشىڭدىن ،
قالىپسەن ئەمدى شەئنى شەۋكەتىڭدىن . »

سەبا ئايدى : « يامانلاپ كەتتى بولغاي ،
سىنىڭ ئىشقىڭنى يا تەرك ئەتتى بولغاي .
كى مۇنداغ بولمسا ئول كەتمەس ئىردى ،
سىنى تاشلاپ يامانلاپ كەتمەس ئىردى .
تىكەنىڭدىن سىنىڭ يا يەتتى زەخمەت ،
نە دەپ قىلماي ساڭا قىلماي مەلامات . »

## قىزىلگۈل سەباغە ئەرز ھالىنى بىر - بىر بىيان قىلغانى

دېدى گۈل : « ئەي سەبا ھالىمنى ئايتاي ،
پەرىشان بولغان ئەھۋالىمنى ئايتاي .
مېنىڭ ئىچىم تولا يۈز دەردۇ غەم بار ،
بۇ غەم ئايتۇرغە يوقتۇر مەندە غەمخار .
ئايا بادى سەبا ، خۇش كەلدىڭ ، ئەي يار ،
كى بولغىل سەن ماڭا غەمخارۇ دىلدار .
ئىشتكىل ئەي سەبا ، سۆزلەر سۆزۇمنى ،
كى قىلسام پارە - پارە مەن ئۆزۇمنى .
نەچە كۈن بولدى بۇلبۇل ماڭا ھەمدەم ،
جەمالىمنى قىلىپ دەردىگە مەرھەم .
نە بولدى بىلمەدىم كەتتى قاشىمدىن ،
جۇدا بولدۇق فەلەكنىڭ گەردىشىدىن .
ئۈمىدىم باركى يەتكۈزگەيسەن ئانى ،
جۇدالىق ھەم قەزايى ئاسمانى . »
دېدى گۈل : « بۇلبۇلۇمنى ئىستەبان بار ،
تاپىپ كەل ، ئەي سەبا ، زىنھارۇ زىنھار .
تاپىپ كەل ، ئەي سەبا ، ئول بۇلبۇلۇمنى ،
كى بىرۇخسەت قاچىپ كەتكەن قۇلۇمنى . »
دېدى گۈل : « ئەي سەبا ، ھەيھاتۇ ھەيھات ،
تاپىپ بۇلبۇلنى يەتكۈزگىل ماڭا فات .
ماڭا بۇلبۇلنى يەتكۈز ، ئەي سەبا ، سەن ،
ئانىڭدىن بىر زەمان ئايرىلماغايمەن .
كى بۇلبۇل كەتكەلى ھالىم پەرىشان ،
جۇدالىقدىن يۈرەكىم تەھبەتەھ قان .
جانىمنى كۆيدۈرۈر بۇلبۇل فىراقى .
جۇدالىق دەردۇ داغى ئىشتىياقى .
ساغىندىم بۇلبۇلۇم ئول بىنەۋانى ،
تاپار ئارام كۆڭلۈم كۆرسەم ئانى .
بۇدۇر ھالىم مېنىڭ ئەي پەيكى مەھرەم ،
ماڭا قىل بۇلبۇلۇمنى يارۇ ھەمدەم . »

## قىزىلگۈل سەبادىن بۇلبۇلغە ئىبەرگەن غەزەلى

ئايا بۇلبۇل ، بۇ كۆڭلۈم مېھرىبانى ،
مۇھەببەت گۈلشەنىنىڭ كامرانى .
مېنى كۆزدىن سالىپ كەتتىڭ قاشىمدىن ،
ماڭا باقماي كېتىپ قىلماي ۋەفانى .
سىنىڭ مېھرىڭنى مەن كۆڭلۈمدە ئاسراپ ،
يازىپ كۆڭلۈمدە نە مېھرۇ ۋەفانى .
كى مەندىن ئۆزگە ھەم گۈللارنى كۆرسەڭ ،
مېنى كۆرگەن كۆزۈڭدە كۆرمە ئانى .
كېتىپسەن مەن قالىپمەن گۈلستاندا ،
تاپىپ كۆرسەم سىنى ئىزدەپ جەھانى .
جەھاننى سەير ئېتىپ ئىزدەپ چەمەندە ،
تاپالماسسەن مېنىڭدەك دىلرەبانى .

## قىزىلگۈل سەبانى « بۇلبۇلنى ئالىپ كەلگىل » دەپ ئىبەرگەنى

چەمەندە بار ئىدى بىر ياخشى سۇنبۇل ،
قونۇپ شاخىغە سايرار ئىردى بۇلبۇل .
سەبا كەلدى سەمائۇ رەقس ئويناپ ،
گەھى چەپ چەۋرۈلۈپ ، گاھى ئوڭ ئويناپ ،
يېتىپ كەلدى سەبا كۆردى بەناگاھ ،
چېكەر بۇلبۇل فىغانۇ نالەئى ئاھ .
دېدى بۇلبۇلكى : « ئەي پەيكى سەبا » دەپ ،
سەبا بىرلە كۆرۈشتى « مەرھەبا » دەپ .
سەبا ئايدىكى : « ئەي شۇرىدە بۇلبۇل ،
ئالىپ كەلگىل دېدى سىنى قىزىلگۈل .
يامانلاپ كەتمەسۈن كەلسۈن قاشىمغە ،
مەلامەتنى كۆتەردىم مەن باشىمغە .
سالام ئايدى ساڭا ئەي خەستە بۇلبۇل ،
كېلىپ كۆرسۈن دېدى سىنى قىزىلگۈل . »

سەبا ئايدى : « نە دەپ گۇلدىن جۇدا سەن ،
غەمۇ ئەندۇھ بىرلە مۇبتەلا سەن .
قىزىلگۇل ئاندا ، سەن مۇندا نېتەرسەن ،
نە دەپ ھەجرۇ فىراقىدا كۆيەرسەن .
يېتىپ ۋەسلىغە بولساڭ خۇررەمۇ شاد .
ھەزىن كۆڭۇلنى قىلساڭ غەمدىن ئازاد .
جانىڭنى ئاسراغىل كۆپ قىلما ئەفغان .
فىراقى ھەجرىدە كۆيدۇرمەگىل جان .
تۇتۇپ گۇل ئېتەكىن قىلغىل نەۋا سەن .
مۇنىڭدەك يەردە بولما بىنەۋا سەن .
نە دەپ بولدۇڭ قىزىلگۇل فۇرقەتىدە ،
كى بولغىل سەن قىزىلگۇل خىزمەتىدە ،
يامانىنىڭ سۇھبەتىدە بولما ھەرگىز ،
يامانىنىڭ سۇھبەتىدۇر شۇر ئەنگىز .
يامانلار بىرلە ھەرگىز قىلما سۇھبەت ،
يېتەر ئاندىن ساڭا كۆپ رەنجۇ مىھنەت .
ئايا بۇلبۇل ، ئىشت سۇھبەت مۇئەسسىر ،
مۇھەممەد ئايدى ئەي سۇھبەت مۇئەسسىر .
كى بولغىل ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىدە ،
بولۇر فەيزۇ قۇتۇھى سۇھبەتىدە .
غەنىمەت بىل نەچە كۇن سۇھبەتى گۇل .
ئالۇرسەن سۇھبەتىدىن فەيز بۇلبۇل .
نەچە كۇن قىل قىزىلگۇل بىرلە سۇھبەت ،
ئالىپ گۇل بۇيىدىن فەيزى مۇھەببەت .
قىلىپ سۇھبەت بولۇپ گۇل بۇيىدىن مەست ،
قىغانىڭنى بەلەند قىل قىلماغىل پەست ،
ئانىڭ ئالدىدا يىغلاپ سايراغايسەن ،
يۈرەكىڭ ئىشق ئوتىدا داغلاغايسەن .
ئايا بۇلبۇل ، ئەگەر ئاشىقسەن يىغلا ،
ساڭا مەن ئايتايىن سۆزۈمنى تىڭلا .
نە خۇش سەرمايەدۇر ئاشىققە گىريە ،
نە خۇش ۋەقتدۇر سەھەر ۋەقتىدە گىريە .
سەھەر ۋەقتىدە يىغلاپ بولسا بىدار ،
كى بولغاي لايىقى كۆرمەككە دىيدار .
ھەر ئاشىق يىغلادىيۇ ئاقتى ياشى ،
بارار يار ئىشكىگە قويماققە باشى .
ھەر ئاشىق يىغلاسە گەر ئاقىزىپ ياش ،
بولۇر مەئشۇقى ئاڭا يارۇ يولداش .
ھەر ئاشىق يىغلاسە ۋەقتى سەھەردە .
يېتەر مەقسۇدىغە ئاھى سەھەردە . »
سەبا بۇلبۇلغە ئايدى : « بارىكەللەھ ،
بولۇپسەن ئاشىقى ئول گۇلى قەھقەھ ،
كى دەرسەن بۇ چەمەنزارۇ گۇلىستان ،
قىزىلگۇل ئالدىدا بۇل جان گۇلىستان .
گۇلى قەھقەھدە باردۇر رەڭگى رويى ،
قاچان باردۇر قىزىلگۇلنىڭكى بۇيى .
گۇلى قەھقەھغە رەڭدۇر ئەرغەۋانى ،
قىزىلگۇلغە مۇنىڭ ئوخشارمۇ يارى .
تۇرۇپدۇر مۇنتەزىر ئاندا قىزىلگۇل ،
گۇلى قەھقەھغە بولما بەندەۋۇ قۇل »

## بۇلبۇل ئۆزىنىڭ ھالىنى سەباغە ئايتقانى

دېدى بۇلبۇل : « ئايا ئەي ، مەھرەمى راز ،
ماڭا بول ئەي سەبا ، سەن ئەمدى دەمساز .
دېدىكىم : « مەرھەبا ، ئەي پەيكى مەھرەم ،
يۈرەكىم مىڭ جەراھەت ، ئەيلە مەرھەم .
قاشىمدا تۇر ، ماڭا سەن بولغىل ھەمراھ ،
ساڭا ھالىمنى ئايتاي بولغىل ئاگاھ .
نەچە كۇن ، ئەي سەبا ، قاشىمدا بولغىل ،
ساڭا ھالىمنى ئايتاي سەن ئىشتكىل .
ماڭا بول ، ئەي سەبا ، بىر لەھزە ھەمدەم ،
مېنىڭ جانىمدادۇر مىڭ دەرد ئىلە غەم .
قۇلاق سالغىل ، ئىشتكىل دەردۇ ھالىم ،
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا يوقتۇر مەجالىم . »
دېدى بۇلبۇل : « ئەلەمدىن داد — فەرياد .
كۆڭۇلنىڭ دەردىدىن بولمادىم ئازاد .
خۇدا تەقدىرىغە قىلاي ، نە چارە ،
كى قىلسام مەن ئۆزۈمنى پارە ـ پارە .
چەمەنزار ئىچرە كىردىم مەست نالان ،
يۈرەكىم چاك ئېتىپ باغرىمنى بىريان .
كۆرۈپ گۇللارنى بولدۇم زارۇ ھەيران ،
گەھى خەندان بولۇبان ، گاھى نالان .
چەمەندە بار ئىكەن بىر نازەنىن گۇل ،
گۇلى قەھقەھ ئاتى زىيباۋۇ مەئقۇل .
چەمەنزار ئىچرە كۆپ گۇللارنى كۆردۇم ،
مۇھەببەتدىن گۇلى قەھقەھنى سۆيدۇم .

كى مۇندا كاشكى ئەلمەگەي ئېردىم ،
گۈلى قەھقەھنى ھەم سۆيمەگەي ئېردىم .
گۈلى قەھقەھغە بولدۇم زارۇ ھەيران ،
كى سايراپ ئالدىدا بولدۇم غەزەلخان .
گۈلى قەھقەھغە قىلدىم ئاشنالىق ،
ئانىڭدىن قىلمادىم ھەرگىز جۇدالىق .
كۆلۈپ ئويناپ قىلۇرمەن ئىشقى بازى ،
ئانىڭ بىرلە مېنىڭ ئىشقىم مەجازى .
مېنىڭ كۆڭلۈمدە قىزىلگۈل ھەمىشە ،
زەرۇرەتدىن قىلۇرمەن سەبر پىشە .
قىزىلگۈل بولمادى ماڭا دىل ئارام ،
بۇ بائىسدىن كۆڭۈلدە يوقتۇر ئارام .
قىزىلگۈلدىن خەبەر ھەم كەلتۈرۈپسەن ،
سەلامنۇ پەيامىن يەتكۈرۈپسەن .
تىكەن باردۇركى ئاندا بارماغايمەن .
ئانىڭ جەۋرى جەفاسىن تارتماغايمەن .
تىكەن باردۇر بارۇرغە تاقەتىم يوق ،
بۇدۇر ھالىمكى ، ئۆزگە ھالەتىم يوق .
تىكەننىڭ جەۋرىدىن كەلدىم بۇ يەرگە ،
كى يوقتۇر تاقەتىم ھالىمنى دەرگە .
ئازىپ يولدىنكى بۇ يەرگە كېلىپمەن .
قالىپ گۈللار ئاراسىدا غەرىبمەن .
ئەجايىب تۇرفە ھالەتكە قالىپمەن ،
ئۆزۈمنىڭ ھالىغە ھەيران قالىپمەن .
گۆزەر قىل ، ئەي سەبا ، ئۇل گۈل قاشىغە ،
يۈزى گۈل ـ گۈل ئاچىلغان گۈل قاشىغە .
مېنىڭ ئۇچۇن زەمانى ئەيلەسەڭ سەير ،
ساڭا سىررىمنى ئايتاي سەن ئەمەس غەير .
مېنىڭ ھالىمدىن ئايغايسەن خەبەرنى ،
ماڭا يەتكۈرگىل ئاندىن خۇش خەبەرنى .

مېنى سورسە دېگىل بۇلبۇل چەمەندە ،
سېنى كۆرمەككە مۇشتاق ئارزۇمەندە .
دېگەيسەن بەندەئى مەن بىنەۋادىن ،
ۋىسالىدىن جۇدا بولغان گەدادىن .
قىزىلگۈلغە مېنىڭ ئەرزىمنى يەتكۈر ،
تىكەندىن تارتقان جەبرىمنى يەتكۈر ،
ئايتىغىل ، ئەي سەبا ، بۇ سۆزگىنەمنى ،
تىكەندىن تارتقان دەردۇ ئەلەمنى .
مەنى سەركەشتەدىن سورسا خەبەرنى ،
دېگىل گەر سورسا سەندىن بۇ خەبەرنى .
قىزىل گۈل سورسا سەندىن مەن قۇلىنى ،
چەمەندە سايراغان مەن بۇلبۇلىنى .
دېگەيسەن بۇلبۇلۇڭ ئەۋۋارەلىكدە ،
گۈلى قەھقەھ قاشىدا بەندەلىكدە .
گۈلى قەھقەھغە بولمىش يارۇ ھەمدەم ،
ئانىڭ ئىشقىدا سايرار شادۇ خۇررەم .
كېلىپ مەن خەستەنى يار ئەتسە بارسام ،
بارىپ مەن ياستانىپ ئىشكىندە ياتسام .
قۇچۇپ ياتسام بارىپ گۈل ئاياغىنى ،
تىكەنى بىرلە خارلاماسە مېنى .
بۇدۇر ھالىم مېنىڭ ئايدىم ساڭا مەن ،
بۇ دەردىمگە دەۋا ئەيلە سەبا سەن . »
سەباغە ئايدى بۇلبۇل دەردۇ سوزىن ،
تەمامى ھالىنى رازى رەمۇزىن ،
سەبا تاتلىغ تىلىنى قىلدى گويا ،
قىزىلگۈل ھالىنى ئەيلەرگە ئىنشا :
« بۇ يەكگىلىغ بۇلبۇلۇم بارمۇ جەھاندا ،
سوراپ ، ئىستەپ ، باقىپ كۆرسەمكى قايدا .
كۆز ئاچىپ كۆرگەنىم سەن ئېردىڭ ، ئەي يار ،
كۆرۈشكەيمىز يەقىن فۇرسەتدە دىيدار .

## بۇلبۇل گۈلى قەھقەھدىن رۇخسەت تىلەپ قىزىلگۈل قاشىغە بارغانى

كۆلۈپ قەھقەھ گۈلى قەھقەھ ئاچىلدى ،
كى بۇلبۇل كۆزىدىن ياشلار ساچىلدى .
جەمالىنى ئاچىپ گۈل ـ گۈل شكۇفتە ،
ئاچىبان گۈل يۈزىن ئانداغكى غۇنچە .
گۈلى قەھقەھ دېدى : « دىۋانە بۇلبۇل ،
چەمەندە خۇشنەۋا جانانە بۇلبۇل .

چەمەندىن كەتمەگىل سەن بارما ئۇل باغ ،
مېنىڭ جانىمغە بۇلبۇل قويماغىل داغ .
ئۇنۇت ، ياد ئەتمەگىل سەن ئۇل قىزىلگۈل ،
قاشىمدىن كەتمەگىل شايەستە بۇلبۇل .
سەھەر سايراپ چېكەردىڭ ئاھۇ ئەفغان ،
كېتەر بولساڭ بولادۇرمەن پەرىشان .

مېنى قىلما پەرىشان كەتمە يولدىن ،
بىلەي قەدىرىڭنى مەن كەلگۈنچە قولدىن .
كى سايراپ ئەۋرۇلۇر ئېردىڭ باشىمدىن ،
جۇدالىق تۇشمەسۇن كەتمە قاشىمدىن .
قىلۇر ئېردىڭ جەمالىمغە نەزارە ،
مېنى تاشلاپ ئەگەر كەتسەڭ نە چارە .
ماڭا قىلماي ۋەفا كەتتى ، دېگەيمەن ،
ساڭا مەن مۇندىن ئۆزگە نە دېگەيمەن .
كۆڭۈل بەردىم ساڭا بولغايمۇ دەپ يار ،
كېتەرسەن ئاقىبەت ئەيلەپ مېنى خار . »
دېدى بۇلبۇل گۈلى قەھقەھگە : « ئەي يار ،
كېلۇرمەن پات يەنە كۆرگەيمەن دىيدار . »
دېدى بۇلبۇل : « مېنى بىچارە قىلما ،
خەرابۇ خەستەۋۇ ئەۋۋارە قىلما .
كۆلۈپ ئويناپ ماڭا رۇخسەتنى بەرگىن ،
خۇشۇ خۇررەم بولۇپ يولغا كىرەيىن . »
گۈلى قەھقەھ دېدى بۇلبۇلغە : « بارساڭ ،
سەلامىمنى قىزىلگۈلغە ئايتساڭ .
قىزىلگۈلغە دېگىل مەندىن سەلامى .
مۇھەببەتلىك سەلامىيۇ پەيامى .
سەلام ئايدى دېگىل ، ئەي ، گۈلى قەھقە ،
مېنىڭ قاشىمغە ھەم كەل گاھى ، گەھ ـ گەھ .
سېنى كەلگەي دەبان مەن كۆز تۇتارمەن ،
كى سەن كەلگۈنچە مۇندا قان يۇتارمەن . »
بېرىپ بۇلبۇلغە رۇخسەت گۈلى قەھقەھ
قۇچاغلاشىپ چېكىبان ئاھ ئىلە ۋەھ ،
كېتىپ قىشۇ يەنە باشىدىن بولۇپ ياز .
كى بۇلبۇل گۈل سارىغە قىلدى پەرۋاز .

**بۇلبۇل قىزىلگۈل قاشىغە بارۇردا بىر ۋادىغە چىقىپ بىر نەچچە كۈن بولغانى ، بۇ ۋادىدا بۇلبۇل ئاشيان تۇتۇپ ، بۇ ۋادى قۇشلارىغە نەسىھەت قىلغانى**

گۈلى قەھقەھ قاشىدىن كەتتى بۇلبۇل ،
دىماغىغە يېتىپ بۇيى قىزىلگۈل .
بولۇپ بۇلبۇل سەبا بىرلە ھەۋاگىر ،
گۈلى قەھقەھ چەمەندە قالدى دىلگىر .
سەبا بۇلبۇل بىلە ئۇچتى ھەۋاغە ،
قاچان يەتكەيمە دەپ ئول دىلرەباغە .
نەچە كۈنلەر ئۇچۇپ مەنزىل بەمەنزىل ،
بەناگاھ كۆردى بۇلبۇل ياخشى مەنزىل .
ئۇچۇبان نەچە كۈنلەر دەشتۇ چۆلدە ،
يېتىپ بىر ۋادىغە ئۆلمەك مەھەلدە .
بار ئېردى ۋادىئى زىبباۋۇ گۈلزار ،
ئەجايىب تۇرفە گۈلزارى چەمەنزار .
كى زىبىبا ۋادىيەدۇر سەبز خۇررەم ،
گۈلى بار نەچچە تۇرلۇك رەڭ بەرەڭ ھەم .
كىيىپ ئالۇ ياشىل خىلئەتنى ۋادى .
ئاچىلىپ غۇنچەلەر خۇررەمۇ شادى .
ياسانىپدۇر كىيىپ باشىدىن ئاياغ گۈل ،
ئەجايىب ياخشى مەنزىل كۆردى بۇلبۇل .
قىزىل ، سارىغ ، ياشىل گۈللار ئاچىلمىش ،
لەتافەتلىكدە گويا جەننەت ئېرمىش .
ئاچىلىپ رەڭبەرەڭ گۈلنىڭ بەھارى ،
كىرىپ ۋادىغە بۇلبۇل قىلدى زارى .
بۇ ۋادىدا بار ئېردى قۇشلا بىسيار ،
كىرىپ قۇشلار ئارا ئول بۇلبۇلى زار .
بار ئېردى ھۇدھۇدۇ تاۋۇسۇ قۇمرى ،
ھۇمايۇن ، سوفىياۋۇ شاھ تۇتى .
يەنە كىبكى خىرامان ، فاختەك بار ،
بۇ ۋادىدا خۇش ئەلھان قۇشلار بىسيار
كىرىپ ۋادىغە بۇلبۇل چەكتى فەرياد ،
كۆرۈپ قۇشلارنى بولدى خۇررەمۇ شاد .
نەچە كۈن قىلدى قۇشلار بىرلە سۇھبەت ،
بولۇپ قۇشلارغە بۇلبۇل ئۇنسۇ ئۇلفەت .
بۇ ۋادى ئىچرە بۇلبۇل تۇتتى گۇشە ،
يۈرۈپ قۇشلار ئارا سايرار ھەمىشە ،
چىقارىپ جاندىن فەريادۇ ئەفغان ،
كى سايرار ھەر زەمان بۇلبۇل خۇش ئەلھان ،

سورارغە بۇلبۇل ئەھۋالىنى قۇشلار ،
كېلىپ بۇلبۇل قاشىغە بارچە قۇشلار .
تەئەججۇب ئەيلەبان بۇلبۇل ھالىغە ،
تەرەھھۇم ئەيلەبان كۆزنىڭ ياشىغە .
دېدى قۇشلار : « ئايىتقىل نەدۇر ھالىڭ ؟
بەيان ئەتكىل بىلەيىن قىيلۇ قالىڭ . »
دېدى قۇشلار : « نە دەپ ئاھى چېكەرسەن ؟
فىغانۇ نالەئى فەرياد ئېتەرسەن ؟
قىزىلگۇل دەپ ھەمىشە ياد ئېتەرسەن ،
چېكىپ ئاھۇ كۆزۈڭدىن ياش تۆكەرسەن .
بۇ ۋادى ئىچرە بولدۇڭ بىزگە ھەمدەم ،
كى بىزنى قىلغىل ئۆز سىررىڭغە مەھرەم . »
دېدى قۇشلارغە بۇلبۇل ھالىن ئاندا :
« مېنىڭدەك بىنەۋا يوقتۇر جەھاندا .
مۇھەببەت گۇلشەنىدە بىنەۋامەن ،
كۆڭۈلنى ئالدۇرۇپ كەلگەن گەدامەن .
كى مەن بىر ئاشىق ئېردىم » دېدى بۇلبۇل .
« كى مەئشۇقۇم ئاتى ئېردى قىزىلگۇل . »
دېدى بۇلبۇل : « قىزىلگۇل بەندەسىمەن ،
يۈرۈپ ئەھلى جەھان ئەۋۋارەسىمەن .
قىلىپ پەرۋاز تۇغيانى جۇنۇندا ،
دىيارى ئىشقدىن كەلمىشمە مۇندا .
قىلاي دەپ ئالەمى ئۇلۋىغە پەرۋاز ،
كى تۇشتۇم ئالەمى سىفلىغە خۇنباز .
كى بۇ ۋادىنى قىلدىم جايى مەنزىل ،
تەرەققى قىلمايىن قىلدىم تەنەززىل .
قەزاغە چارە يوق بىچارەدۇرمەن ،
جەھان ئىچرە يۈرۈپ ئەۋۋارەدۇرمەن . »
دېدى قۇشلارغە بۇلبۇل دەردۇ ھالىن ،
مۇھەببەت سىررىيۇ ئىشقى كەمالىن .
قىزىلگۇل يادىغە كەلدى بەناگاھ ،
چېكىپ بۇلبۇل فىغانۇ نالەئى ئاھ ،
چېكىپ ۋادىدا بۇلبۇل سەۋتۇ ئەلھان ،
ئوقۇپ بۇ بەيتنى بولدى غەزەلخان .

## سەبا بۇلبۇلنى قاشىغا چىرلاغانى

سەبا ئەرتە بىلە گۇللار ئاچىلۇر ،
ئۇ كۈن ئۆتمەي تەمام توزۇپ ساچىلۇر .
ئاچىلىپ گۇللار گويا جەننەت ئەيلەر ،
كۈن ئولتۇرغۇنچە تۇرماي رىھلەت ئەيلەر .
بۇ ۋادى گۇللارىغە باغلاماق دىل ،
ئەبەس ئېرمىشكى قىلماق جايى مەنزىل .
دېدى بادى سەبا : « ئەي بۇلبۇلى زار ،
كى بولدۇم مەن سېنىڭدىن ئەمدى بىزار .
ئايا بۇلبۇل ، غەرىبى خەستە ، غەمناك ،
بۇ ۋادىغە كىرىپ بولدۇڭ ھەۋەسناك .
ھەۋەسناك ئەھلىنى ئاشىق دېمەسلەر ،
تەرىقى ئىشقدە سادىق دېمەسلەر .
ئايا بۇلبۇل ، سەن ئولغىل تازەپەرۋاز ،
ھەقىقى ئىشقدا بولغىل سەر ئەفراز .
قىزىلگۇل ئاشىقى سەن مەھرەمى راز ،
بۇ ۋادى گۇللارىغە بولما ھەمراز .
ئەگەر تەلبەسەنۇ چۇن بەندەئى يار ،
بۇ ۋادىدىن چىقىبان ئالسا دىيدار .
كۆرۈرسەن ۋادىنى زىيباۋۇ دىلخاھ ،
قىلىپسەن ۋادىنى بۇلبۇل نەزەرگاھ .
بۇ ۋادىدۇر مۇنى دەرلەر نەزەرگاھ ،
كى ئاشىقلار مۇنى قىلماس نەزەرگاھ .
كى بۇلبۇل ئىشق بازارىغە كىرگىل ،
بۇ ۋادىدا قونۇپ يا قونماي ئۆتكىل .
بۇ ۋادى ئىچرە قىلما ئاشىيانە ،
تۇرارمەن دەپ ، بۇ يەردە قىلما خانە .
بۇ ۋادى گۇللارىغە مۇبتەلاسەن ،
بىر ۋادى فانىدۇر باقى دېمە سەن .
فەنادىن ئۆتۈبان باقىغە بارغىل ،
ۋەتەننى ياد ئېتىپ ئەسلىڭغە يانغىل .
بۇ گۇل مۇمدى بولما مۇندىن ئۆتكىل ،
بۇ ۋادى گۇللارى قەيدىنى ئۈزگىل .
بۇ ۋادى گۇللارى بىخاسىيەتدۇر ،
ئانىڭ خۇشرەڭ جەمالى ئارىيەتدۇر .
بۇ ۋادى گۇلىنىڭ بەھرەسى يوقتۇر ،
بۇ كۈن كۆرگەن گۇلۇڭ تاڭلاسى يوقتۇر .
بۇ ۋادىدۇر بىلىڭ خابۇ خەبالەت ،
كۆچۈرمەك ئۆمرىنى كۇفرى زەلالەت .
بۇ ۋادى ئىچرە بولماقدىن نە ھاسىل ،
ھەقىقى يارىغە بولۇرمۇ ۋاسىل .

سۇرۇرى شادلىق قىلما بۇ يەردە ،
ئۇمىدى خەۋپ ، كۆپ ئەتكىل كېتەرگە .
كىرىپسەن ۋادىغە پايانى يوقتۇر ،
سېنى شاد ئەيلەمەك ئىمكانى يوقتۇر .
بۇ ۋادى شادلىغىڭنىڭ ئەينى غەمدۇر ،
سەراسەر خوشلۇقى دەردۇ ئەلەمدۇر .
مۇسافىرسەن بۇ يەردە قىلماغىل جاي ،
كى دە رسەن تاڭلاسى ۋاھ ھەسرەتا ، ۋاي .

## سەبا بۇلبۇل بىلە يولدا بارۇردا بۇلبۇلدىن سوئال قىلغانى ، بۇلبۇل سەبانىڭ سوئالىغە جەۋاب بېرىپ ، قىزىلگۈل قاشىغە كەلگەنىنىڭ بەيانى

سەبا رەفتارىن ئەيلەپ باد سەرسەر ،
بولۇپ بۇلبۇلغە ئانداغ پىرۇ رەھبەر .
سەمائ ئەيلەپ سەباكىم يولغە تۈشتى ،
بارىپ ئارقاسىدىن بۇلبۇل ھەم ئۇچتى .
ئۇچۇپ گاھى بەلەندۇ گاھى پەستى ،
بولۇپ بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقى مەستى .
ئۇچۇپ بۇلبۇل ، سەبا بىرنەچچە كۈنلەر ،
تەرىقى ئىشقىدا بارۇر ئىدىلەر .
سەبا تىغى زەبانىغە بېرىپ سۇ ،
تەرىقى ئىشقىدە زىكرىدۇر ياھۇ .
سەبا ئايدى : « بارالىڭ چۇستۇ چالاك ،
تەرىقى ئىشقىدە ئانداغ يول خەتەرناك .
خەتەرلىك يولدۇرۇر ھەم خەۋفى بىسيار ،
ئەدۇۋ ـــ دۇشمەن ، قاراقچى ـــ راھزەن بار .
تەرىقى ئىشقى نازۇك يولدۇر ئەمما ،
جانىڭدىن كەچمەسەڭ ئول يولغا بارما .
كىرەر بۇ يولغا كەچسە خانۇماندىن ،
جانىدىن كەچسە ھەم ئىككى جەھاندىن .
تەرىقى ئىشققە ھەركىم كىرەلمەس ،
ئەگەر كىرسە سەلامەت ھەم ئۆتەلمەس .
خەلاس ئەتسە ئۆزىن دۇنياۋۇ دۇندىن ،
ھەۋاۋۇ ھىرسۇ نەفسى سەرنىگۇندىن .
ئۆزىن تەجرىد ئالەم ئەتكەي ئانداغ ،
كۆڭلىدە بولماسا بىگانەدىن داغ .
كۆڭلىنى بارچەسىدىن خالى ئەتكەي ،
سەلامەت ھەم ئۆتۈپ مەقسەدكە يەتكەي .
تەرىقى ئىشقىدا ئۇ بولغاي ئەشرەف ،
جەمالى يارىغە بولغاي مۇشەررەف .
كى بولسا ئىشقىنىڭ سەرمەست شىرى ،
ۋەيا يول باشلاغۇچى بولسا پىرى .
بولۇپ بۇلبۇلغە ئانداغ ئىشقى ھالەت .
سەبا بۇلبۇلنى ئۆتكەردى سەلامەت .
ئۇچۇپ ھىجراندا ئانداغ مەستى بۇلبۇل ،
سەبا بولدى سوئال ئەيلەرگە مەشغۇل .
سۇچۇك تىلىدىن تامىپ ئاغزىدا بالى ،
سەبا ئەيلەرگە بۇلبۇلدىن سوئالى .
سەبا ئانداغ قىلىپ شەككەرفشانلىق ،
دېدى : « ئەي بۇلبۇلى ، سەرگەشتە ئاشىق ،
تەرىقى ئىشقى ئانداغ پۇر خەتەر راھ ،
سوئال ئەيلەرمە بۇلبۇل بولغىل ئاگاھ . »
دېدى بۇلبۇل : « سوئالىڭ بولسا سورغىل ،
بېرۇر شايەد جەۋابى تاپسا بۇ تىل . »
دېدى بۇلبۇل چېكىپ دەردلىغ ئاھ :
جۇنۇنى ئىشق قاندىن ئۆزدىن ئاگاھ . »
سەبا بۇلبۇلغە ئايدى : « بولدۇق ھەمراھ .
نە بائىسدىن چېكەرسەن نالەۋۇ ئاھ ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « كى قىلسا ئىشق تۇغيان ،
چېكەرمەن ئول زەمان فەريادۇ ئەفغان . »
سەبا ئايدى : « ماڭا ئىشقىڭ بەيان قىل ، »
دېدى بۇلبۇل : « بەيانىغە ھەددى يوق تىل . »
سەبا ئايدى : « نەدۇر ئىشقىڭ كەمالى ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « يېتەر كۆرسەم جەمالى . »
سەبا ئايدى : « نەدۇر ھەجرىدە كۆيمەك ؟ »
دېدى بۇلبۇل : «كۆيۈپ ھەجرىدە ئۆلمەك .»
سەبا ئايدى : « نە كۆڭلۈك مۇددەئاسى ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « ئانىڭ بولسام فىداسى . »
سەبا ئايدى : « ئەزىز جاندىن نە ئېرمىش ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « ئەزىز جانانە ئېرمىش . »
سەبا ئايدى : « بۇ ئىشقىڭدىن نە ھاسىل ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « ۋىسالى بولسە ۋاسىل . »
سەبا ئايدى : « قاچاندىن زار ئىمىشسەن ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « ئەزەلدىن يار ئىمىشمەن . »
سەبا ئايدىكى : « ئايغىل ئىشق قايدا ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « كى ئىشق جان ئىچرە پەيدا . »

سەبا ئايدى : « نەدۇر بۇ ئىشق ئىلە كام ؟
دېدى بۇلبۇل : « خۇدادىن ئىشق ئىلهام . »
سەبا ئايدى : « ئايتىغىل ئىشق قايسى ؟ »
دېدى بۇلبۇل : « خۇدايىمنىڭ ئەتاسى . »
سەبا ئايدى : « قىزىلگۇل يادىدا بول ، »
دېدى بۇلبۇل : « كۆڭۈلدە ئول قىزىلگۇل .»
سەبا ئايدىكى : « گۇلغە هەمنىشىن بول ،»
دېدى بۇلبۇل : « ئەگەر بەرسە ماڭا يول . »
سەبا ئايدىكى : «سايراپ بول غەزەلخان . »
دېدى بۇلبۇل : « چېكەرمەن ئاهۇ ئەفغان . »
سەبا ئايدى : « نەۋا ئەيلەپ فىغان قىل ، »
دېدى بۇلبۇل : «ماڭا گۇل ۋەسفىن ئايغىل .»
سەبا ئايدى : «نە ياخشى سايرادىڭ خۇش ،»
دېدى بۇلبۇل : « مېنىڭ ئىشقىم قىلۇر جۇش . »
سەبا ئايدى : « فىغانىڭ هەددىن ئاشتى ، »
دېدى بۇلبۇل : « جانىمغە ئوت تۇتاشتى . »
سەبا ئايدىكى : « سەن كۆپ قىلما زارى ، »
دېدى بۇلبۇل : « ماڭا يوق ئىختىيارى . »
سەبا ئايدى : « غەمىن كۆڭلۈڭنى قىل شاد ، »
دېدى بۇلبۇل : «قاچان مەن غەمدىن ئازاد »

سەبا ئايدى : « زەمانى ئەيلە راهەت ، »
دېدى بۇلبۇل : « جانىمدا مىلڭ جەراهەت . »
سەبا ئايدى : « بۇ دەردىڭغە دەۋا قىل ، »
دېدى بۇلبۇل : « بۇ دەردنى بىدەۋا قىل . »
سۇئال ئەيلەپ سەبا بۇ ماجەرادا ،
تۆكۈپ كۆز ياشىنى بۇلبۇل نەۋادا .
فەلەك تىترەدى بۇلبۇل نالەسىغە ،
يەتىشتىلەر قىزىلگۇلنىڭ قاشىغە .
يەتىپ كەلدى گۇلستانىغە بۇلبۇل ،
ئاچىلىپتۇر گۇلستاندا قىزىلگۇل .
گۇلستان ئىچرە كىردى مەستۇنالان ،
كۆزىن گىريان ئېتىپ باغرىنى بىريان .
كىرىپ گۇلشەنگە بۇلبۇل قىلدى زارى ،
قىزىلگۇل ئېردى بۇلبۇل ئىنتىزارى .
گۇلستانىغە كىرىپ قىلدى فىغانى ،
قىزىلگۇلنى كۆرۈپ تىترەدى جانى .
جەهاندا تاپمادى دەردىغە دەرمان ،
كۆتەردى بۇلبۇلى بىچارە ئەفغان .
كېلىبان نەغمە قىلدى گۇلستاندا ،
ئوقۇدى بۇ غەزەلنى بۇلبۇل ئاندا .

## بۇلبۇل گۇلستانغە كېلىپ قىزىلگۇلغە ئوقۇغان غەزەلى

ساڭا ئەي گۇل قىلايىن ئەمدى ئىزهار ،
كي قوغلادي قاشىڭدىن زەخمەتۇ خار .
خۇدا ئۈچۈن تەرەههۇم قىلغىل ئەمدى ،
مەنى دىلخەستەنىڭ هالىغە زىنهار .
ماڭا ئول تابۇ تاقەت يوقتۇر ئەي گۇل ،

كى ئولتۇرغاي سېنىڭ قاشىڭدە ئەغيار .
ئىچىمگە ئوت سالىپدۇر شەمئ يەڭلىغ ،
كۆيەر جانىم تاڭ ئاتقۇنچە شەبۇ نار .
ئۆزۈڭگە خارۇ خەسنى هەمدەم ئەتمە ،
مېنى دەردى فراقىڭدە قىلىپ زار .

## قىزىلگۇلنىڭ بۇلبۇلغە جەۋاب بەرگەنى

دېدى ئول گۇل : « خۇدايىمكىم ياراتتى ،
تىكەن بىرلە مېنى بىللە تۆرەتتى ،
ئىكەۋلەن هەمدەم ئېردۇك بىز ئەزەلدە ،
جۇدا بولغانىمىز يوق هېچ مەهەلدە .
سىزىپتۇرمىز ئانىڭ بىرلە ئاتادىن ،
تۇغۇپدۇرمىز ئانىڭ بىرلە ئانادىن .
تىكەندىن مۇمكىن ئېرمەسدۇر جۇدالىق ،
ئانىڭ بىرلە ماڭا يوق كەد خۇدالىق .
سەن ئاندىن رەنجى بىهۇدە چېكەرسەن ،
ئۆزۈڭگە بىجىهەت دۇشمەن تۇتارسەن . »

بۇ سۆزلەردىن تەسەللى تاپتى بۇلبۇل ،
كۆزىدىن ياش ئاقىزىپ تۇردى مۇل ـ مۇل .
كى بۇلبۇل گۇل بىلە تۇزدىلەر مەجلىس ،
بولۇپ ئاشىقۇ مەئشۇقىغە مۇنىس .
غەزەلخانلىق قىلىپ بۇلبۇل نەۋادا ،
گەهى « ئۇشاقدا » گاهى « سىگاه » دا ،
كى بۇلبۇل گۇل قاشىغە ئەيلەپ ئەلهان ،
چىقارىپ جانىدىن فەريادۇ ئەفغان .
كى سايرار هەر زەمان دەرد ئىلە بۇلبۇل ،
ئاچىلۇر گۇل ئانىڭ زەۋقىدا گۇل ـ گۇل .

كىرىپ گۈلشەن ئىچىگە بۇلبۇلى زار ،
گۈل ئىلە ئەيشۇ ئىشرەت قىلدى بىسيار .

كى بۇلبۇل گۈل ئىكەۋلەن ھەمدەم ئولدى ،
كۆرەلمەس شۇم رەقىبلەر پۇرغەم ئولدى .

### باغبان بۇلبۇلنى تۇتۇپ قەفەسكە سالىپ ، شەھەرگە ئالىپ بارىپ ساتقانى ۋە باغبانىنىڭ باشىغە ئۈگزەدىن تاش تۈشۈپ ئۆلگەنى

كى پەخەس بولدى ناگەھ باغبانى ،
كى بۇلبۇل گۈلدىن ئايرىلماس زەمانى .
يامانى كەلدىيۇ بولدى غەمدە ،
بۇلارنى تۇتايىن مەن بىر يەرىدە .
قەزا ئەللاھ ، كۈنى كۈنلەردە بىر كۈن ،
چەمەندە مەست ئىدىلەر ئىككى بىر كۈن .
كېلىپ مىسكىن بۇلارنى تۇتتى ئالدى ،
ئايىرىپ بىر بىرىدىن يەرگە سالدى .
كېسىپ تۇپلەپ چىقاردى گۈلنى يەردىن ،
قالادى ئوتغەۋۇ چىقاردى قەھرىن .
كۈلنى ئالدىيۇ كۆككە ساۋۇردى ،
يەنە بۇلبۇل سارى ئولدەم يۈگۈردى .
تۇتاشىپ ئېردى ئوت ئول بۇلھەۋەسكە ،
ئالىبان سالدى بۇلبۇلنى قەفەسكە .
قەفەس بىرلە ئالىپ باردى شەھەرگە .
يەتىشتى ئېرسە ناگاھ بىر گۈزەرگە .

كۆرۈپ بۇلبۇلنى بىر مەردى چوفانى ،
كېلىپ تۇردى قاشىدا بىر زەمانى .
تۇرۇپ سوردىكى : « بۇلبۇلنى ساتارسەن ،
بەھاسى نەچچە پۇل تەئيىن ئېتەرسەن ؟ »
دېدى : « بۇلبۇل قەفەس بىرلە ئون ئالتۇن ،
ماڭا ھەركىم ئون ئالتۇن بەرسە ئالسۇن . »
سۆيۈندى ئۇ چوفانى زەۋق بىرلە ،
ئون ئالتۇن پۇل سانادى شەۋق بىرلە .
ئالىپ ئول باغبانى ھەم نەفەسلەر ،
قىلۇرغە خەرج ① ئانى قىلدى ھەۋەسلەر .
تۇرۇپ ئېردى خەيال ئەيلەپ ئالاي ئاش ،
باشىغە تۈشتى ناگەھ ئۈگزەدىن تاش .
باشى ئانىڭ يارىلدى ئاقتى قانى ،
پۇلى بىر ـ بىر ساچىلدى چىقتى جانى .
كىشىنىڭ قەسدىدە بولغان كىشىنى ،
كۆرۈڭ ئاخىر نە ئولدى سىز ئىشنى .

### بۇلبۇل ھوشيار بولۇپ ، ئۆزىنى قەفەس ئىچرە كۆرۈپ غەمكىن بولغانى

چۇ بۇلبۇل مەستلىقدىن بولدى ھوشيار ،
ئۆزىن كۆردى قەفەس ئىچرە گىرىفتار .
تەفەككۇر ئەيلەدىيۇ بولدى غەمكىن ،
« نە تەقسىر نە گۇناھى كەچتى مەندىن .
كى بۇ يەڭلىغ بولۇپدۇرمەن گىرىفتار ،
مەنى بىچارەئى مەھزۇنۇ ئەفگار ؟! »
دېدى چەكتى بىر ئاھى ئول جىگەر سوز ،
قارا بولدى مىسالى كېچە ـ كۈندۈز .
سەبا كەلدى بەناگەھ ئول نەفەسدە ،

چالىندى كۆزىگە بۇلبۇل قەفەسدە .
كېلىبان سوردى : « بۇلبۇلغە نە يەتتى ؟
گىرىفتارى قەفەس سېنى كىم ئەتتى ؟ »
دېدى ئول : « باغبانى بەدنىيانەت ،
قەفەس ئىچرە سولاپ قىلدى ئاھانەت . »
سەبا بىرلە قىلىپ دەفئى مەلالەت ،
تەكەللۇم باشلادى بۇلبۇل بۇ ھالەت .
ساغىندى گۈلنىيۇ فەرياد قىلدى ،
قەفەسدە بۇل غەزەل بۇنياد قىلدى .

### بۇلبۇلنىڭ قەفەسدە گۈلنىڭ ئىشقىدا ئوقۇغان غەزەلى

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدۈك نىگارىم ،
رەقىب ئىلكىدە ئۆچتۈك گۈلئۇزارىم .

قەفەس ئىچرە قىلىپدۇرلار مېنى بەند ،
سېنى ئىستەرگە يوقتۇر ئىختىيارىم .

① بۇ سۆز قول يازمىدا « چەرخ » دەپ يېزىلغان ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن « خەرج » دەپ ئېلىندى .

مېنىڭ ئىشقىمدە بولدۇڭ كۇل، سەن ئەي گۇل،
مېنىڭ ھەم يوقتۇرۇر ئەمدى تۇرارىم.
رەقىب ئىلكىدە بولدۇم زارۇ ھەيران،
قايان باردى بۇرۇنقى ئىتىبارىم.
فىراقىڭ ئوتىدا كۆيدۇم تۇگەندىم،
جەھان ئىچرە مېنىڭ بۇ جىسمى زارىم.

## بۇلبۇل گۇلنىڭ ئىشقىدا بىتاقەت بولۇپ جان بەرگەنى، بۇلبۇلنى ساتىپ ئالغان چوغانى ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنى

ماڭا راۋى رىۋايەت قىلدى مۇنداغ،
ئەجايىب بىر ھېكايەت قىلدى مۇنداغ.
كى گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل چەكتى بىر ئاھ،
ئۇشۇل ئاھ ئىلە جانى چىقتى ھەمراھ.
كۆرۈپ مۇنى ساتىپ ئالغان چوغانى،
ياقاسىن يىرتىبان قىلدى فىغانى.
كى مەن بىلسەم ئىدىم مۇنداغ ئۆلۈمنى،
قاچان زايىئ قىلۇر ئىردىم پۇلۇمنى.
ئۆزىنىڭ مۇشتى بىرلە ئۇردى ئەھمەق،
ئۆزىنى ئۇردى جانى چىقتى مۇتلەق.
كۆرۈڭ بۇلبۇل ئىلە گۇلنى ئىكەۋلەن،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ تۈگەنگەن.
ئۇلاردىن ئىبرەت ئالىڭ ھەمنەفەسلەر،
مۇھەببەت يولىدا قىلىڭ ھەۋەسلەر.
تىرىكلىكدە قىلىڭلار ئىشقى بازى،
ھەقىقى بولمىسا بارى مەجازى.
مۇھەببەت ئەھلى دىلىڭدۇر نىيازى،
خۇدا قاتىدا يوق گەرچە نەمازى،
ئىلاھا، غۇربەتىگە رەھم قىلغىل،
مۇھەببەت ئوتىدىن بىر زەررە بەرگىل.
غەرىبۇ خەستەغە لۇتفۇڭ بىلە باق،
ئانىڭ كۆڭلىگە ئىشقىڭ ئوتىنى ياق.

## خاتىمە كىتابى « گۇل - بۇلبۇل»

كەل ئەي ئاشىق مۇھەببەتلىك كۆزۈڭ ئاچ،
مۇھەببەتسىزلەدىن بۇلبۇل بولۇپ قاچ.
مۇھەببەتسىزلەدىن بۇلبۇل قاچىپدۇر،
مۇھەببەتنى قىزىلگۇلدا تاپىپدۇر.
قىزىلگۇلدە تاپىپ بۇيى مۇھەببەت،
قىلىپ بۇلبۇل فەراغەت ئەيشۇ راھەت.
مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەپ تاپىبان،
ئاڭا سەن ئەيلەگىل جانىڭنى قۇربان.
مۇھەببەت ئەھلىدىن سەن چىقماغىل تاش،
تىلەسە جان بىلە بەرمەك كېرەك باش.
مۇھەببەت بەندەنىڭ جۇيەندەئى ئىشق،
بولۇپ شاھى جەھانى بەندەئى ئىشق.
مۇھەببەتلىك بولۇپ جۇيانى ئاشىق،
ھەمىشە تازەدۇر ئىمانى ئاشىق.
كۆڭۈلنى قىل مۇھەببەتخانەئى ئىشق،
مۇھەببەتدىن بولۇپ مەستانەئى ئىشق.
ئالىپ كۆڭۈلگىنى تاراج ئەيلەسۇن ئىشق،
ئەسىر ئەيلەبكى غارەت ئەيلەسۇن ئىشق.
ئەسىرى ئىشق بول ئازادە بولغۇڭ،
غەمىن كۆڭلۈڭگە سەن تا شاد بولغۇڭ.
بولۇبان پاك بازى ئاشىقى پاك،
شەھىدى ئىشق بول سىنەڭنى قىل چاك.
ئەگەر بولسا كىشى ئىشقى مەجازى،
ھەقىقىغە مەجازى كار سازى.
مۇھەببەت دەردى ئىشقى ئەيلە ھاسىل،
جەھاندا بىھۇدە يۈرمەك نە ھاسىل.
مۇھەببەت گۇلشەنىنىڭ بۇلبۇلى بول،
خوش ئول ئىشقى مۇھەببەت ئەھلىدىن بول.
قانى مەجنۇن، قانى فەرھادى ئاشىق،
قانى مېھرۇ ۋەفا، ئۇزرا ۋۇ ۋامىق.
ئۇلار كەتمىش قالىپ نامۇ نىشانى،
قالىپ ئىشقى مۇھەببەت داستانى.
بەسا مۇرغانى خوش پەيكەر باردۇر،
ئۇلارنى ھېچكىم ئاشىق دېمەيدۇر.
تەئەسسۇف ئەيلەپ ئال بۇلبۇلدىن ئىبرەت،
ئەسىرى ئىشق بول ئەھلى مۇھەببەت.
قالىپ بۇ داستانى « گۇلۇ بۇلبۇل »،
ئۆتەر دۇنيا مەقامى ئىشقدىن بول.
قىزىلگۇل كۆيدى، بۇلبۇل قىلدى ئەفغان،
قىزىلگۇل ئىشقىدا بۇلبۇل بېرىپ جان.

تىكەنى بىرلە كۆيدى ئول قىزىلگۇل ،
قىزىلگۇل ئىشقىدا جان بەردى بۇلبۇل .
قىزىلگۇل باغبان ئىلكىدە كۆيدى ،
قىزىلگۇل ئىشقىدا بۇلبۇل ھەم ئۆلدى .
قىزىلگۇل كۆيدى بۇلبۇل ئاشىق ئولدى ،
جەھان باغىدا ئاشىقلىقدا ئۆتتى .
گۇلىستاندىن توزۇپ كەتتى قىزىلگۇل ،
ئۇچۇپ روھى ئۇچالماي قالدى بۇلبۇل .
ئەگەر بۇلبۇلۇ قۇمرى بولسا يا زاغ ،
كېتەر بۇلبۇلۇ ، گۇل ھەم قالغۇسى باغ .
ئىشەنمە بۇ جەھان باغىغە زىنھار ،
ئەجەل تارتار سېنى قالغۇسى باغلار .
بۇدۇر رەسمى فەلەك دارۇلفەنانى ،
بولۇر فانى بارى ، ئىستەڭ بەقانى .
يۇرۇپ ئىستەپ تاپىبان پىرى كامىل ،
يىغىپ كۆڭلۈڭنى پىرغە باغلاغىل دىل .
ئاڭا بەرگىل قولۇڭنى پىر تۇتغىل ،
ئانىڭكى ئەمرى فەرمانىنى تۇتغىل .
قىلىپ خىزمەتنى پىر ئىشكىنى ياستان ،
جەمئى مۇشكىلاتىڭ بولغاي ئاسان .
بىلىڭلار بۇ جەھان باقى ئەمەسدۇر ،
جەھان فانى دۇرۇر ھېچۇ ئەبەسدۇر .
ئۆزۈمنىڭ سۆزىگە بولمادىم ئامىل .
گۇنەھكار دۇرمەن ئىسيانىمغە قايىل .
گۇنەھكارمەن ئەمەل يوق ھېچ مەندە ،
مېنىڭدەك بولماغاي شەرمەندە بەندە .
گۇنەھكار ئاسىيلار شەرمەندەسىمەن ،
نەچۇك بولسام ياراتقان بەندەسىمەن .
ئىلاھا ، يوقتۇرۇر مەندەك گۇنەھكار ،
يامان ئىشلار قىلىپ بولدۇم تەبەھكار .
كېچە ـ كۈندۈز ئىشىم بولدى گۇنەھدە ،
ئۆتۈپ غەفلەتتە بۇ ئۇمرۇم تەبەھدە .
ئىبادەت ئورنىدا قىلدىم گۇنەھنى ،
گۇنەھدە ئۆتكۈزۈپمەن سالۇ ، مەھنى .
قىلىپ نامەم قارا يۈزمىڭ گۇنەھدىن ،
خۇدايا تەۋبە قىلدىم مەن گۇنەھدىن .
خۇداۋەندەكى مەقبۇل ئەيلە تەۋبەم ،
نۇسۇھا تەۋبەسىدەك بولسۇ تەۋبەم .

سەلاھى ، تەۋبە بازارىدا بولغىل ،
تەزەررۇئ گىريەۋۇ زارىدا بولغىل .
گۇنەھ تەقسىر ئەتتىم بولدى بىھەد ،
خەتا قىلدىمۇ فىئلىم بارچە بەد .
خۇداۋەنداكى ، قۇدرەتلىك ئىلاھىم ،
ئىلاھا ، رەھم قىل ئەي ، پادىشاھىم .
كەرەم ئەيلەپ كەچۇر قىلغان گۇناھىم ،
كى رەھم ئەت سەندىن ئۆزگە يوق فەناھىم
ئىلاھا ، رەھمەتىڭ لۇتفۇڭدۇر بىھەد ،
ئەجابەت ئەيلە ، يا رەب ، قىلماغىل رەد ،
مەنۇ شەرمەندە ، مەن بۇ بەندەلىككە ،
مېنى قويما بۇ يۈز شەرمەندەلىككە .
ئىلاھا ، رەھمەتىڭنى سايەبان ئەت ،
مېنى دەۋزەخ ئەزابىدىن ئامان ئەت .
مېنى قىلما سازاۋارى جەھەننەم ،
مېنى دەۋزەخ ئوتىدىن ساقلاغىل ھەم .
پەناھ بەرگىل قىيامەت شىددەتىدىن ،
ھەراسانلىقۇ تەفسان ۋەھشەتىدىن .
سۆزۈمدە بولسا سەھۋۇ ئەيبۇ نۇقسان ،
ياپىڭ ئەيبىم مېنىڭ سىز ، ئەي مۇسۇلمان .
ئەگەر بولسا خەتاۋەيا پەرىشان ،
پەرىشانمەن سۆزۈم بولغاي پەرىشان .
سەلاھىنى دۇئادا ئەيلەڭىز ياد ،
دۇئايى خەير بىرلە قىلغاسىز شاد .
دۇئا بىرلە مېنى ياد ئەيلەگەيسىز ،
ئوقۇغاندا ئۇنۇتۇپ كەتمەگەيسىز ،
ئوقۇبان سەير قىلسۇنلار بۇ داستان ،
كى ئاشىقلار ئۇچۇن قىلدىم گۇلىستان .
بىھەمدۇلىللاھكى ، ئاغازى سەر ئەنجام ،
« گۇلۇ بۇلبۇل » كىتابى تاپتى ئەنجام .
بولۇبان مۇستەفاغە ھىجرىياندىن ،
ئالىڭ تەئرىخ دەردى ئىشق دەردىن .
كىتاب تەئرىخىن ئال قوينۇڭغە سال قۇچ ،
بولۇپ بىر مىڭ يۈزۈ ئەللىك يەنا ئۈچ .
تەمام ئەيلەپ « گۇلۇ بۇلبۇل » قىلىپ تەير ،
بەيانى ئىشقى بۇلبۇل تەممەتۇل خەير .
سەلاھىغە ، ئىلاھا ، لۇتفۇ رەھم ئەت ،
كىتابى « گۇلۇ بۇلبۇل » بولدى تەممەت .

تەئرىخغە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون ، ياركەند ھېسابىدا مەيمۇن يىلى بەرائەت ئايىنىڭ يىگىرمە ئۈچى سەيشەنبە كۈنى تەمام بولغان .
كاتىبى موللا مۇھەممەد يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەديار .

# شېئىرلار

## يەتىمى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلئەھەت قادىر

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** يەتىمى ـــ ئەسلى ئىسمى تۇردى خەلىفە ھاجى ئوغلى قادىرخان بولۇپ ، 1918 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى سىزىيا دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ، 1964 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 46 يېشىدا كېسەل بىلەن ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . شائىرنىڭ دادىسى تۇردى خەلىفە ھاجى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىماسى بولۇپ ، شائىر ئاۋۋال دادىسىنىڭ قولىدا ، كېيىن قاراقاش ۋە قاغىلىقتىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان . شائىر بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا تىل ، تارىخ ، ئەدەبىيات ئىلىملىرىگە ئىشتىياق باغلاپ ئۆزىنىڭ شېرىن سۇخەنلىكى ، ۋەزنى راۋان ھازىر جاۋاب شېئىرلىرى ، ئەتراپلىق بىلىمى ، تەپەككۇر ئىقتىدارى ، خۇش پېئىل ، كەمتەر ، چىقىشقاقلىقى بىلەن يۇرت ئىچىدە ئالاھىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان . شائىرنىڭ زامانداشلىرى ئۇنى : « ئۇن نەچچە يېشىدا شېئىر ـ ئەشئار تۈزەتتى ، ئەرەب ، ئوردۇ ، پارىسى زەبانىغا باشى ئىدى » دەپ تەرىپلەيدۇ . شائىرنىڭ 600 كوبلېت 1200 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل ۋە مۇخەممەستىن تەركىب تاپقان « دىۋان يەتىمى » ناملىق قول يازما كىتابى شائىرنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ھاجى ئابدۇخالىق تۇردىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا . شائىر بۇ ئەسىرنى 1948 ـ يىلى 31 يېشىدا پۈتتۈرگەن . بۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ يەنە « چەشمە يەتىمى » ، « سەپەر ئەستىلىكلىرى » ناملىق قول يازمىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم . ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، شائىرنىڭ « سەپەر ئەستىلىكلىرى » ناملىق قول يازمىسى ، شائىر ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكىرىدە ، تۆت ئاي ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولغان مەزگىلدە ، ئۆز تەسىراتلىرىنى نەزمە ۋە نەسرى شەكىلدە يېزىپ قالدۇرغان سەپەر خاتىرىسى ئىكەن . ئەپسۇسكى ، شائىرنىڭ بۇ قول يازمىلىرى ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن تەۋەرۈك كىتابلىرى ئاپەتلىك يىللاردىكى كىتاب كۆيدۈرۈشتە نابۇت قىلىۋېتىلگەن . شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىنى يورۇتۇش يولىدا خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەرنى يىغىش ـ رەتلەش ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئەھمىيەتلىك بولغان تۇنجى قەدەمنى باستى . مەن ئۇلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن . تۆۋەندە ، شائىر يەتىمىي ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە شائىرنىڭ بىرقانچە پارچە شېئىرىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمەن .

* *

مەنى بىچارەنى ۋەيرانە قىلغان ئۇشبۇ غۇربەتدۇر ،
ئانىڭچۇن دائىما ئافەت ، غەمۇ ئەندۇھۇ مىھنەتدۇر .
يۇرۇپمەن دەشتۇ سەھرادا ، كېزىپمەن تاغۇ دەريانى ،
پىرىمدىن ئايرىلىپ ، دوستلار ، بۇ ئالەم ماڭا زۇلمەتدۇر .
بۇ فانى دەھرىدىن كەچسەم تۇتۇپمەن گۇشەئى ئۇزلەت ،
بۇھالنى سورساڭىز مەندىن ئىچىمدە داغۇ ـ فۇرقەتدۇر .
قىلىپ بۇ يولنى ئەندىشە كېچىڭلار مۇلكى ئەملاقدىن ،
كېتەرمىز چۇنكى ئالەمدىن ۋەفا يوق مالۇ مۇلكەتدۇر .
سۇلەيمان ئۇشبۇ ئالەمنىڭ بارىغە پادشاھ ئېردى ،
ئاخىردەم كەتتى دۇنيادىن ۋەفاسىز تەختۇ دەۋلەتدۇر .
تەكەببۇر قىلماغىل زىنھار ئۇزۇڭنى بارچەدىن كەم تۇت ،
قىلىپ شەيتان تەكەببۇرنى گىرىفتار تەۋقى لەئنەتدۇر .
يەتىمى ، يىغلاغىل بىسيار ئاخىردەمدە ئىشىڭ دۇشۋار ،
بۇ يولدىن يانماغىل زىنھار مەلامەت ساڭا رەھمەتدۇر .

* *

مۇردە دىلنى تىرگۇزۇرغە باتىنى بىينا كېرەك ،
مەردى ناقىس سۇھبەتىغە زىينەتى دۇنيا كېرەك .
بۇلھەۋەسلەر كىردى بۇ يولغە ھەۋايۇ ھەس بىلەن ،
چەشمى باتىن كورلارغە هايۇ ھۇ غەۋغا كېرەك .
دەردى باتىننىڭ دەۋاسى پىرئى ھازىق تەبىب ،
پىرى كامىلنىڭ نىشانى ساھىبى تەقۋا كېرەك .
بەرمە ئارايىش تېنىڭگە باتىنىڭ ئاراستە قىل ،
تالىبى جۇيەندەلەرغە زاھىرى رەسۋا كېرەك .
ئاشىق ئولساڭ مىھنەتۇ رەنجۇ ئەلەمغە سەبرى قىل ،
رەنجۇ مىھنەت تارتسا ھەركىم مەرتىبى ئەئلا كېرەك .
ئىشقىدىن فەرھادۇ شىرىن دەشتۇ سەھرا كەزدىلەر ،
مىسلى مەجنۇن ئاھۇ ۋاھ دەپ يۇرگەلى لەيلا كېرەك .
بۇلبۇلى ھەرسۇبھى دەمدە گۇل ئۇچۇن نالىدە بول ،
مۇندە گىريان ئاندە دىيدار جەننەتۇل مەئۋا كېرەك .
ئەھلى ھەقلەر سەترە ھال ئەيلەپ دەۋام سىرنى ياپار ،

نارەسالارغە تەمەننا ماۋۇمەن دەئۋا كېرەك .
ئاقىل ئېرسەڭ ئاختارىپ بىر مۇرشىدى كامىلنى تاپ ،
ئاستانىن ياستانۇرغە تالىبى مەۋلا كېرەك .
ئىتنى كۆرگىل بىرنەزەر بىرلەن ۋەلايەت تاپتىلەر ،
سۇھبەتى مۇنداغ ئەسىرلىك نەجمىدىن كۇبرا كېرەك .
سەن دىلىڭنى راست تۇتساڭ يولدە كۆپدۇر راھبەر ،
مەردى ھەقلەر سۇھبەتىغە خالىسەن لىللا كېرەك .
ئىختىيارنى پىرغە بەرگىل ئالدىدە بولغىل فەنا ،
سەن فەنا قىل شەيخى بول ئاندىن فەنا فىللا كېرەك .
رەھبەرىڭ كەتتى ، يەتىمى ، تۇت يەنە بىر رەھنەما ،
قىل ئەيان ئەرزىڭنى يىغلاپ ئارىفى بىللا كېرەك .

* *

گاھى گىريان گاھى خەندان بىر ساراڭ دىۋانەمەن ،
خانىمانۇ مالۇ فەرزەند جۇملەدىن بىگانەمەن .
سايراسە بۇلبۇل چەمەندە گۇل ئۇزارىغە باقىپ ،
ئاچىلىپ گۇل غۇنچە يەڭلىغ باغ ئاراخەندانە مەن .
ئوتنى كۆرسەم ئول سەمەندەردەك ئۇچۇپ ئوتقا كىرىپ ،
شەمئىنى كۆرگەن زەمان ئاتقان ئۆزۇم پەرۋانەمەن .
گاھ گۇلخان گاھى گۇلزار ھىچ قەرارىم يوق مېنىڭ ،
دائىما چاكى گەرىبان لالەدەك قۇرداغىمەن .
مەسكەنىمدۇر تاغۇ سەھرا مۇترىبىم چەڭگۇ رەباب ،
نې كەبى قۇرقەتدە يىغلاپ نالەيۇ ئەفغانەمەن .
يا بەرەھنە سەربەرەھنە ئەقلۇھۇشۇم يوق مېنىڭ ،
تاش تېگىپ سىنغان ساپالدەك خەستەدىل ۋەيرانەمەن .
ھەم خەرابات زىندەلەردەك كوچىلاردا خارۇ ـ زار ،
ئىگەسىز ئىتدەك يۇگۇرۇپ دەربەدەر سەرسانە مەن .
ھۇ چېكىپ قۇمرى كەبى ھەم چۇغزدەك ۋەيرانەدە ،
كېچەلەر تاڭ ئاتقۇچە ھەق ـ ھەق دەبان سوزانەمەن .
كەتتىلەر ۋەقتى بەھارىم ئۇچرادى بادى خەزان ،
تۆكۈلۈپ يافراغلارىمدىن شاخىدەك ئۇريانەمەن .
مەي ئىچىپ كەيفىيەتىدىن يىقىلىپ بىھۇش بولۇپ ،
ئەل ئارا سۆزلەب پەرىشان مەشرەبى مەيخانەمەن .
ئۇشبۇ ئايتقان سۆزلەرىمدىن مەن خىجىل ھەم شەرمسار ،

ھەممەنى مەن ـ مەن دېدىم لېكىن سۆزى يالغانەمەن .
زاھىرەن باشىمدە دەستار ئىلكىمە تەسبىھ ئالىپ ،
خىلۋەت ئىچرە بەلدە زۇننار شەيخىئى بۇتخانەمەن .
ھەرنە بولسام ئەيب قىلماڭلار غەرىب بىچارەگە ،
يادى ھەقدۇر دىلبەرىمنىڭ ئىشقىدە مەستانەمەن .
نەچچە ۋەقتتۇر ، ئەي يارانلار ، مەن يەتىمى خاكسار ،
ۋەسلۇ بەختىم دىلبەرىمدىن ئايرىلىپ ھەيرانەمەن .

*

بولاي مەن قەلەندەر سېنى ياد ئېتىپ ،
يەنە چۇغزدەك خانە ۋەيران ئېتىپ .
بولۇپ مەستۇ بىھۇش ئۆزۈمدىن كېتەي ،
مۇغان پىرى بەزمىدە مەن مەي ئىچىپ .
خەبەر يەتسە بادى سەبادىن ئەگەر ،
كېتەي مالۇ روزغارىمدىن كېچىپ .
قوناي شاخ ـ گۇللەرگە بۇلبۇل كەبى ،
كى سايراپ نەچە ئاھۇ فەرياد ئېتىپ .
قىلىپمەن تەۋەككۇل چۇ ھۇدھۇد سىفەت ،
ياتاي مەن مۇغاكلاردە مائۋا ئېتىپ .
كى يەتسە ماڭا فەيزى ھەقدىن شەمال ،
ئۇچاي ھەرتەرەفكە مۇئەللەق ئېتىپ .
خەراباتىلارنىڭ غۇلامى بولاي ،

*

كى مەيخانەلەردە شەرابىن ئىچىپ .
ماڭا بەرسە ساقى ئەلەست خەمرىنى ،
ئۇقۇي ئاندا : ھەلمىن مەزىد ، چەرخ ئېتىپ .
ئەگەر قەترە يۇتسام ئۇشول خەمرىدىن ،
دېگۇم ئەللا ـ ئەللانى فەرياد ئېتىپ .
بۇ زىكرىڭنى كۆڭلۈمدە زەبت ئەيلەسەم ،
دىلىمنى يۇرۇتقىل تەجەللى ساچىپ .
مېنى نەفسى شەيتان ھۇجۇم ئەيلەدى ،
ھەسەد ، ئۇجبۇ كىبرۇ تەمەننا ئېتىپ .
ماڭا پىرى كامىل نەزەر ئەيلەسە ،
كېتەر نەفسى شەيتان يانىمدىن قاچىپ .
بولۇپمەن شىكەستە يەتىمى دەۋام ،
ئۇشۇل فىرزادە جەھاندىن كېتىپ .

*

ئەغيارىلەرغە ھېچ ئايتماغىل راز ،
سىررىڭنى ئايتما ھەم بولما دەمساز .
كۆرسەڭ ئانى سەن يىلان سىفەتلىك ،
زاھىر مۇلايىم ، باتىندە غەمماز .
ھەرقانچە سەندىن ئىنئامنى كۆرسە ،
ئاخىردا ئۇرغاي نەشتەر ساڭا باز .
ساڭا سالۇرلار تۇرلۇك جەفانى ،

*

بىلمەي قىلۇرسەن ئىكرامۇ ـ ئىئزاز .
ناجىنسلەردە ھەرگىز ۋەفا يوق ،
ئۆلگۇنچە ئاڭا دوست بولما ھەمراز .
بولسا سېنىڭكى ئەقلىڭ بەرادەر ،
دوستى مەجازغە كۆپ قىلماغىل ناز .
سەن ھەم ، يەتىمى ، ئەغيارىدىن قاچ ،
يۇرگىل داۋامەت خىلۋەتتە قىش ـ ياز .

*

بۇ فەلەكنىڭ جەۋرىدىن كۆكسۇمدە داغ ،
دەردۇ مىھنەتدىن ئەجەب بولماي فەراغ .
بىر پەرىۋەش دىلبەرىم قولدىن كېتىپ ،
كۇچىلاردا ئەيلەدىم ئەلدىن سوراغ .
مەن نېچۇك ئالغۇم كۆگۈلنىڭ شەھرىنى ،
بولمىسا ئىلكىمدىكى شەمشەر ـ ياراغ .
باغدا گۇل ئورنىغە يانتاق ئۈندىلەر ،
بۇلبۇل ئورنىدە نەۋالار قىلدى زاغ .

*

گۇلنى كۆردۈم يىغلاشىپ ماتەم قىلۇر ،
قايدادۇر مۇنداغ چەمەن گۇلزارى باغ .
لالەدىن سوردۇم نېدۇر باغرىڭدىكى ،
قويدىلەر فۇرقەت ئوتى كۆكسۇمغە داغ .
كەتتىلەر ۋەقتى بەھارىم رەھبەرىم ،
بەئىدەزان بولدى بەرابەر باغۇ تاغ .
تولدى زۇلمەتكە ، يەتىمى ، بۇ جەھان ،
ھەقنى قىلغىل سەن ئۆزۈڭگە نۇر چىراق .

*

ئەي دوستلارىم دەردىمنى مەن ئايتاي ساڭا ،
بىمار بولۇپ سىزدى مېنىڭ ئەئزالەرىم ،
يىگىتلىكتە فۇرقەت ئوقى تەگدى ماڭا ،
ئۇچالماين سىندى مېنىڭ بالۇ پەرم .

گۇل غۇنچەدەك ئاچىلماين سۇلدۇم بۇ كۈن ،
فۇرقەت بىرلە يۈرەك باغرىم ئەرمەس پۈتۈن .
قولدىن ئۇچۇپ كەتتى بىر قۇش مۇندىن بۇرۇن ،
گاھ ـ گاھ دەيۇ ھەريان باقىپ قاتتى باشىم .

ئوشۇل قۇشۇم قولدىن ئۇچتى قەدرىن بىلمەي ،
قاراپ قالدىم ئارقەسىدىن يىغلاي ـ يىغلاي .
قولۇم تىشلەپ ھەسرەت بىلە ئارام ئالماي ،
ئاھۇ ۋاھ دەپ كۆزلەر. مدىن ئاقتى ياشىم .

*

ئەمدى بارمۇ بۇ ئالەمدە مۇنداق قۇشى ،
خۇلقۇ خوشلۇق باغرى سىنۇق كۆزدە ياشى ،
غەرىبلەرنىڭ كۆڭلىن ئالماق دائىم ئىشى ،
ھېچ ماشايىخ بۇ ئەزىزدەك بولماس ھەلىم .

ئەي يارانلار ، بۇ ھەسرەتتە قايان باراي ،
قەلەندەردەك بۇ قولۇمغە ئاسا ئالاي ،
تا ئۆلگۈنچە تاغۇ ـ چۆلنى ۋەتەن قىلاي ،

ئەدھەم كەبى كۇلاھ بىرلەن كەيسەم گەلىم .
قايداغ قىلاي بۇ دەردىمگە يوقتۇر دەۋا ،
بىر دەردىمنى شەرھ ئەيلەسەم بولماس ئەدا ،
كۆيمەس كىشى يەتىمدەك پىر ئوتىدا ،
مۇندىن ئارتۇق سۆز ئايغالى كەلمەس تىلىم .

*

تارىخ بىر مىڭ ئۈچيۈز يەنە ئاتمىش توققۇز ،
ئەمدى مېنىڭ ياشىم يەتتى بىرۇ ئوتتۇز ،

*

مەن يەتىمى غەرىب بولۇپ قالدىم يالغۇز ،
كۆزۈم بىرلە كۆرگەن ئەرلەر قايان كەتتى .

# رۇبائىيلار

## بەدرىددىن ھىلالى

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىدىن: بەدرىددىن ھىلالى -- شەرق ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىمالىرىدىن بىرى. ئۇ 15 - ئەسىرنىڭ يەتمىشىنچى يىللىرىدا ئاستراباد شەھىرىدە تۇغۇلغان. يىگىرمە يېشىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىراتقا كەلگەن. جامى ۋە نەۋائىدەك ئۇلۇغ زاتلار باشچىلىق كەلگەن. جامى ۋە نەۋائىدەك ئۇلۇغ زاتلار باشچىلىق قىلىۋاتقان ئەدەبىي دائىرە ئىچىگە قوشۇلغان. ئۇنىڭدىن بىزگە مىراس بولۇپ ئۈچ پارچە داستان، («شاھ ۋە دەرۋىش»، «سىفەتۇل - ئاشىقىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن») ھەمدە 2700 بېيىتتىن ئارتۇق شېئىردىن تەركىب تاپقان بىر شېئىرىي دىۋان يېتىپ كەلگەن.

ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە بەدرىددىن ھىلالىي توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ياد ئېلىش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى، شېئىرىي تالانتىمۇ شۇ قابىلىيىتىگە يارىشا بار، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىشتىياقى زور.»

تۆۋەندە ھىلالى رۇبائىيلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېتىبارىڭىزغا ھاۋالە قىلىمىز.

تۈن كۈنۈم ۋەسفىڭنى سۆزلەپ ئۆتتۈپتۇ،
ئاي - يىلىم ئىزىڭنى ئىزلەپ ئۆتتۈپتۇ.
سېنىڭ يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم،
ئۆمرۈم ۋىسالىڭنى كۆزلەپ ئۆتتۈپتۇ.

كۆزلىرىڭدىن جان تاراج بولماقچىدۇر،
يۈز دىل كۆيۈپ نائىلاج بولماقچىدۇر.
ئەي سەنەم، گەر ئىستىنەڭ قىلماقنى ناز،
بىز تاماندىن ئېھتىياج بولماقچىدۇر.

*

سەن كەلدىڭ، جېنىمدىن ئەسرىم يوقتۇر،
ھۇشسىزمەن ئۆزۈمدىن خەۋىرىم يوقتۇر.
كۆكۈل ۋەسلىڭ تامان ئۇچماقنى ئىستەر،
ئەمما، نېمە قىلاي، بال - پەرىم ① يوقتۇر.

① بال - پەر — قانات - قۇيرۇق

نېمە دەرد بۇ ، چەكتىن ئاشتى پىراقىڭ تۈنى ،
كۈندۈزمۇ قاپقارا ھىجران تۈتۈنى .
قانداق كۈنلەر كەلدى بېشىمغا ، تەڭرىم ،
بۇ قىيامەت كۈنىمۇ ، يا فىراق كۈنى ،

* *

غەم بارۇ غەمگۇزارىم كېرەك ، ئەمما يوق ،
يېنىمدا بىر نىگارىم كېرەك ، ئەمما يوق .
رەقىبىم دەردى نېمە كېرەكتۇر ماڭا ،
بۇ ئاخشام گۈلئۇزارىم كېرەك ، ئەمما يوق .

ۋاي ئېست ، ئەسرى شۆھرەت ـ نامىمىز تېخىچە ،
ئاڭلاشقا ئاجىز ، سۆزلەشكە رامىمىز تېخىچە .
ئۆمۈر تۈگەپ بولدى ، ناتامامىمىز تېخىچە ،
يۈز قېتىم كۆيۈپ ـ پىشتۇق ، لېكىن ، خامىمىز تېخىچە .

* *

ئۆزۈمدىن ئۆزگە بۇ گۈن بىر پەرىشان يوقتۇر ،
مۈشكۈل مەسىلىنى يەشمەككە ئىمكان يوقتۇر .
مېنى غەم ئۆلتۈردى ، ھېچكىم دەردىمگە يەتمەس ،
ئەي ۋاھ ، بۇ شەھەرىڭدە بىر مېھرىبان يوقتۇر .

ماھىم تۈننى يورۇتقۇچى چىراغ بۇ تۈن ،
ئەي چەرخى پەلەك ، رەشكىدىن ئۆزنى ياق بۇ تۈن .
بۇ ۋەسل شامى ئەمەس ، مەقسىتىم كېچىسىدۇر ،
مىڭلاپ يىلغا كۈندىنمۇ ئارتۇقراق بۇ تۈن .

* *

ھەر كىم ئىشق مەيىنىڭ جامىن كۆتۈرۈر ،
ئۇنىڭ قۇيىقىسىدىن دىل دەردكە تولۇر .
گويا جاھان غېمى بىر يەردە جەمۇ ،
بۇ غەملەر دىڭىزى مۇھەببەت بولۇر .

سېنىڭ زىبا يۈزۈڭ شۇنداق يارالدى ،
يۈز ھۆسنۇ مەلاھەت كۈندەك يارالدى .
ئەلقىسسە ئالەمنى لال قىلغان ھۆسنۈڭ ،
ئارزۇلۇق قەلبلەرگە كىرىپ تارالدى .

* *

مىسكىنمەن ، ئاشىقلىق كوچىسى مەنزىلىمدۇر ،
غەرىبمەن ، گۈزەللەر دىلى نې ھاسىلىمدۇر .
ئەي غەمكىن دىل سەنمۇ بىر گادايدۇرسەن ، بىلسەڭ ،
گەدا ــ سەن ، بىنەۋا ــ مەن ، بىچارە ــ كۆڭلۈمدۇر .

دۇنيادىن قاچانغىچە دىلىڭ قايغۇرۇر ،
دەرد چېكىپ ھەم فىراقتا ئۆز ـ ئۆزىن تىلۇر ،
شاد ئۆتكىن ، دۇنيا سەن ـ مەڭگۈچە بولغان ،
بار ئىدى ، ھامان بار ۋە مەڭگۇ بولۇر .

«شەرق يۇلتۇزى » ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 12 ـ سانىدىن ئېلىندى .
پارسچىدىن ئۆزبېكچىگە بەھرىددىن تۇرغۇنوۋ تەرجىمە قىلغان .
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : روزىمۇھەممەت جۇمە .

# سەتىرلەر سىلسىلىسىدىكى سېھىر

نۇسرەتۇللاھ جۇمەيېۋ

شېئىردىكى بەدىئىيلىك سالمىقى ـــ مەزمۇن، غايە ۋە روھىي تەسىر كۈچىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ شەكلىي تۈزۈلۈشى، سۆزلەر سەتىرلەر ئارا مەنە ۋە سۈرەت ( شەكىل ) جەھەتتىكى باغلىنىش سېھرىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر. شۇنداق تەركىبىي تۈزۈلۈش بەدىئىيەتنى ئىلمىدە « كومپوزىتسىيە » ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بارچە رۇبائىي ( لىرىك ) ئەسەرلەرگە ئوخشاش غەزەلدىمۇ كومپوزىتسىيە تەبىئىي خۇسۇسىيەتتۇر. سەنئەتكار ئەتەي كومپوزىتسىيىنى ياراتمايدۇ، مۇئەييەن كومپوزىتسىيە تاللاپ، كېيىن شۇ ئاساستا ئەسەر يازمايدۇ. كومپوزىتسىيە ـــ شەكىل مەسىلىسى. غەزەلدىكى بەدىئىيلىك ـــ مەزمۇن ۋە شەكىل بىرلىكى ۋە مۇتاناسىپلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق ئىكەن، غەزەلنىڭ بولغۇسى مەزمۇنى ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيە بىلەن بىرگە بارلىققا كېلىدۇ.

غەزەل كومپوزىتسىيە جەھەتتە تۆت مۇستەقىل تۈرگە ئايرىلىدۇ: 1 ) مۇستەقىل بېيىتلىك غەزەل؛ 2 ) يەكپارە غەزەل؛ 3) ۋاقىئەلىك غەزەل؛ 4) مۇسەلسەل غەزەل. غەزەل پەقەت شەكىل جەھەتتە گۈزەللىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بەدىئىي جەھەتتە مۇكەممەل، غايىۋى يۈكسەكلىك ۋە مەزمۇن سالماقلىقىنىڭ ئامىلى بولغان كومپوزىتسىيىلىك بەلگىلەرگە ئاساسەن شۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار غەزەلنىڭ ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيون تىپلىرىدۇ. ھەر بىر تىپقا مەنسۇپ غەزەللەر ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيون خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

غەزەلىياتىمىز تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەتىجىلىرى ئەلشىر نەۋائىي غەزەلىياتىدا مۇجەسسەملەشكەن. ئۇنىڭ دىۋانلىرىدا غەزەلنىڭ مەزكۇر تۆت تۈرىگە ئائىت ئاجايىپ نەمۇنىلەر مەۋجۇت. قەيت قىلىنغان تىپتىكى غەزەللەرنىڭ ئەڭ ئالىي تۈرى مۇسەلسەل ( سىلسىلەلىك ـــ زەنجىرلىك ) غەزەللەردۇر. نەۋائىينىڭ شۇنداق ئەسەرلىرىدىن بىرىنى تەھلىل قىلىشتىن ئاۋۋال مۇسەلسەل غەزەلنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەيلى.

تەركىبىدىكى لىرىك ۋاقىئە، مەنزىرە، پىكىر ۋە ھېسسىيات سەتىرلەر سىلسىلىسىدە دەرىجىمۇ دەرىجە راۋاجلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان غەزەل مۇسەلسەل غەزەلدۇر. كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى تەدرىجىي ئۇسۇلنىڭ پۈتۈن غەزەل دائىرىسىدە پائال قوللىنىلىشى شۇ غەزەلنىڭ ئۆزىگە خاس كومپوزىتسىيون تۈر ـــ مۇسەلسەل غەزەل سۈپىتىدە شەكىللىنىشىگە خىزمەت قىلىدۇ. مۇسەلسەل غەزەل ئىچكىي تەدرىجىي تەكامۇللۇققا ئىگە بولغان يەكپارە ۋە ۋاقىئەلىك غەزەلگە ئوخشاپ كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مۇسەلسەل غەزەل بىلەن ۋاقىئە-

لىك ياكى يەكپارە غەزەللەر ئارىسىغا تەگىلىك ئالامىتى قويۇپ بولمايدۇ. يەنى، ئۇلار ئەينەن بىر تۈردىكى غەزەللەر ئەمەس. مۇسەلسەل، ۋاقىئەلىك، يەكپارە غەزەللەر ئارىسىدا تۆۋەندىكىچە پەرقلەر مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ۋاقىئەلىك غەزەل تەركىبىدە مۇئەييەن سۇژىت بولىدۇ. بۇ سۇژىت «مەلۇم بىر فابۇلا (بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋاقىئەنىڭ ئىزچىل بايانى) ۋە ھېكايە مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى پىكىر ۋە تۇيغۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مەنتىقىي رەۋىشتە باغلىنىپ كېلىشى (م. شەيىخزادە) تەرىقىسىدە كونكرېتلاشقان تەقدىر. دىمۇ، ئۇ ئېپتىدا (باشلىنىش)، راۋاجلىنىش ۋە ئىنتىھا (ئاخىرلىشىش) باسقۇچلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ باسقۇچلار ئىزچىل سىلسىلىلەردىن تەركىب تاپسا، غەزەل ۋاقىئە- لىكى بىلەن بىرگە مۇسەلسەللىكىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ يۈكسەك سەنئەت نەمۇنىسىگە ئايلىنىدۇ. دېمەك، بارچە ۋاقىئەلىك غەزەللەر مۇسەلسەل بولۇۋەرمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەر- قانداق مۇسەلسەل غەزەللەرمۇ ۋاقىئەلىك غەزەل بولالمايدۇ. يەكپارە غەزەللەرمۇ شۇنداق قويۇلغان مەسىلە مەتلەئ (باشلىنىش) تىن مەقتەئ (تۈگەللىمە) گە قەدەر تەدرىجىي ئۇسۇلدا، مىسرالار سىلسىلىسىدە راۋاجلاندۇرۇلسا، شېئىرىي پىكىر ۋە ھېسسىياتلارنىڭ بۇنداق راۋاج- لىنىشىغا شېئىرىي ئوبراز ھەمدە باشقا بەدىئىي ۋاسىتىلەر ھەم ئاھاڭ بولغاندىلا، غەزەل ئەينى پەيتتە يەكپارەلىك (پۈتۈن بۆلەكلىك) ۋە مۇسەلسەللىك پەزىلىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ مۇ- سەلسەللىك غەزەلنىڭ پۈتۈن كومپوزىتسىيىسىگە تېگىشلىك خۇسۇسىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم بېيىتلىرىدە تەدرىجىي تاكامۇلنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىماي، مۇستەقىل بېيىتلىك غەزەل- لەر مۇسەلسەل بولالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ياردىن ئايرۇ كۆڭۈل مۈلكىدەدۇرۇر سۇلتانى يوق، مۈلكىم، سۇلتانى يوق، جىسمىدۇرۇر كىم، جانى يوق» ياكى «جانغە چۇن دەرمەن: (نە ئەردى ئۆل- مەكىم كەيفىيەتى؟) دەر كى: (بائىس بولدى جىسم ئىچرە مەرەزنىڭ شىددەتى)» ۋە باشقىلىرى بىلەن باشلىنىدىغان ئەسەرلىرى مۇسەلسەل غەزەلنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرىدۇر. تۆۋەندە نەۋائىينىڭ مۇسەلسەل غەزەللىرىدىن بىرىنى تەھلىل قىلايلى:

دوستلار، مەھرەم دەپ ئەلگە راز ئىفشا قىلماڭىز،
باشىڭىزغە يۈز بەلا كۈچ بىرلە پەيدە قىلماڭىز.
فاش قىلماڭ راز، چۈنكىم ئاسراي ئالماي قىلدىڭىز.
ئۆزگەلەردىن ئاسراماق بارى تەمەننا قىلماڭىز،
ئىشق ئەسرارىغا تىل مەھرەم ئەمەستۇر زىنھار.
كىم كۆڭۈلدىن تىلغە ئانى ئاشكارا قىلماڭىز،
چۈن كۆڭۈلدۇر قەلبۇ تىل غەممازىغە مەخپىي رازنى.
جان ھەرىمىدىن بۇ ئىككىگە ھۇۋەيدا قىلماڭىز.
چۈن كۆڭۈل تىل بىرلە مەھرەم بولمادى، ھاجەت ئەمەس،
ئەيتماقكىم ئەلگە ئاندىن نۇكتە ئىمالا قىلماڭىز.
سەھۋ ئېتىپ چۈن راز دۇررىن ساچتىڭىز نازىم بولۇپ،

ئاھنىڭ دۇدىن سەھابۇ كۆزنى دەريا قىلماگىز .

چاك ـ چاك ئەيلەپ كۆڭۈلنى ، تىلنى ئەيلەپ يۈز تىلىم ،

تاشلاپ ئىتلەرغا ، ئالارنىڭ يادى قەتئا قىلماگىز .

مەندە ھىجران دەردىيۇ ، يوق ۋەسلى ، بارى دوستلار ،

چارايىگەر قىلساگىز يۈز جامۇ سەھبا قىلماگىز .

چۈن نەۋائى ئىشق رازىن ئاسراي ئالماي قىلدى فاش ،

ئاتىنى راز ئەھلى تۇمارىندە ئىنشا قىلماگىز .

(« بەدايىئۇل ـ ۋەسەت » 216 ـ غەزەل )

غەزەل نەۋائىنىڭ قىرىلىق لىرىكىسى مەھسۇلى بولۇپ ، پەند ـ نەسىھەت ماۋزۇسىدا يېزىلغان . توققۇز بېيىتتىن ئىبارەت بۇ غەزەل سىر ساقلاش مەدەنىيىتىدىن ساۋاق بېرىدۇ .

ئۇ ماۋزۇ ، غايە ، مەزمۇن جەھەتتىندىن « نەۋادىرۇش شەباب » دىۋانىدىكى « كىمسەنى دەرد ئەھلى دەپ سىررىمگە مەھرەم ئەيلەدىم » مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلگە بەكمۇ يېقىن . قىزىقى شۇنىڭدىكى ، بۇ غەزەللەرنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە مۇتانا-سىپ : يارىتىلىش دەۋرى ، ھەجمى ، ۋەزنى ، لىرىك قەھرىمان بىر خىل . ئەمما ئۇلار بىر غەزەلنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى ئەمەس : سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇستەقىل ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە غەزەل ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان بىر قاتار پەزىلەتلەر مەيدانغا چىقىدۇ . « كىمسەنى دەرد ئەھلى دەپ سىررىمگە مەھرەم ئەيلەدىم » غە-زىلى ئۇسلۇب جەھەتتە غەزەللەرنىڭ شەرھى مال تىپىغا مەنسۇپ . ئۇنىڭدا لىرىك قەھرىماننىڭ ئۆز زامانداشلىرىدىن بىرىگە سىررىنى ئىزھار قىلغىنى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بېشىدىن ئەچۈرگەن ئىزتىراپلىرى شەرھلىنىدۇ . بۇ غەزەلدە بولسا لىرىك قەھرىماننىڭ ھاياتىي سەر-گۈزەشتلىرى ، ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئەمەس ، سىر ۋە سىر ساقلاش مەدەنىيىتىگە ئائىت ھاياتىي تەجرىبىدىن كېلىپ چىققان گۈزەل ، قەتئىي ئومۇملاشما ، خۇلاسىلەر دىداكتىك ئۇسلۇبتا ئى-پادىلىنىدۇ .

بۇ ئىككى غەزەلنى بىر شائىرنىڭ سەزگۈ ـ ئىدراكىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنىڭ تەدرىجىي ناكامۇللىشىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە باھالاش ، ئۇلارغا بىر ـ بىرىنىڭ مەنتىقىي داۋامى سۈپىتىدە قاراش مۇمكىن . چۈنكى شائىرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى جەريانىدا يېتىلگەن خۇلاسىلىرى « ئەي نەۋائىي ، دېمە سىررىڭ كىمسەگە ... » دېگەن بىرىنچى غەزەل تۈگەلمىسىدە باشلانغان ۋە ئىككىنچى غەزەلدە تولۇق ئەكس ئەتكەن . بۇ ھالەت ئىككى غەزەل بىر يولدا يېزىلغان ئىكەن ، دېگەن پىكىرنى ئويغاتماسلىقى لازىم . ئۇلار شائىر ھاياتىنىڭ بىر دەۋرى قىرىلىق باسقۇچىدا ؛ لېكىن تۈرلۈك پۇرسەتلەردە ، تۈرلۈك ۋاقىئەلەر تۈرتكىسى بىلەن يېزىلغان بولۇشى ئېھتىمال . غەزەللەرنىڭ بىرى « نەۋادىرۇش ـ شەباب » دىن ، ئىككىنچىسى « بەدايىئۇل ـ ۋەسەت » دىۋانىدىن ئورۇن ئېلىشمۇ بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئىزاھلىنار .

دوستلار ، مەھرەم دەپ ئەلگە راز ئىغشا قىلماگىز ،

باشىگىزغە يۈز بەلا كۆچ بىرلە پەيدا قىلماگىز .

بۇ بىر مەھەل « كىمسەنى دەرد ئەھلى دەپ سىررىگە مەھرەم ۋە بۇنداق ئوچۇق كۆ-

كۆللۆكى تۇپەيلى » ئۆز ـ ئۆزىنى كۆچ بىلەن رەسۋايى ئالەم ئەيلىگەن « لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز شەخسىي پاجىئەسىدىن جەمئىيەتكە بىر ئۇاتقان ساۋىقى. ئاۋۋالقى غەزەلنىڭ « كىمسەنى دەرد ئەھلى دەپ » ، « دىمە سىررىڭ كىمسەگە » ئىبارىلىرى شائىرنىڭ مۇئەييەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىشەنچى يارىلانغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ، بۇ غەزەل باشلانمىسىدىكى « ئەلگە راز ئىغشا قىلماڭىز » سۆزلىرى شائىرنىڭ كىشىلەرگە ئىشىنىشىرىپ ، كۆپ ئالدانغىنى ۋە ئۇ ـ مۇمەن ، ئەلگە ئىشەنچ يوقالغىنىدىن كاپالەت بىرىدۇ .

ئىككىنچى بېيت باشلانمىدىكى پىكىرنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ :

فاش قىلماڭ راز ، چۈنكى ئاسراي ئالماي قىلدىڭىز ،

ئۆزگەلەردىن ئاسراماق بارى تەمانىنا قىلماڭىز .

ئەمدى شائىر ئىنسان تەبىئىيتىدىكى ئومۇمىي ئىنسانى زەئىپلىكتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ . ئىنساننىڭ ئۆز سىرىنى ئاسراشقا ئۆز ئىرادىسى ئاجىزلىق قىلسا ، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا كۈچى يەتـ مىسە ، سىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى باشقىلاردىن ئۈمىد قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ . چۈنكى باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاجىز بەندە ئەمەسمۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئاۋۋال ، ئۆزىگە ئۆزى پىششىق بولۇشى لازىم . شۇ تەرىقىدە ، شائىر ئومۇمىدىن خۇسۇسىغا كۆچىدۇ :

ئىشق ئەسرارىغا تىل مەھرەم ئەمەستۇر زىنھار ،

كىم ، كۆڭۈلدىن تىلغە ئانى ئاشكارا قىلماڭىز .

غەزەل ھەجۋى ، كىنايىلىك روھتا داۋام قىلىدۇ : « كىمسە » ، « ئەل » ، « ئۆزگەلەر » نى قويۇپ تۇرايلى . ئاۋۋال ، ئۆز ئەزالىرىمىزنى نازارەت قىلايلى . مەلۇم بولىدۇكى ، « رەسۋايى ئالەم » ، « يۈز بەلا » غا مۇپتىلا بولۇشىمىزنىڭ بىرىنچى سەۋەبى تىل ئىكەن . چۈنكى ئۇ سىرىمىزنى دەسلەپ ئاشكارا قىلغۇچىدۇر . دېمەك ، سىر ، ئەسرارنى ھەرگىزمۇ « كۆڭۈلدىن تىلغا » كۆچۈرمەسلىك كېرەك . ئەمما كۆڭۈلگە ئىشىنىپ بولارمىكىن ؟

چۈن كۆڭۈلدۇر قەلبۇ تىل غەممار ، مەخپىي رازنى

جان ھەرىمىدىن بۇ ئىككىگە ھۇۋەيدا قىلماڭىز .

ئەپسۇسكى ، كۆڭۈل ئەسرارنىڭ سىردىشى بولالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنى « قەلب » ئاتايدۇ . نەۋائىي بۇ ئورۇندا « قەلب » سۆزىنىڭ ئۆز ( كۆڭۈل ) گە كۆچمە ( قەللاب ، ئالدامچى ، ناپاك ) مەنىلىرىدىن ماھەرەت بىلەن پايدىلانغان . بۇ بولسا كۆڭۈلدىن قەللابلىق ( ساختىپەزلىك ) ۋە ئالدامچىلىق زاھىر بولۇشى خەۋپىدىن دەلالەتتۇر . شۇنداق قىلىپ ، كۆڭۈل خىيانەتكار ؛ تىل ساتقۇن ئىكەن . ( « تىل » سۆزىنىڭ ھەرپىتكى مەنىسىنى ھەمدە « غەممار » سۆزىنىڭ سىر ئاچقۇچى ، چېقىمچى مەنىلىرىنى ئەسلەڭ ) مەخپىي سىرنى جاندىن بۇ ئىككى ئەزاغا كۆچۈرمەسلىك ، ئۇنى پەقەت قان بىلەن ئاسراش لازىم . ئەكسىنچە « مەخپىي سىر » جاندىن كۆڭۈلگە ، كۆڭۈلدىن تىلغا ، تىلدىن « كىمسەگە » ، كىمسەدىن « ئۆزگەلەر » گە ، « ئۆزگەلەر » دىن « ئەل » گە ئۆتۈپ پاش بولىدۇ . كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ، ساھىبى ئەسرار يەنە ـ رەسۋايى ئالەم .

غەزەلدىكى زەنجىر سىمان ( سىلسىلەۋى ) تەسۋىر تىل ۋە كۆڭۈل تەپتىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ . چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى ئىمكانىيىتىدە سىرنى پاش قىلغۇچى باشقا

ۋاستىلەرمۇ بار :

چۈن كۆڭۈل تىل بىرلە مەھرەم بولمادى ، ھاجەت ئەمەس ،

ئايتماقكىم ، ئەلگە ئاندىن نۇكتە ئىمالا قىلماڭىز .

شائىر تىلنى سۆزلەشتىن ، كۆڭۈلنى تىلدىن ، جانىنى كۆڭۈلدىن ئايرىغاندىن كېيىن ، سىرنى ئاشكارىلىغۇچى يەنە بىر ئامىل - ئىمالادىن ( سىرنى يېزىق ئارقىلىق پاش قىلىشتىن ) مۇ ساقلىنىشنى ئاگاھلاندۇرىدۇ .

شۇنچىلىك ئېھتىياتچانلىقتا قارىماي ، ئەگەردە سىر ئەلگە ئايان بولۇپ قالسا ، شائىر « ئاھىنىڭ دۇدىن سەھابۇ كۆزنى دەريا قىلماي » شەرمەندىلىككە كۆر كەملىك بېغىشلىماي ، خائىنلارنى جازالاشنى مەسلىھەت قىلىدۇ :

چاك - چاك ئەيلەپ كۆڭۈلنى ، تىلنى ئەيلەپ يۈز تىلىم ،

تاشلاپ ئىتلارغا ، ئالارنىڭ يادى قەتئا قىلماڭىز .

بۇ بېيىت سىر ساقلاش سەنئىتى ھەققىدىكى مۇسەلسەل كۆزىتىشلەرنىڭ - « سىر ساقلىيالمايدىغان ۋۇجۇد - ھەلاكەتكە مەھكۇم » مەنىسىدىكى ئىزچىل مەنتىقىي يەكۇندۇر .

ئەلۋەتتە ، سىرنى بۇ قەدەر پىنھان ساقلاش ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەمدىن كەم كېلىدۇ . بولۇپمۇ نەۋائىيگە ئوخشاش سۆزمەنلەرگە مۇۋاپىق سوغۇققانلىق بىلەن سىر ساقلاش قىيىن . چۈنكى شېئىر ئەھلى تەسىرچان ، جۇشقۇن ، ئوچۇق كۆڭۈل بولىدۇ . لىرىك قەھرىمان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىكى سەۋەنلىك ۋە خاتانى نەزەردە تۇتۇپ : « سەھۋ ئېتىپ ، چۈن راز دۇررىن ساچتىڭىز ، نازىم بولۇپ ، ئاھىنىڭ دۇدىن سەھابۇ كۆزنى دەريا قىلماڭىز » دەپ ، باشقىلارغا ساۋاق بېرىدۇ .

بۇ ۋە غەزەلنىڭ كېيىنكى ئىككى بېيىتى : « داموللىنىڭ ئېيتقىنىنى قىل ، قىلغىنىنى قىلما ! » شەكلىدىكى نەسىھەتنى ئەسلىتىدۇ . ئېنىقىدۇر ، شائىر ئۆزىدىكى « ھىجران دەردى » نى بىراقلا ئىزھار قىلىپ « دوستلار » دىن چارە - « جامۇ سەھبا » تىلەپ تۇرۇپتۇ . غەزەل لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز ئەيىبى - « ئىشق رازىنى ئاسرىيالمىغانلىقى » غا ئىقرار بولۇپ ، ئۇنى « راز ئەھلى » يەنى سىر ساقلىيالىغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزمەسلىك ئىلتىجاسى بىلەن تۈگەيدۇ .

دېمەك ، غەزەل مۇندەرىجىسى پىششىق ئىشلەنگەن ، غەزەل سىر ساقلاشنىڭ مۇكەممەل ساۋنقى ، ئۇنىڭغا ئاساس بولغان شەخسىي ھېسسىيات ھەمدە ئاقىۋەت - نەتىجىدە تۈزۈلگەن .

غەزەلنىڭ غايىۋى ماھىيىتى ھايات ساۋاقلىرى جەھەتتە پەند - نەسىھەت قىلىشلا ئەمەس ، كىنايىلىك تەسۋىردىن مەقسەت ئىنغۋارگەر ، يامان نىيەتلىك زامان ۋە زامان ئەھلى ئۈستىدىن زەھەرلىك كۈلۈش ، ئۇلارنى پاش قىلىش ، ئۇلارغا نەپرەت ئىزھار قىلىشتۇر . ئەسەر زامانداشلىرىمىز مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن چوڭ تەربىيىۋى ، ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە .

## زۇلفۇڭ ئاچىلىب ...

زۇلفۇڭ ئاچىلىپ ، ئارەزى دىلجۇ بىلە ئويىنار ،

ھىندۇ بەچەئى شوخدۇرۇر ، سۇ بىلە ئويىنار .

ئۇل شوخ كۆكۆل لەۋھىن ئېتىپ تىرە نەفەسىدىن ،
بىر تىفلدۇر ، ئەلقىسسەكى ، كۆزگۇ بىلە ئوينار .
ئوينای – ئوينای باغلادی ئۈيقۇمنى فوسۇندىن ،
تا غەمزەسى ئۇل نەرگىسى جادۇ بىلە ئوينار .
تاڭ يوقكى ، كۆزۈڭ بولسا كۆكۆل بىرلە مۇلايىم ،
مەجنۇنغە ئەجەب يوق ، ئەگەر ئاھۇ بىلە ئوينار .
بىر لولىئى بازىگە ئېرۇر چەنبەر ئىچىندە ،
خالىڭكى ، ئۇشۇل ھەلقەئى گىيسۇ بىلە ئوينار .
زاھىد بىلە نەفس ئەتسە تەمەسخور ، نە ئەجەبكىم ،
ئىت سەير قىلۇر ۋەقتىدە تۈلكۇ بىلە ئوينار .
مۇغ دەيرىدە مەست ئۇلسە ، نەۋائىنى كۆرۇڭكىم ،
بىر ئالما كىبى گۇنبەزى مىنۇ بىلە ئوينار .

(« بەدايىئۇل – ۋەسەت » 166 – غەزەل )

نەۋائىنىڭ ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگە مەنسۇپ بۇ غەزەل شائىرنىڭ ئوتتۇرا ياشتىكى بەدىئىي كامالىتىنى ، ئوتتۇرا ياش گۈزەللىكلىرىگە مەپتۇنلۇقىنى ، ئوتتۇرا ياش ھىس – تۇيغۇلىرى ئىنكاسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . ئەسەرنىڭ مەزمۇن – مۇندەرىجىسى مەشۇقە جامالىنى تەرىپلەشتىن ئىبارەت . ئەمما ئۇنىڭدىكى تەرىپ ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي غەزەللەردىن كەسكىن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ . ھەر بىر خۇسۇسىيەت تەسۋىرى مۇئەييەن سىيلىشتۇرۇش تەسۋىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان ، زۇلپى چاچنىڭ ئېچىلىپ ، سىلكىنە – سىلكىنە يۈز ئەتراپىدا يەلپۈنۈشى مۇنداقلا ئېيتىپ ئۆتۈلمەيدۇ ، ئۇنداقتا زۇلپ تەسۋىرى قۇرۇقلىنە تەرىپلەنگەن بولۇپ قالاتتى . شائىر شۇ ھالەتكە ماس ھاياتىي تەمسىل تاپىدۇ . تەمسىل ئۇسۇلىدا سۇ بىلەن ئويناپ تۇرغان ھىندۇ بەچچىنى سېلىشتۇرما قىلىدۇ ، بۇ تەكلەشتۇرۇشكە ھىندۇبەچچە ۋە زۇلپىنىڭ ئىككى ئوخشاش بەلگىسى – قارالىقى ۋە شوخلىقى ئاساس بولىدۇ . شۇنىڭدەك بۇ سېلىشتۇرۇشتىن مەشۇقە يۈزىنىڭ سۇدەك تىنىق ، مۇسەپپا ۋە ھاياتبەخشلىكى ئېنىق ئۇقۇلىدۇ .

شائىر غەزەلىنىڭ مەزمۇنىغا مۇتاناسىپ شوخ ۋە ئويناقى ئاھاڭ تاللىغان . بۇ ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇۋ ۋەزنىدۇر .

غەزەلنىڭ كلاسسىك قوشاققا ئايلىنىشى ۋە خەلققە سۆيۈملۈك ، مەشھۇر بولۇشىدىمۇ مانا شۇ شەكىل ھەمدە مەزمۇننىڭ بەدىئىي مۇتاناسىپلىقى سەۋەبچىدۇر .

غەزەل مۇرەددەفلىقى ( ئەگەشمەلىكى ) ، رادىفقا « ئويناماق » فېئىلى بولۇپ تاللانغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس . بۇمۇ بەدىئىي مۇتاناسىپلىق تەقەززاسى غەزەلدە مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەسۋىر مۇتاناسىپلىقى باشتىن – ئاياغ ئىزچىل داۋام قىلىدۇ . بۇ بولسا غەزەلنىڭ كومپوزىتسىيون جەھەتتىن يەكپارە شەكىلدە ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تەمىنلەيدۇ .

« زۇلفى » نىڭ باللارغا خاس ئويۇنچۇقلۇق تەسۋىر كېيىنكى بېيىتلەردىمۇ شۇ مەقسەتتە ساقلانغان :

ئۇل شوخ كۆكۈل لەۋن ئېتىپ تىيرە نەفەسىدىن ،
بىر تىفلدۇر ، ئەلقىسسەكى ، كۆزگۈ بىلە ئوينار .
ئويناي ـ ئويناي باغلادى ئۆيقۇمنى فۇسۇندىن ،
تاغەمزەسى ئۇل نەرگىسى جادۇ بىلە ئوينار .

ھاياتى لەۋ ھىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ، تەمسىل ئۇسۇلى بۇ غەزەلدە ئۇسلۇب ۋاسىتىسىگە ئايلانغان . چۈنكى ئۇنىڭغا پۈتۈن غەزەل دائىرىسىدە ئەمەل قىلىنىدۇ . مەشۇقەلىك كۆزى تەسۋىرلەنگەن بېيىتكە ئېتىبار بېرىلك :

تاڭ يوقكى ، كۆزۈڭ بولسا كۆكۈل بىرلە مۇلائىب ،
مەجنۇنغە ئەجەب يوق ، ئەگەر ئاھۇ بىلە ئوينار .

بىر قاراشتا بېيىتتە كۆز تەسۋىرى ئاساسىي مەقسەت ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ . ئەسلىدە بولسا ئاساسىي مەقسەت كۆز تەسۋىرى . بۇنى شائىر بىۋاستە ئەمەس ، ۋاستىلىك ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ئۇ شۇنداق مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ : « سېنىڭ كۆزۈڭ مېنىڭ كۆكلۈم بىلەن ئويناشقىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چۈنكى مەجنۇننىڭ ئاھۇ بىلەن ئوينىشى تەبىئى . » بۇنىڭدىن شۇنى ئاڭلايمىزكى ، شائىر مەشۇقەنىڭ كۆزى ئاھۇغا ئوخشاش گۈزەل ، ئۈركۈگەك ، ئويناق ئىكەنلىكىنى ، شۇنىڭدەك لىرىك قەھرىمان كۆكلىنىڭ مەجنۇن ھالىتىدە ئىكەنلىكىنىمۇ سۆز ئارىسىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن .

ھاياتىي ئاساسلاردا ئەكس ئەتكەن ھال تەسۋىرىمۇ دىققەتكە سازاۋەر :

بىر لولىئى بازىگەر ئېرۇر چەنبەر ئىچىندە ،
خالىڭكى ئوشۇل ھەلقەئى گىيسۇ بىلە ئوينار .

شائىرنىڭ ئىزاھاتىچە ، تەۋرىنىپ تۇرغان مەشۇقە ھالقىسى چۆرىسىدىكى ھال چەمبىرەك ئىچىدە ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان لولۇۋەش گۈزەلگە ( كوچىدا ناخشا ئېيتقۇچى قىزغا ) ئوخشىتىلغان . دېمەك ، مەدھىيلىنىۋاتقان خال شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە .

ئادەتتە مۇستەقىللىقى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان مەتلەئ ( شېئىرنىڭ باش مىسراسى ) نىڭ ئالدىدىكى بېيىتتە شائىر زاھىدقا تەنقىدىي مۇناسىۋەتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئوبرازلىق ھالدا قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ :

زاھىد بىلە نەفس ئەتسە تەمەسخۇر ، نە ئەجەبكىم ،
ئىت سەيد قىلۇر ۋەقتىدە تۈلكۈ بىلە ئوينار .

بۇ يەردە ئوۋ ۋاقتىدا ئىتنىڭ تۈلكە بىلەن ئويناشقانلىقى زاھىدنىڭ نەپسىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلغان . بېيىت ئارىسىغا نەفسىنىڭ تۈلكىدەك ھىيلىگەرلىكىمۇ سىڭدۇرۈلگەن .

غەزەل ئىخلاسمەنلىرىنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپ كەلگەن تىلسىملاردىن بىرى يەتتىنچى ، تۈگەللىمە بېيىتنىڭ مەزمۇنىدۇر .

مۇغ دەيرىدە مەست ئۇلسە ، نەۋائىينى كۆرۈڭكىم ،
بىر ئالما كىبى گۇنبەزى مىينۇ بىلە ئوينار .

شەرھلەشكە ئۇرۇنساق ، دەسلەپ بېيىتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ساددىدەك تۇيۇلىدۇ ، يەنى ، گوياكى ، « مەيخانىدا مەست بولغان چېغىدا ، نەۋائىينى كۆرىسىز . ئۇ ئالەم گۈمبىزىنى قولىدا بىر ئالما كەبى ئوينىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولىدۇ . » ئەمما بېيىتنىڭ ئىچكى قىسمىغا بۇنىڭدىنمۇ سالماقلىق ۋە سېھىرلىك مەنىلەر يوشۇرۇنغاندەك ئۇنىڭ شەرھىدىن قانائەت قىلالمايمىز . بەلكى بېيىتنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىدە سۇفىيانە مەزمۇن بار . پەرەز قىلايلى : « مۇغ » — مەنىۋى مەيخانە ، ئۇنىڭدا مەست بولۇش — ھەققە ئېرىشىش تىمسالى بولسۇن . بۇنىڭدا مەنە جەھەتتىن ھەق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن لىرىك قەھرىماننىڭ ئالەم گۈمبىزىنى بىر ئالما كەبى ئوينىشى ( بارلىقنى مەنىۋى جەھەتتىن تولۇق ئاڭلاپ يېتىشى ) نى ئېنىقراق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن . تۆگەلمەنىڭ پەلسەپىۋى تۈس ئېلىشى نەۋائىي غەزەلىياتى ئۈچۈن ئومۇمىي خۇسۇسىيەتتۇر .

## ...يار ئۆزەر بولسە مۇھەببەت رىشتەسىن ...

ئەلىشىر نەۋائىي غەزەلىياتىدا بۈگۈنكى ئىنسانىي ، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئىبرەت بولغۇدەك ھاياتىي ساۋاقلار ، ھېسسىيات ، مۇلاھىزىلەر مۇجەسسەم بولغان ئەسەرلەر كۆپ . مانا شۇنداق غەزەللەرنىڭ بىرى :

كىمكى ، ئانىڭ بىر مەلەك سىيما پەرىۋەش يارى بار ،
ئادەمى بولسە ، پەرى بىرلە مەلەكدىن ئارى بار .
كېچە ئۇلكى، چىرمانۇر بىر گۈل بىلە ، نەتاڭ ، ئەگەر ،
غۇنچەدەك ھەر سۇبھ ئولۇپ خەندان نەشات ئىزھارى بار .
يوق ئەجەب بۇلبۇلغە گۈل شەۋقىدىن ئولماق زاركىم ،
پەردىن ئوق جىسمىگە سانچىلغان ئەدەدسىز خارى بار .
بېلكۈ لەئلىڭ خەيالاتى بىلە كۆكلۈم ئېرۇر .
ئەنكەبۇ تىكىم ئانىڭ جان رىشتەسىدىن تارى بار .
سۇنبۇلى زۇلفى ئەگەر ئاشۇفتەدۇر ، ئەيب ئەتمەكىم ،
گۈل يۈزىدە ياتقان ئىككى نازەنىن بىمارى بار .
ئەيلەب ئۆزىن مەستۇ بىخۇد ، چىقماسۇن مەيخانەدىن ،
كىمكى ، مەندەك دەۋر ئېلىدىن كۆڭلىدە ئازارى بار .
ئەي ، نەۋائىي ، يار ئۈزەر بولسە مۇھەببەت رىشتەسىن ،
كەلمەس ئۇلسە ئول سېنىڭ سارى ، سەن ئانىڭ سارى بار .

(«نەۋادىرۇش ـ شەباب» 181 ـ غەزەل)

بۇ ئەسەر نەۋائىي ئىجادىنىڭ تاكامۇللىنىشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا يارىتىلغان ۋە دەستلەپ « نەۋادىرۇن ـ نىھايە » دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا يېتەرلىك ھاياتىي تەجرىبە ، خىيالى ئەمەس ، مەۋجۇت تۇرمۇش كۆزىتىشلىرى زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي خۇلاسىلەر مۇجەسسەملەشكەن . يەكپارە تۈزۈلۈشكە ئىگە بۇ غەزەل رەمەلى مۇسەممەنى

مەقسۇر ۋەزىندە يېزىلغان.

غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىلا ۋاپا، ساداقەت، پىدائىيلىق كەبى ئالىيجاناب ئىنسانىي تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلغان يېگانە ئىنسان مۇھەببىتى بىلەن ياشاش، ئۆز سۆيۈملۈكىگە ساداقەت نەۋائىي زامانىسىدا قانچىلىك دەللىكى بار ئىجتىمائىي مەسىلە بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئۇنىڭدىن مۇھىمراق ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىدۇر. ئۆز ئۆمۈر يولداشلىرىغا سادىق ياشايدىغان، ھەتتاكى «پەرى بىرلە مەلەك» كە قايرىلىپ بېقىشتىن نومۇس قىلىدىغان چىن سۆيگۈ ئىگىلىرى نەۋائىينىڭ يۈكسەك ئارزۇسىدۇر. نەۋائىي شۇنداق ئاشىقانە ئارىيەت ـ ئادەمىيلىكىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىدۇ. بۇ نەۋائىينىڭ شاھ بېيىتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر مەزمۇن سالماقدارلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى تەردى ئەكس (تەتۇر تەكرار) سەنئىتىنى «مەلەك سىيما پەرىۋەش» ۋە «پەرى بىرلە مەلەك» شەكلىدە ماھارەت بىلەن قوللانغان.

شائىر ۋاپا ئاساسىغا قۇرۇلغان ھاياتنىڭ ئىنسان پاراغىتى ۋە كامالىتى ئۈچۈن قانچىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىككىنچى بېيىتتە كۆرسىتىدۇ:

كېچە ئۆلكىم چىرمانۇر بىر گۈل بىلە، نې تاڭ، ئەگەر،
غۇنچەدەك ھەر سۇبھ ئۆلۈپ، خەندان نەشات ئىزھارى بار.

ئۇ ئائىلىۋى پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن كىشىنى تاڭلا گۈل ـ گۈل ئېچىلىپ، تۆت ئەتراپقا چىراي ئۆلەشتۈرۈۋاتقان، خۇش پۇراق ھىدلارنى تارقىتىۋاتقان غۇنچىغا تەگلەشتۈرىدۇ.

غەزەلنىڭ نەۋائىچە تۈزۈلۈشىگە قارىغاندا، كۆپلىگەن ئەسەرلەر ماۋزۇ ۋە غايىنى بايان قىلىش، ئۇنى بەدىئىي شەرھلەش ۋە ئومۇملاشقان خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق قىسىملاردىن ئىبارەت بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىرىنچى قىسىمنىڭ ئىپادىسىنى كۆردۇق. ئۇچىنچى بېيىتتىن ماۋزۇ ۋە غايىنى بەدىئىي شەرھلەش باشلىنىدۇ.

شائىر يۇقىرىدا سۆيۈملۈك يار ۋەسلىنىڭ غەنىمەتلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندى. ئەمدى شۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە گۈل ۋە بۇلبۇل تىمسالىدا جۇدالىق ئىزتىرابى مەنزىرەلىرىنىمۇ سىزىدۇ:

يوق ئەجەب بۇلبۇلغە گۈل شەۋقىدىن ئۆلماق زارىكىم،
پەردىن ئوق جىسمىگە سانچىلغان ئەدەسىز خارى بار.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز سەھىپىلىرىدە بۇلبۇلنىڭ گۈلگە شەيدالىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىڭلاپ بېيىتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇلبۇلنىڭ گۈلگە مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەۋسىفىي خاراكتېردە، ئاخبارات تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان، نەۋائىي بولسا، بۇ بېيىتتە بەدىئىي پىكىرنى جانلىق تەپسىلاتلار بىلەن ئاساسلاش يولىدىن ماڭغان. شائىرنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇلبۇلنىڭ گۈلگە بولغان مۇھەببىتىگە ئۇنىڭ شەيدالىقىلا ئەمەس، بەلكى ھەمدەرلىكىمۇ سەۋەبچى. گۈلگە بۇلبۇلنىڭ ھەمدەرلىكىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، بۇلبۇلنىڭ جىسمىغا پەردىن ياسالغان ئوقلارغا ئوخشاش تىكەنلەر

سانچىلغان . خۇددى شۇنىڭدەك ، گۇلنىڭ بەدىنىمۇ تىكەنلەر بىلەن ئورالغان . گۇلنىڭ مانا شۇ ئازار چەككەنلىكىگە كۆيۈنۈش بۇلبۇلنىڭ گۇلگە بولغان مېھرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن . بەدىئىي پىكىرنىڭ بۇ قەدەر تاپقۇرلۇق ، نەپىسلىك بىلەن ئاساسلىنىشى شەرق بەدىئىيتى ئىلمىدە « ھۇسنى تەئلىل » دەپ ئاتىلىدۇ . رەمزىي ئوبرازلار ئارىسىدىكى بۇنداق مۇتاناسىپلىق ئاساسىدا رېئال ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ياتىدۇ . ئىنساننىڭ ئىنسانغا مۇھەببىتى ئىچىدىمۇ مەھبۇبىنىڭ پەقەت ئاشىقى چىرايىدىن بەھرىمەنلىك ئەمەس . بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋى ئالىمىگە يېقىنلىق ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلەكداشلىق ، ھەمدەردلىك مۇجەسسەم بولىدۇ .

كېيىنكى بېيىتتىن مەھبۇبە گۈزەللىكىنىڭ مۇئەييەن قىرلىرى ۋە گۈزەللىك شەۋقىدىكى سۆيگۈ ھېسسىياتلىرى ئايان بولىدۇ :

بېلىڭۇ لەئلىڭ خەيالاتى بىلەن كۆڭلۈم ئېرۇر ،

ئەنكەبۇتىكىم ، ئانىڭ جان رىشتەسىدىن تارى بار .

تەسۋىر دائىرىسىگە مەھبۇبىغە دائىر بەل ۋە لەۋ ، سۆيگۈگە دائىر كۆڭۈل ئوبرازلىرى تارتىلغان . ئۇلارنىڭ تەسۋىرى ئەنكەبۇت ، جان رىشتىسى ۋە تارى ئوبرازلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن . بەدىئىي ماھارەت ھەرقانداق ساختا جىسىم ياكى يېقىمسىز جانىۋارنى گۈزەللەشتۈرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە . نەۋائىي غەزەلىياتىدا ماھىرانە قوللىنىلغان بۇنداق ئوبرازلاردىن بىرى « ئەنكەبۇت » — ئاددىي ھاشارات ئۆمۈچۈكتۇر . بىر قاراشتا ھېچبىر ئەجايىپ خۇسۇسىيىتى سېزىلمايدىغان ، خۇسۇسەن ، نەفىس ئەدەبىياتتىن يىراق بۇ جانىۋاردىن شائىر لىرىك تەسۋىرگە خاس قانداق ئىمكانىيەت تاپتىكىن ؟ ئۆزى توقىغان توردا ئۆمىلەپ مېڭىش ئەنكەبۇتنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئادىتى . ئۇنىڭ ھاياتىنى شۇ تور ( تار ) لارسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . شائىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ كۆڭلى — ھالىتى بىلەن ئەنكەبۇت ، مەشۇقە بېلى بىلەن ئەنكەبۇت تورلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىق بارلىقىنى كۆرىدۇ . « بەل » ۋە « لەئل » ئوبرازلىرىغا « جان رىشتەسى » مۇتاناسىپ كېلىدۇ . شۇ ئۇسۇل بىلەن شائىر بەلنىڭ ئىنچىكىلىكى ، لەۋنىڭ نەپىس ، نېپىزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ . بېيىتتىكى ئوبرازلار مۇناسىۋىتىدىن « بەل ۋە لەئل — كۆڭۈلنىڭ جان رىشتەلىرى » دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلايمىز . شۇ يوسۇندا ئاشىق قەلبىنىڭ مۇددىئاسى نازاكەتلىك بىلەن ئاڭلىتىلىدۇ .

نۆۋەتتىكى بېيىت غەزەلنى يارىتىش ۋاقتىدىكى نەۋائىي ئىلھامى سەنئەتكارلىقىنىڭ ئەۋج نۇقتىسىدىن دالالەت بېرىدۇ :

سۇنبۇلى زۇلفى ئەگەر ئاشۇفتەدۇر ، ئەيىب ئەتمەكىم ،

گۇل يۈزىدە ياتقان ئىككى نازەنىن بىمارى بار .

شائىر زۇلف ۋە كۆز تەسۋىرىنى ياراتماقچى بولىدۇ . ھەيران قالارلىق يول تۇتۇپ ، بۇ ئىككى ئەزانىڭ جانلىق تەسۋىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر — بىرىگە شېئىرىي ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرىدۇ . بىرىنچى مىسرادا « سۇنبۇل » ۋە « ئاشۇفتە » سۆزلىرى بىلەن زۇلفىنىڭ تەرىپى ۋە تەسۋىرىنى بېرىدۇ . غەزەلخان مەشۇقە زۇلفىنى «ئاشۇفتە سۇنبۇل » سۇنبۇل چاچلىرى توزۇغان ) سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايدۇ . لېكىن

ئۇنىڭغا سۇنبۇلى زۇلفىنىڭ پەرىشان ۋە غەمكىنلىكى سەۋەب بولغان. بۇ ھالنىڭ سەۋەبىنى ئايان قىلىش، دېمەككى، زۇلۇق تەسۋىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە شائىر كۆز ئوبرازىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. گۇل چېھرىنىڭ سۇزۇك ۋە مەستانە كۆزلىرىنى «ئىككى نازىنىن بىمار» غا مەڭزىتىدۇ. يەنە ھۆسنى تەئلىل سەنئىتىنىڭ نادىر ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، زۇلۇق ھالىتىنى كۆز ئەھۋالى مەنزىرىسى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىككى مىسرادىكى تەسۋىر راستىنلا بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىقكى، ئۇلارنى بىر - بىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ. شائىر بۇنىڭدا سەۋەب ۋە ئاقىۋەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىگە ئېرىشكەن. بىرىنچى مىسرا بېيىت بەدىئىيلىكىدىكى ئاقىۋەتنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچى مىسرا سەۋەبىنى ئاڭلىتىدۇ.

نەۋائى ئالتىنچى بېيىتتە لىرىك مەزمۇننى بەدىئىي يەكۇنلەشكە ئۆتىدۇ:

ئەيلەب ئۆزنى مەستۇ بىخۇد، چىقماسۇن مەيخانەدىن،
كىمكى، مەندەك دەۋر ئېلىدىن كۆڭلىدە ئازارى بار.

شائىر بەدىئىي تۈگەللىمىنى غەزەلنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرى بىلەن مەنتىقىي بىر گەۋدە قىلىپ يارىتىدۇ. بىرىنچى ۋە ئالتىنچى بېيىتلەردىكى «كىمكى» سۆزى مۇئەييەن تائىپىدىكى كىشىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. دەسلەپكى مىسرادىكى «كىمكى» - «بىر مەلەك سىيما پەرىۋەش يارى بار»، يەنى 1 - ۋە 6 - بېيىت ئارىلىقىدا تەسۋىرلەنگەن گۈزەللەر ئىشقىدىن بەھرىمەن بولغان بەختىيار كىشى ئوبرازى ئالتىنچى بېيىتتىكى «كىمكى» بولسا - «بىر مەلەك سىيما پەرىۋەش يار» دىن ھىجران چەككەن (ئۆز زامانداشلىرىدىن ئازاردىن باشقا راھەت كۆرمىگەن)، 1 -، 6 - بېيىت ئارىلىقىدا ھۆسن - جامالى زوھۇر ئەتكەن گۈزەللەر ۋەسلىدىن بىنەسىب «ئاشىقى زار» تىمسالىدۇر. «مەن» سۆزىنى قوللانمىغاندىمۇ بۇ تىمسال دائىرىسىدىكى نەۋائىنىڭ ھاياتى سىيماسىنى تونۇۋالغان بولاتتۇق. چۈنكى غەزەلنىڭ نەۋائىيچە تۈزۈلۈشى، تەسۋىر تەبئىي، بەختىيار ئاشىق بىلەن «كۆڭلىدە ئازارى بار»، «مەستۇ بىخۇد» ياسانچۇقلار قىياپىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بۇنى ئېنىق سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. بۇ سەتىرلەر غەزەل مۇخلىسلىرى ۋە نەۋائىنىڭ شەخسىي ئىزتىراپلىرىغا نىسبەتەن يەنە بىر قېتىم ھېسداشلىق تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىدۇ.

شائىر غەزەلنى نەقەدەر ئۆتكۈر زېھنى بىلەن كۆزىتىپ باشلىغان بولسا، شۇنچىلىك چوڭقۇر ھاياتىي ئۇگۇت بىلەن يەكۈنلەيدۇ:

ئەي، نەۋائى، يار ئۇزەر بولسە مۇھەببەت رىشتەسىن،
كەلمەس ئولسە ئول سېنىڭ سارى، سەن ئانىڭ سارى بار.

بىر - بىرىنى تەن ئالماسلىق، ئۆزىنىلا كۆرۈش، تەكەببۇرلۇق ئىللەتلىرى ھەرقانداق ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرگە ھەمىشە دەز سېلىپ كەلگەن. شائىر جۇدالىق خەۋپىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن كېچىپ، يار ۋەسلىگە سازاۋەر بولۇش، ئۇنى قەدىرلەشنى مەسلىھەت بېرىدۇ.

بۇ شېئىرىي خۇلاسە ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ نەۋائىنىڭ زامانداشلىرى ئۈچۈن قانچىلىك قەدىرلىك بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىز پەرزەنتلىرى ۋە كېلەچەك نەسىللەر ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ كۆپرەك ساۋاق بولارلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئون سەككىز ياش ھەيرەتلىرى

ئون سەكىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئەگەر باشىندەدۇر ،
نە ئەجەب ، چۇن سەرۋىنازىم ئون سەكىز ياشىندەدۇر .
دېسە بولغايكىم ، يەنە ھەم ئون سەكىز يىل ھۇسنى بار ،
ئون سەكىز ياشىدە مۇنچە فىتنەكىم باشىندەدۇر .
ئون سەكىز يىل دېمە ، يۈز سەكسەن يىل ئۆلسا ، ئولدۇرۇر ،
ھۇسن شاھى ، ئول بەلالاركىم ، كۆزۈ قاشىندەدۇر .
ھەيرەت ئەتمەن ھۇسنى نەقشىدەكى ، ھەر ھەيرەتكى ، بار .
بارچەسى ئىزىد تەئالا سۇنئى نەققاشىندەردۇر .
تەن ئاڭا سىيمۇ ئىچىندە تاش مۇزمەر كۆڭلىدىن ،
ئەقلغە يۈز ھەيرەت ، ئول ئاينىڭ ئىچۇ تاشىندەدۇر .
مەي كەتۈر ، ئەي مۇغكى ، يۈز ھەيرەت ئارا قالمىش مەسىھ ،
بول ئەجەبلەركىم ، بۇ ئەسكى دەير خۇففاشىندەدۇر .
تا نەۋائى تۆكتى ئول ئاي ، فۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك ،
ھەر قاچان باقساڭ ، قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر .

(« بەدايىئۇل ـ ۋەسەت » 156 ـ غەزەل )

مەشھۇر ۋە ئېتىبارلىق بۇ غەزەل ئەلشىر نەۋائىنىڭ قېرىلىق دەۋرى لىرىكىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇنىڭدا شائىر ئىشقىي پەلسەپۋى ماۋزۇدا مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ . رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان .

غەزەل ئۇسلۇب جەھەتتە تەئرىب ـ تەۋسىپ ( ماختاش ـ سۈپەتلەش ) تىپىدا يارىتىلغان . ئەسەرنىڭ مەقسەت ماھىيىتى ئون سەككىز ياشتىكى ئېتىبارلىق سىيمانىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەشكە قارىتىلغان . لېكىن بۇ مەدھىيە ئىنسان ئۆمرىنىڭ نەۋقىران پەللىسى ھەمدە ھۆسن ـ جامال ھەققىدىكى پەلسەپۋى مۇلاھىزىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان . ھەتتا بەزى بېيىتلەردە سۈپەتلەش ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىپ ، تەرىپ ، پەلسەپۋى ئومۇملاشتۇرۇش ئىپادىسى بىرىنچى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن ياكى تەرىپ ـ تەۋسىپ باراۋەر دەرىجىدە ئۇيغۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، پەلسەپۋى ماھىيەت ئېتىبارىمىزنى كۆپرەك تارتىدۇ . شۇڭا شېئىرنىڭ باشلانمىسىدا ئون سەككىز ياشلىق دىلبەرنىڭ سەرۋىنازلىقىغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ شۇ ياشتىكى مەنىۋى روھىي ئەھۋالى تەسۋىرىگە كۆچلۈك ئۇرغۇ بېرىلگەن . « ئون سەككىز مىڭ ئالەم » تۇرغۇن سۆز بىرىكمىسى بولۇپ ، ئۇ پۈتۈن بارلىق — ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئىبارەت ، دېگەن ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى ھەققىدىكى ئەپسانىۋى قەدىمكى تەسەۋۋۇرلاردىن كېلىپ چىققان . شائىر « سەرۋە نازىمنىڭ بېشىدا ئون سەككىز مىڭ ئالەم غوۋغاسى بار ، ئەمما بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك . چۈنكى ئۇ ئون سەككىز ياشتىدۇر » دېگەندە ، بىرغىنە سەرۋىناز ئەھۋالىغا ئەمەس ، ئومۇمەن ، ئىنسانىنىڭ ئون سەككىز

يېشىغا تەرىپ بېرىدۇ. تەرىپ ئومۇمىي ئىنسانىي بولغىنىدەك، نەزەرىمىزدە، ئون سەككىز ياشلىق سەرۋىنازمۇ ئومۇملاشما ئوبرازدۇر. ئەسەردە ئون سەككىز ياشلىق مۇئەييەن ئىنسان تەسۋىرلەنگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ ھاياتىي سىيماسى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بەلكى باشلانمىدىكى تەرىپ ۋە تەۋسىپكە ئون سەككىز ياشلىق گۈزەل قىز ئەمەس، كامالەتكە يەتكەن بىر ياش يىگىت چىرايى ئاساس بولغان.

مۇھتەرەم مۇخلىس، نەۋائىي يىگىت كىشىنى سۈپەتلىگىنى ھەققىدىكى مۆلچەرىمىزگە دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈش ياكى بۇنى ناتوغرى تەھلىل قىلىشتىن ساقلىنىشىڭىزنى سورايمىز. بۇ تېخى ئىلمدە ئۆگىنىلمىگەن بىر مۇئەمما. نەۋائىينىڭ يىگىتلەرنى مەدھىيىلەش ھەققىدە يازغان ئونلاپ لىرىك ئەسەرلىرى بار كى، ئۇلار تۇرلۇك ئەندىشىلەر بىلەن «خەزايىنۇل مەئانىي» نىڭ 1959 — 1960 - يىللىرىدا چاپ ئېتىلگەن ھەمىد سۇلايمان نەشرىگە كىرگۈزۈلمىگەن ۋە خەلققە يېتىپ بارالمىغان. بۇ غەزەل ۋە قىتئەلەر نەۋائىينىڭ مۇكەممەل ئەسەرلىرى توپلىمىدا بېسىلماقتا ۋە ئەمدى ئىلمىي باھالانسا كېرەك. نەزەرىمىزدە بۇ ھادىسە نەۋائىي دۇنيا قارىشى بىلەن باغلىق. نەۋائىي ئىنساندا ئىلاھىي يېتۈكلۈكنى، ئىلاھتا ئىنسانىي گۈزەللىكنى كۆرگەن. مۇتەپەككۇر ئۆزى سېغىنغان ئىلاھىي قۇدرەت نەۋ قىرانلىق، بەركامالىق، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق سېھرلىك ھادىسىنى، جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەڭسىزلىكنى يىگىتلەر سىيماسىدا گەۋدىلەندۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. ھەرقانداق ئەسەرگە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى كۆزىتىشكە قادىر، ئون سەككىز مىڭ ئالەم دەردى بىلەن ياشايدىغان، ئەقلىي ۋە زېھنىي ئۆتكۈرلۈكى ئون سەككىز مىڭ ئالەم تىلسىملىرىنى يېشەلەيدىغان، ھۆسنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى لال قالدۇرىدىغان، ھاياجان ۋە ھېس - تۇيغۇلىرى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئۆرتەيدىغان ئون سەككىز ياشلىق ئىنسا سىيماسى سەۋەب بولغان. ئېھتىمال، بۇ نەۋائىي ئارزۇسىدىكى كامىل ئىنساندۇر. دەرۋەقە، ئون سەككىز مىڭ ئالەم تەشۋىشلىرى بىلەن ياشايدىغان ياش زاماندىشلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ئەس - ھوشى جايىدا، زېھنى ئۆتكۈر، غەيرەت - شىجائەتلىك يىگىت - قىزلىرىمىز ئالدىدا شۇنداق چوڭ مۇئەممالار، ۋەزىپىلەر، ئارزۇلار تۇرىدۇكى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى ۋە سالقىمى ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى (تەشۋىشى) دىن كەم ئەمەس. چىن ئىنسان ئۈچۈن ئون سەككىز ياش — شۇنداق مەسئۇلىيەتلىك دەۋردۇر، ئەسلىدە.

كېيىنكى بېيتلەردە باشلانمىدىكى غايىۋى مەزمۇن تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇرۇلىدۇ. 2 — 3 - بېيتلەرنىڭ باشلانمىسىدا سۈپەتلەش دەرىجىسىدىكى كامالەتكە ئېرىشكەن ئىنسان يېتۈكلۈكىنىڭ ياشاش كۆچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە بەھس قىلىنىدۇ:

دېسە بولغايكىم يەنە ھەم ئون سەكىز يىل ھۆسنى بار،
ئون سەكىز ياشىندە مۇنچە فىتنەكىم باشىندەدۇر.
ئون سەكىز يىل دېمە، يۈز سەكسەن يىل ئولسا، ئولدۇرۇر
ھۆسن شاھى، ئول بەلالاركىم، كۆزۈ قاشىندەدۇر.

مەزكۇر بېيتلەردىن باشلاپ غەزەلدىكى لىرىك قەھرىماننىڭ ئومۇملاشقان ئوبرازلىقىدىن بىر ئاز چەكلىنىدۇ. يەنى، ئومۇمەن ئون سەككىز ياشلىق ئوبراز ئەمەس، گويا ئون سەككىز

ياشتىكى ئېتىبارلىق سۈپەتلەش داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭدا پىكرىمىزگە سەۋەبچى غەزەلنىڭ باشلانمىسىدىن كېيىنكى قىسمىدا كۆپرەك ئاياللارغا خاس پەزىلەتلەر قەلەمگە ئېلىنغان. ئەلۋەتتە، نەۋائىنىڭ مۇنداق غەزەللىرىنىڭ تېگىدە ئىلاھىي ھۆسن تىمسالىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلىشىمىز لازىم. 3 ـ بېيىتتىكى «ھۇسن شاھى» ئىبارىسى ئەينەن شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ.

غايىۋى مەزمۇنىنىڭ بېيىتلەردە تەدرىجىي راۋاجلىنىشىغا تەدرىجىي ئۇسۇلى بىلەن بىرگە رۇجۇئ (مۇراجىئەت، ئۆتۈنمەك) سەنئىتىمۇ كۆمەكلەشكەن. شائىر ئىككىنچى بېيىتتە «سەرۋىناز ئون سەككىز ياشتىكى ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە تېتىيدىغان ھۆسن جامالىنى زاھىر قىلغانىكەن، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ماجىرالىرىنى بېشىغا سىغدۇرالىغانىكەن، ئۇنىڭدىكى بۇ قابىلىيەت يەنە ئون سەككىز يىل بىمالال ساقلىنىدۇ» دەيدۇ، ئۈچىنچى بېيىتتە بۇ پىكرىدىن قايتىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى «ئون سەككىز يىل دېمە» سۆزلىرى بىلەن ئىنكار قىلىپ، «يەنە يۈز سەكسەن يىل ئۆتسىمۇ، كۆز ۋە قېشىدا ئاجايىپ بەلالار جىلۋە قىلارىكەن، ئۇ سەرۋىناز ھۆسن شاھى سۈپىتىدە گۈزەللىك سەلتەنىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېرىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ، رۇجۇئ ماھىيىتى مانا شۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ، پىكرىنى كۈچەيتىشتەدۇر. سەرۋىنازنىڭ كۆز ۋە قېشىدىكى ئۇ بەلالار سېھرىكە كەلسەك، بۇنىڭدا شەرق غەزەلىياتىدا كۆز ۋە قاش مەدھىيىسىدە ئېيتىلغان (مەسىلەن، كۆزنىڭ خۇنخارلىقى، جاللادلىقى، پىتنە ـ پاسات قوزغىشى، قاشنىڭ شەمشەر كەبى قاتىللىقى، بىرىنىڭ شەرەت قىلىپ، بىرىنىڭ جان ئېلىشى ۋە باشقىلار) ھەممە سۈپەتلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

شائىر ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى ھۆسن ئىگىسىنى تەسۋىرلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانۇنىي ۋە تەبىئىي ھال ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ:

ھەيرەت ئەتمەن ھۇسنى نەقشىدەكى ھەر ھەيرەتكى بار،
بارچەسى ئىزىد تەئالا سۇنئى نەققاشىندەدۇر.

چۈنكى نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشىچە، ھەر قانداق ھەيران قالارلىق گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىجادچىسى «سۇنئى نەققاشى»، يەنى خۇدادۇر. ھەر بىر ماددا، جىسىم، جانىزات، جۈملىدىن ئىنسانمۇ بۇ ئىلاھىي مەۋجۇداتنىڭ زەررىسى، بۆلىكى، ئەكسى ئوخشاش نامايەندۇر. ھەربىر چىرايدا تەڭرى تەئالا جامالى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتىكى بېيىت سەرۋىنازنىڭ ناھايىتى گۈزەل، ئەمما تەڭداشسىز باغرىتاشلىقىغا كىنايە تەرىقىسىدە يېزىلغان:

تەن ئاڭا سىيمۇ ئىچىندە تاش مۇزمەر كۆڭلىدىن،
ئەقلغە يۈز ھەيرەت، ئول ئاينىڭ ئىچۇ تاشىندەدۇر.

سەرۋىنازنىڭ تېنى (تاشقىي چىرايى كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ئەمما بۇ كۈمۈش ۋۇجۇد شۇنداق سىرغا ئىگەدۇركى. ئۇنىڭ ئىچى كۆڭۈل يوشۇرۇنغان تاشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھادىسىگە ئىنسان ئەقلى يۈز قېتىم ھەيرانۇھەس قالىدۇكى، ئۇ مەدھىيىلەنگۈچىنىڭ خۇلقى ۋە سۈرىتىدىمۇ نامايەندۇر. بۇ ئىنسان تەبىئىتى، قەلب ۋە قىياپەت ئارىسىدىكى مۇتانەسىپلىق ھەمدە زىددىيەتنىڭ نەۋائىغا خاس پەلسەپۋى

ئىپادىسىدۇر.

بۇ غەزەلدىمۇ ئەنئەنىدىكىدەك باشلانمىنىڭ ئالدىدىكى بېيىتە مەيپۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ:

مەي كەتۇر، ئەي مۇغكى، يۈز ھەيرەت ئارا قالمىش مەسىھ،
بۇل ئەجەبلەر كىم، بۇ ئەسكى دەير خۇفاشىدەدۇر.

ساقىيغا مۇراجىئەت قىلىش تەرىقىسىدە پۈتۈلگەن ئەنئەنىۋى بېيىتلەر غەزەلنىڭ باشقا بېيىتلەردىن ئالاھىدە، مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ بېيىت بولسا غەزەلنىڭ ئالدىنقى قىسمى مەزمۇنى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ يېزىلغان. ئالدىنقى بېيىتلەردە لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقلىرىنى ئىزھار قىلغانىدى.

بۇنىڭدا مەسىھ «يۈز ھەيرەت ئارا» قالغانلىقى ھەققىدە سۆز بارىدۇ، يەنى، بۇ كونا مەيخانا (دۇنيا) ئاجايىباتلىرىغا لىرىك قەھرىمان (نەۋائى) يۈز ھەيرانلىق ئىزھار قىلغانلىقىدىن مەسىھمۇ يۈز چەندان ھەيرەت ئىچىدە قالىدۇ. بۇ يەردە «خۇففاش» شەپەرەڭ ئوبرازى ئالاھىدە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. شەپەرەڭ، يەنى لىرىك قەھرىمان كونا مەيخانا (دۇنيا) ئاجايىباتلىرىنى كۆرگۈنچە (مەيخانىگە كىرىپ ۋەھدەت مەيىدىن قانمىغۇنچە) غاپىل ئىدى. «ئەسكى دەير» ئاجايىباتلىرىنى ئىدراك ئەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرى ۋاللىدە ئېچىلىدى ۋە يۈز ھەيرەتكە چۈشتى. بۇنداق مۆجىزىدىن جانبەخش مەسىھمۇ يۈز ھەيرەتكە چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇش بىلەن مەشھۇردۇر. كۆكۆل كۆزىگە نۇر ئاتا قىلىشقا ئۇ قادىر ئەمەس.

غەزەلنىڭ تۈگەللىمىسىگە كېلىپ تەرتىپ ـ تەۋسىپ ئايغا، قۇياشقا قەدەر كۆتۈرۈلىدۇ:

تا نەۋائى تۈكتى ئول ئاي فۇرقەتىدىن بەھرى ئەشك،
ھەر قاچان باقساڭ، قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندادۇر.

نەۋائى ئۇ ئاي، يەنى ھۆسن ـ جامال پىراقىغا دۇچار بولغىنىدىن (بۇ فانىي دۇنياغا مېھمان بولغىنىدىن) بۇيان يىغلايدۇ ۋە كۆز ياشلىرىدا ئۇ قۇياش ـ ئىلاھى تەلئەتنىڭ ئەكسى دائىم جۇلالىنىپ، شولا چېچىپ تۇرىدۇ. كۆرۈنىدۇكى، دەسلەپكى بېيىتلەرنىڭ تەگ زېمىنىدىن بايقىغىلى بولىدىغان سوفىيانە ئوبراز مەنىلەر غەزەلنىڭ تۈگەللىمىسىگىچە ئاشكارىلىنىپ، ئوتتۇرىغا چىقتى.

غەزەلنىڭ مەتلىئىدە باشلانغان تەسۋىر مەقتەئى (تۈگەللىمىسى) گىچە ئىزچىل راۋاجلاندى. غەزەلدىكى سۆز، ئوبراز، ئىپادىلەرمۇ شۇنداق راۋاجغا مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۇرۇلدى. «ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم»، «ئون سەككىز يىل»، يەنى «ئون سەككىز ياش»، يەنە «ئون سەككىز يىل»، «يۈز سەكسەن يىل»، «ھەيرەت»، «ئەقلغە يۈز ھەيرەت»، «يۈز ھەيرەت» سۆز بىرىكمىلىرى غەزەلدىكى مەزمۇن ۋە غايىنىڭ زەنجىرسىماتلىقىنى تەمىنلىدى. نەتىجىدە ئەسەر كومپوزىتسىيىسى مۇسەلسەل دەرىجىسىدە تاكامۇللاشتى.

غەزەل يۇقىرىسىدەك بەدىئىيلىكى تۈپەيلىدىن شۆھرەت قازاندى. خەلق ئۇنى سۆيۈپ،

تىلدىن تىلغا، دىلدىن دىلغا كۆچتى. ناخشىچى بىر تاداۋىدوۋا تەرىپىدىن كلاسسىك قوشاق سۈپىتىدە مۇقامشۇناسلىرىمىز تەرىپىدىن مۇقام كۈيلىرىگە سېلىپ كۈيلىنىپ، يۇقىرى دەرىجىدە راۋاج تاپتى.

## راستلىغ ئۇلدۇرگى...

كۆك بىنەفشەزارىنى ئەنجۇم چۇ نەرگىسزار ئېتەر،
نەرگىسىڭ بىرلە بىنەفشەڭ ھەجرى كۆڭلۈم زار ئېتەر.
چۇن زۇھەل تالىئ بولۇر خالىڭ خەيالى فىتنەدىن،
جانىم ئىچرە يۈز مىڭ ئاشۇبى بەلا ئىزھار ئېتەر.
جىلۋە قىلغاچ مۇشتەرىي كۆزنى ئۇزارىڭ يادىدىن،
يۈز سەئادەت ئەختەرىدىن ھەر زەمان دۇربار ئېتەر.
چۇن چىقار بەھرامى قاتىل، كۆزلەرىڭ ئەندىشەسى،
خەستە جانىمنى قەتىلى خەنجەرى ئازار ئېتەر.
مىھردىن تاپماي نىشانە سەندە ھەم گەردۇندە ھەم،
بۇ مۇسىبەت كۆزۈمە يارۇغ جەھاننى تار ئېتەر.
زۇھرە ھالىمغە سۇرۇدىن نەۋھەگە ئەيلەپ بەدەل،
چەڭگىنىڭ ساچىن يايىب، دۇررى سىرىشك ئىزھار ئېتەر.
ئۆلمەكىم ئاڭلاپ ئۇتارىد، ھالىمە دەپ مەرسىيە،
شەرھى دەردىم نەزمىدىن ھەر لەھزە يۈز تۇمار ئېتەر.
ئاي ھەلاكىمگە تۇتۇپ ماتەم، كىيىپ تۇندە قارا،
ئارەزى سىيلى ئىلە ئەھلى ئەزا كىردار ئېتەر.
تىيرە ئەيلەب بىنىھايەت كېچە ئۇمرۇم شەمئىنى،
ۋەسل سۇبھى ھەسرەتى رەنجىم يۈز ئۇل مىقدار ئېتەر.
راستلىغ ئۇلدۇرگى، يەتكەچ ئۇل قۇياش، رەھم ئەيلەگەي،
ئۇلچە ئەھۋالىمغە ھەر تۇن چەرخى كەجرەفتار ئېتەر.
ئەي نەۋائى، ئىشق دەردىدىن شىكايەت قىلماكىم،
جانىڭە جەۋرۇ جەفاسىن ھەر نېچەكىم بار ئېتەر.

ماۋزۇ خۇسۇسىيىتىگە قارىغاندا، بۇ ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئىشقىي غەزەللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇ شائىر ئىجادىي تاكامۇللىقىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، نەۋائى ئۇنى دەسلەپ «نەۋادىرۇن ــ نىھايە» دىۋانىغا كىرگۈزگەن. كېيىن بۇ غەزەل «خەزائىنۇل ــ مەئانى» نىڭ «نەۋادىرۇش ــ شەباب» دىۋانىغا كۆچكەن. غەزەلنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە مۇرەككەپ ئوبرازلار زەنجىرى مەۋجۇتلۇق، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقىغا (ئون بىر بېيىتتىن ئىبارەت)، تىلى ۋە بەدىئىي تەسۋىر ئۇسلۇبىنىڭ باشقا ئىشقىي غەزەللەرگە نىسبەتەن ئېغىرلىقىمۇ ئۇنى نەۋائى ئەينى چاغدا ئىجادىي كۈچكە تولغان ئوتتۇرا ياشلىرىدا ياراتقانلىقىنى

تەستىقلايدۇ. بۇ نەۋائىنىڭ كۆپ مەنىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭدا مەدھىيە ئوقۇلغان ئىشق «مەجازىي ئىشق»، يەنى ئاددىي ئىنسانىي مۇھەببەتكە قارىغاندا كەڭرەك مەنىلەرگە ئىگە. غەزەل روھىي مۇندەرىجىسىنىڭ نىسبەتەن مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىكە سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا شائىر ئىنسانىي ئىشق بىلەن پانتېئىستىك دۇنيا قاراشتىكى «ھەقىقىي ئىشق» خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر نۇقتىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئېرىشكەن.

غەزەل رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف ۋەزنىدە يېزىلغان.

غەزەلدە نەۋائىي لىرىك قەھرىمان ھېسسىياتلىرى ھەمدە خىياللىرىنى تەسۋىرلەشتە يېڭىچە يول تۇتىدۇ.

كۆك بىنەفشە زارىنى ئەنجۇم چۇ نەرگىسزار ئېتەر،
نەرگىسىڭ بىرلە بىنەفشەڭ ھەجرى كۆڭلۈم زار ئېتەر.

بىر قاراشتا بۇ ـــ ئەنئەنىۋى روھتىكى بېيىت.

ئۇنىڭدا مەۋلانا لۇتفىنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولغان «ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش، بۇيلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلدۇز نىھان بولغان قۇياش» مەتلىئىگە ئاھاڭداشلىق بار. بۇ بېيىتلەرنى ئىنسان ۋە تەبىئەت مۇناسىۋەتلىرى، ئىنسان روھىيىتى ھەمدە تەبىئەت مەنزىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئىزھاتى تۇتاشتۇرىدۇ. بىرىدە ئاۋۋال ئىنسان روھىيىتى لەۋھىسى يارىتىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا مۇتاناسىپ تەبىئەت تەسۋىرى يارىتىلىدۇ. تەھلىل قىلىنىۋاتقان غەزەلنىڭ باشلانمىسىدا بولسا باشقىچە. ئاۋۋال باشتىكى مىسرادا تەبىئەت، ئېنىقراقى، ئاسماننىڭ ھىجران شامىدىكى قىياپىتى يارىتىلىدۇ. كۆن بىلەن تۈننىڭ ئالمىشىشى گۈزەل بەدىئىي ئىپادىلىنىدۇ. يەنى، شائىر نەزەرىدە ئاسمان كۈندۈزى بىنەپشە زار ئىدى. بىنەپشىرەڭ كۆپكۆك سامانى تەسەۋۋۇر قىلىڭچۇ! كۆك قەدەھكە شام شارابى قۇيۇلۇشى بىلەن نەرگىستەك چېچىلغان يۇلتۇزلار كۆك بىنەپشزارىنى نەرگىسزارغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئىككىنچى مىسرادا تەبىئەتتىكى ھالەتتىن كېلىپ چىقىپ، ئىنسان روھى تەھلىل قىلىنىدۇ. «كۆك بىنەفشەزارى»غا لىرىك قەھرىماننىڭ كۆڭلى، «ئەنجۇم» ۋە «نەرگىس» ئوبرازلىرىغا مەشۇقنىڭ نەرگىسكە ئوخشاش كۆزلىرى ۋە بىنەپشىرەڭ خەتتى (مىيىقلىرى)، بىنەپشە شەكىللىك زۇلفى (چېچى) شېئىرىي پاراللېزم ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇ تەسۋىرلەردىن لىرىك قەھرىماننىڭ كۆڭلى مەشۇقە ۋىسالىغا زار ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن بىز مەزكۇر بېيىت باشلانما ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ۋەزىپىسى لىرىك كىرىشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايلى.

باشلانمىدا «كۆك پىنەپشە زارى» ۋە «ئەنجۇم» ـــ يۇلتۇزلار ھەققىدە سۆز ئېچىلدىمۇ، دېمەك، غەزەل داۋامىدا پەلەككە مۇناسىۋەت، ئاسمان جىسىملىرى تەسۋىرى ئەكس ئېتىشى مۇقەررەر. دەرھەقىقەت، نەۋائى زۇھەل (ساتۇرن)، مۇشتەرى (يوپىتېر)، بەھرام (مارس)، مىھر (قۇياش ـ ۋېنېرا)، ئۇتارىد (مىركۇرىي ـ ئاتارۇت). ئاي قاتارلىق سەييارىلارنى غەزەلگە ئېلىپ كىرىپ، نەزملەشتۈرىدۇ. بۇ شېئىرىي ئوبرازلارنى ئۆز بەدىئىي

مۇددىئاسىنى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

جىلۋە قىلغاچ مۇشتەرىي كۆزنى ئۇزارىك يادىدىن،
يۈز سەئادەت ئەختەرىدىن ھەر زەمان دۇربار ئېتەر.

بېيىتتە مەشۇقە ياكى غەزەلخان كۆزدە تۇتقان باشقا بىر ئېستېتىك ئىدىئال ۋەسلىدىن جۇدالىق مۇنداق تەسۋىرلەنگەن. شائىر بۇ بەختسىز ئايرىلىش پاجىئەسىگە سەۋەبچى قىلىپ مۇشتىرى يۇلتۇزىنى كۆرسىتىدۇ. پارسچە نامى «بىرجىس» بولغان بۇ سەييارە نەۋائىي دەۋرى مۇنەججىملىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ئالتىنچى پەلەككە جايلاشقان، يەتتىنچى ئاسمانغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇز بولغىنى ئۇچۇن مۇنەججىملەر ئۇنى «فەلەك قازىسى» دەپ ئاتاشقان. گويا ئۇ ئىلاھىي قۇدرەت نىزامىغا قارىغاندا، جىمىكى مەۋجۇدات ئۇستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىكەن. نەۋائىي مۇشتىرى يۇلتۇزىنىڭ مانا شۇ قازىلىق ئەمىلىنى نەزەردە تۇتقانلىقىنى ئىناۋەتكە ئالساق، مۇنداق مەزمۇن چىقىدۇ: مۇشتەرى، يەنى پەلەك قازىسى چېھرە يادىنى كۆز خاتىرىسىدىن ئۆچۈرگەچ، يۈزلەپ بەخت يۇلتۇزلىرى ھەر زامان دۇر ياغدۇرغاندەك، كۆز يېشىنى سەلدەك ئاققۇزدى. دېمەك، پەلەك قازىسى ھۆكۈمى بىلەن لىرىك قەھرىمان بەختسىزلىك، مەڭگۈ جۇدالىققا گىرىپتار بولدى.

غەزەلدە ئىزچىل روھىي تەھلىل كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مانا، يۇقىرىدىكى ۋاقىئە لىرىك قەھرىمانىنى قانداق كەيپىياتقا ئېلىپ كەلدى:

مېھردىن تاپماي نىشانە سەندە ھەم، گەردۇندە ھەم،
بۇ مۇسىبەت كۆزۈمە يارۇغ جەھاننى تار ئېتەر.

بېيىتنىڭ سەنئەتكارانە خاسىيىتى شۇنىڭدىكى، نەۋائىي «مېھر» سۆزىنىڭ تۈرلۈك مەنىلەردە تاۋلىنىشلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. شائىر «مېھر» سۆزىنىڭ لۇغەت ۋە كۆچمە مەنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، «ئىيھام» سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. «ئىيھام» ئاساسىدا قاتلام ــ قاتلام مەنىلەر مېغىزىغا ئىگە بولغان مىسرا يارىتىدۇ. مىسرانى ئوقۇغىنىمىزدا دەسلەپ لىرىك قەھرىمان مەشۇقەدىن مېھر ــ شەپقەت نىشانىسى تاپالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. كېيىن مەشۇقەدىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمەن «گەردۇندا ھەم» مېھر ــ ۋاپا تاپمىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. بۇ «مېھر» نىڭ لۇغەت مەنىسىگىلا تايىنىپ، ئىپادىلەنگەن مەزمۇن. «مېھر» كۆچمە مەندە قۇياشنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن جۇدالىق ئازابىدىكى لىرىك قەھرىمان گەردۇن (دۇنيا) دا قۇياشمۇ تاپالمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، ئىنسانىسىز ئالەم ــ ئاپتاپسىز ئالەم، دېگەن مۇسىبەتلىك مەزمۇن بارلىققا چىقىدۇ. بۇ مۇسىبەت بولسا يورۇق ئالەمنى لىرىك قەھرىمان كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرسىتىدۇ. لىرىك قەھرىمان ئەھۋالىنى خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىكى «كۆزىگە جاھانىنى تار ئەتمەك» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەش بېيىتنىڭ بەدىئىي سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئاشۇ مۇبالىغىلىك مەنزىرە ۋاستىسىدە كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ نەۋائىي سەييارىلەر ئوبرازىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ:

زۇھرە ھالىمغە سۇرۇدىن نەۋھەگە ئەيلەپ بەدەل،

چەڭگىنىڭ ساچىن يايىپ، دۇررى سىرىشك ئىزھار ئېتەر.

زۇھرە — چولپان يۇلتۇزى ئەزەلدىن شەرق ئەدەبىياتىدا ئاسمان چالغۇچىسى، سازەندىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلمەكتە. زۇھرە يۇلتۇزىنىڭ شۇ خاسىيىتىنى نەزەردە تۇتماي تۇرۇپ، نەۋائى بېيتىنى چۈشىنىش قىيىن. بۇ بېيتتىكى مۇجەسسەملەنگەن بەدىئىي مەزمۇن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، چالغۇچى سەييارە لىرىك قەھرىمان ئەھۋالىنى كۆرۈپ، چېلىۋاتقان كۈيىنى مۇڭلۇق ۋە نالىلىك يىغىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى چاڭ بولسا، چاچلىرىنى يېيىپ، كۆز ياش دۇر(ئۈنچە) لىرىنى ئاھاڭ لىباسىغا چېچىشقا باشلايدۇ.

ھېس - تۇيغۇلارنىڭ پاجىئەلىكىگە ئاساسلانغان لىرىك سۈژېت بارغانسېرى يۇقىرى نۇقتىغا كۆتۈرۈلۈپ ماڭىدۇ. زۇھرە يۇلتۇزىنىڭ چالغۇسى بىلەن بىرگە چاچلىرىنى يېيىپ پەرياد چېكىشى لىرىك قەھرىمان ھالاكىتىدىن دېرەك بەرسە، كېيىنكى بېيتلەر بۇنى قانۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۆلمەكىم ئاڭلاپ ئۇتارىد ھالىمە دەپ مەرسىيە،
شەرھى دەردىم نەزمىدىن ھەرلەھزە يۈز تۇما ئېتەر،
ئاي ھەلاكىمگە تۇتۇپ ماتەم، كىيىپ تۈندە قارا،
ئارەزىن سەيلى بىلە ئەھلى ئەزا كىردار ئېتەر.

ئۇتارىد — مېركۇرىي پلانېتاسى قەدىمىي ئەدەبىياتتا ئەپسانىلەرگە ئاساسەن پەلەك كاتىپى، يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە ئىزاھلىنىدۇ. نەۋائىمۇ شۇ ئىزاھقا تايىنىپ، ئۇ تارىدنى شائىر ۋە ھامىي قاتارىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. گويا ئۇتارىد لىرىك قەھرىمان ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ مەرسىيەلەر يازىدۇ. لىرىك قەھرىماننىڭ دەردى شۇ قەدەر كۆپكى، ئۇنى شەرھلەپ يېزىلغان مەرسىيەلەردىن ھەر نەپەستە يۈز تۇمار - پۈكلەپ ئورالغان نامەلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

شائىر سەييارىلەرنىڭ پەلەكتىكى ھالىتىدىن غەزەلدە ناھايىتى ئورۇنلۇق پايدىلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئاي قارا! تۈن باغرىدا جايلاشقان بولىدۇ. شۇنداق كېلىپ چىقىپ، نەۋائى ئۇنى قارا تون كىيگەن ( يىغلاپ پەرياد چېكىۋاتقان ) ماتەمدار ھازىكەشكە ئوخشىتىدۇ.

خۇلاسە، تەھلىل دائىرىسىگە كىرگەن بېيتلەر جانلاندۇرۇش تەشخىس سەنئىتىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىدۇر. بۇ بېيتلەر غەزەلدە ئۆزىگە خاس لىرىك ۋاقىئەلىكنى تەشكىل قىلغان.

غەزەل كاتتا بەدىئىي ماھارەت مەھسۇلى سۈپىتىدە نەۋائى ئىجادىدا، مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە ھەممىشە مەنىۋى، مەرىپەتلىك ئەھمىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

(1991 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان « ئەلىشىر نەۋائى - غەزەللەر، شەرھلەر » ناملىق توپلامدىن ئېلىندى )

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : **جاببار ئەمەت** .

# ناقىس شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى

پەخرىدىن ئىمىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاغاتاي تىلىدا ياراتقان مول كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە تالانتلىق شائىر موللا سابىر بىننى موللا ئابدۇلقادىر ( تەخەللۇسى «ناقىس» ) ئىجادىيىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. 

موللا سابىر بىننى موللا ئابدۇلقادىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈش يولىدا مۇھىم تۇتاشتۇرغۇچى رول ئوينىغان، كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز ئەسەرلىرىدە كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تەلەپ، ئىنكاسلىرىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەمدە مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

موللا سابىر بىننى موللا ئابدۇلقادىر 1843 ـ يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسى بازار ئىچى مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى بىر ئىلغار پىكىرلىك مەرىپەتۇەر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۆز ئائىلىسىدە ھەم مەھەللىسىدىكى مەدرىستە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەربىيە ئالغان. موللا سابىر زېھنى ئۆتكۈر، تىرىشچان ۋە ئۈمىدلىك بىر بالا بولغىنى ئۈچۈن، ئاتىسى ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش ئارزۇسىدا، قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئافاق خوجا مازىرى يېنىدىكى مەدرىسگە ئوقۇشقا بەرگەن. موللا سابىر بۇ يەردە تېخىمۇ تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن. قەشقەردە ئوقۇغان مەزگىللىرىدە ئۇ ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى، پارس تىل ـ ئەدەبىياتى، كلاسسىك ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتىنى ھەمدە ئىسلام تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ ئەينى دەۋرلەردە قوبۇل قىلىنغان ئىدىيىۋى ئېقىملىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، نەتىجىدە بۇ ساھەلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن دائىرىدە تونۇلۇشقا باشلىغان ھەمدە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، ئەمەلىي پائالىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەينى دەۋردىكى رېئال جەمئىيەتنى كۆزەتكەن، كىشىلىك قاراشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغان. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى قەغەز يۈزىدە ئىپادىلەپ؛ ئىجادىي پائالىيەت يولىغا قەدەم قويغان.

مـوللا سـابىر قەشقەردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، يۇرتى يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، تايىبەگ مەدرىـ
سىگە مۇدەررىس بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەدەبىي،
ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. «ناقىس» تەخەللۇسى بىلەن چوڭ ھەجىملىك
شېئىرىي ئەسەرلەرنى ۋە بىر مۇنچىلىغان ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.
بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى «دىۋانى ناقىس»، «بەھىس ھېكمىبەگ»،
«مەۋجۇدۇلقۇلۇب» (قەلبتىكى بارلىقلار)، «نۇللى دىمەن» (مەن تېخى نۇلدە). «نەسىھەتنامە
ئۇنسۇر بەيانى» قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلەر ۋە پارسچىدىن ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلۈپ نەزمە
شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان «گۈلزارى بىنىش» قاتارلىق ئەسەرلەر بولۇپ، ھازىرچە جامائەت
بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىرى، «گۈلزارى بىنىش»، «دىۋانى ناقىس» ۋە بىر دانە تولۇقسىز شېـ
ئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

شائىر ناقىس ھايات چېغىدا، بولۇپمۇ تايىبەگ مەدرىسىدە مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان
چاغلىرىدا ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بىلىم ساھەسى ۋە باشقا ساھەلەرـ
دىن كۆپلىگەن مۇخلىسلىرى بولغان. ئۇ ناھايىتى كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئاددىي ـ سادda،
سەمىمىي، مەرد، مېھماندوست، خۇش چاقچاق، مۇلايىم ۋە توغرا نىيەتلىك بولغانلىقى ئۈـ
چۈن كەڭ تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ،
ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە كۆزقاراشلىرىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق
قىلغان، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەسەرلىرىدە ئەكس
ئەتكەن.

يۇقىرىدىكىلەر شائىر ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدىكى ناھاـ
يىتى ئاز بىر قىسىم پاكىتلىق ماتېرىياللاردۇر. ئۇنىڭ 80 يىللىق ھاياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرى
ئۈستىدىكى ئىزدىنىش كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇق. شۇڭا، شارائىت يار
بەرگەن ئاساستا، پەقەت «دىۋانى ناقىس» تىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ناقىس شېئىرلىـ
رىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا
تۆۋەندىكىچە يۈزەكى تەھلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ناقىس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېما جەھەتتىن ئاساسەن ئىككى نۇقتىغا
يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرى، مۇھەببەت تېمىسى؛ يەنە بىرى، ئىنسانىي پەزىلەت، يەنى،
ئەخلاق تېمىسى. بىرىنچى نۇقتا ناقىس شېئىرلىرىدا ھەجىم جەھەتتىن زور سالماقنى ئىگىلىـ
سىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىن ئىككىنچى نۇقتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇھەببەت تېمىسى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تېما. بۇ تېمىنىڭ مەزمۇن دائىـ
رىسى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىلاھىي مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي
مۇھەببەت، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئىلاھىي مۇھەببەت ئاساسەن دىنىي مىستىكىلىق ئىـ
دىيىۋى خاھىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىنسانىي مۇھەببەت بولسا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى
خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن ھەر بىر كونكرېت شائىرغا نىسبەتەن زامان ۋە ماكان

شارائىتلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن توغرا يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. شائىر ناقىس ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋردىكى تارىخىي شارائىتلارنى تەھلىل قىلىش زۆرۈر.

خېلى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان دۇنياسى تەسەۋۋۇف ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى. جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىمۇ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە بۇ خىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاسارىتىدە بولۇپ، 15 ـ ئەسىرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ۋە بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقان خوجىلار مالىمانچىلىقلىرى بۇ خىل ئاسارەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۈكۈر ـ قانائەت، ئىنساپ ـ ئىتائەتنى بازارغا سالىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي قارىمۇ قارشىلىقنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلغان تەسەۋۋۇف ئىدىيىۋى ئېقىمى بىر يۈرۈش تەركىدۇنياچىلىق كىشىلىك قارىشىنى تەرغىب قىلىدىغان بولغاچقا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بارلىق كىشىلەردە بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك روھىي ھالىتى شەكىللەنگەن، بۇ خىل روھىي ھالەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئەنە شۇنداق روھىي ھالەت ئىنكاسلىرى بويىچە قېلىپلاشقانىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئىجتىمائىي ئاڭ ھادىسىلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. شۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك روھىي ھالىتىگە مەنبە بولغان تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان. ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى ئىلغار پىكىرلەرگە ئىگە ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل خاھىشنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچراتقىلى بولاتتى. ناقىسنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا بۇ خىل خاھىش ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە ئىلگىرىكى شائىرلارنىڭكىگە قارىغاندا نىسبەتەن كۈچلۈكرەك، چۈنكى ئۇ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋر ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپرەك ئىدى.

موللا سابىر بىننى موللا ئابدۇلقادىرنىڭ ھاياتى دەل دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور داۋالغۇشلار بولۇۋاتقان، شىنجاڭدا بولسا ۋەزىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ، بوران ـ چاپقۇنلۇق ۋە تۇراقسىز بولۇپ، مەنىۋى ھاياتتا جاھالەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن يىللاردا ئۆتكەن. گەرچە بۇ دەۋرلەردە بىر قىسىم ئالىم ـ ئەدىبلەر مەنىۋى ھاياتنى جاھالەت ئەسەبىلىكلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلغان ۋە ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىمنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئېقىم ناھايىتى ئاجىز ئىدى. «جاھانگىر خوجا توپىلىڭى»دىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىتلىق مۇقىم ۋەزىيەتنى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» (1847) بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا موللا سابىر دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر. يەنى ــ «ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى» (1857). راشىدىن خوجا باشلىغان كۇچا قوزغىلىڭىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى (1862 ــ 1864)، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي مالىمانچىلىقلىرى (1864 ــ 1877) ــ بۇلارنىڭ

ھەممىسى شىنجاڭغا ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ چىڭ سۇلالىسى يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەبىت بېكىنمىچىلىك سىياسىتى ۋە نادانلاشتۇرۇش سىتراتېگىيىسى ئېغىر پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەسلىدىنلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىۋى خاھىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. چۈنكى ئىجتىمائىي ۋە مىللىي بۆھران ئېغىرلىشىپ خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈچەيگەن، ئەمما چىقىش يولى يوق ئىدى. نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە مەنىۋى ھايات تېخىمۇ چۈشكۈنلۈككە قاراپ يۈزلەندى. شائىرنىڭ پۈتكۈل ھاياتى باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ زېمىن بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا زىچ ئالاقىدار بولغانلىقى ھەقىقەت. چۈنكى ئۆز ئۆزى تۇغۇلغان مۇشۇ زېمىندا، ئانا يۇرتى يېڭىساردا، 1922 ـ يىلى ۋاپات بولدى. دېمەك، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئۇ ياشىغان ئاشۇ قاراڭغۇ يىللارنىڭ قويۇق سايىسى چۈشكەن ھەم بۇ سايە تارىخى ئىزچىللىق ۋە ئەنئەنىۋى ۋارىسلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، مىستىپتىك ئىدىيىۋى خاھىشى سۈپىتىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ناقىس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۇستىدە توختالغاندا بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتىكى ئىلمىي ۋە توغرا پوزىتسىيىدۇر، ئەكسىچە بۇ نۇقتىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىش ناقىس ئىجادىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا ساختىلىق پەيدا قىلىدۇ.

ناقىسنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا زاماندىن زارلىنىش، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش، كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدىن بىزار بولۇش، غەزەپ ـ نەپرەت، دەرد ـ ئەلەم ۋە شىكايەت سادالىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يولى بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت، دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

«چەرخى زالىم مېھرىدىن ئەمىن ئەمەسدۇر بۇ كۆڭۈل،
كىم بولۇپدۇر زەئىفدىن ۋەھشەت بىلە بىرمۇ كۆڭۈل.»
«ئاھكىم دەۋرانىنى سەير ئەتتىم ۋەفاگەر تاپمادىم،
دەۋر ئېلى جەۋرۇ جەفاسىدىن قاچار يەر تاپمادىم.
فىكىر ئىلە جەننەت ئىچىن كەزدىمكى مەھبۇپ ئاختارىپ.
ۋەھكى، ئانداغ خۇب سۇرەت ھۇر پەيكەر تاپمادىم.»
«فانى بولغىل گەر ساڭا تاپماق بەقا مەقسۇددۇر،
يوق بەقا تا بولسە باقى سەندە دەئۋادىن نىشان.»
«ناقىس، ئۆزۈڭنى ئەمدى تۈز، فانى جەھاندىن كۆڭلۈڭ ئۈز.
كەلتۈر خۇدا سارىغە يۈز، باتىل ئېرۇرلەر ماسىۋا.»

بۇ مىسرالاردا شائىر، زاماندا ئادالەت بولمىغانلىقتىن بارلىق ئادەملەردە كۆڭۈل خاتىرجەملىكى يوقالدى. پۈتكۈل جەمئىيەتتە مېھرى ۋاپا تۈگەپ، ھەممە يەر جەبىر ـ جاپا بىلەن تولدى، پەقەت جەننەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك دۇنيادىلا ئادەم كۆزلىگەن ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن ۋە جاھاننىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆڭۈل ئۈزۈش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل

مەزمۇنى ئوچۇق ياكى يېپىق ۋاستىلەر بىلەن بايان قىلىنغان شېئىرلىرى خېلى كۆپ. بۇنداق ئىدىيىۋى خاھىش شائىر ياشىغان ئاشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىچىدىكى مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال قىسمەنلىكتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ناقىس شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ناقىسنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدىكى ئىلاھىي مۇھەببەت كۆيلىرى ئىنسانىي مۇھەببەت تەسۋىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ناقىس شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا ئەينى بىر پىداكار ئاشىقنىڭ خۇددى بىر گۈزەل مەشۇقىنىڭ ئىشقىدا كۆيلەۋاتقانلىقى ھېس قىلىنىدۇ. شائىرنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئومۇمەن ئەنە شۇنداق. بۇنداق شېئىرلاردا ئىنسانغا خاس ھېس — تۇيغۇلار ئۇر-غۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن، بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندا رەڭگارەڭ دۇنياغا، تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل تەشۋىشلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان گۈزەل ئوبرازلارغا بولغان قايىللىق ۋە مەپتۇنلۇق كۆچە-يىدۇ. بۇ بولسا ناقىسنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. تۆۋەندىكى غەزەل ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تىپىك مىسالى:

چۇن جىلۋە قىلدىڭ، ئەي پەرى، يەلپۈندى كاكۇل ھەر تەرەف،
ئۇششاق خەيلى ئىچرە كۆپ چىقتى غۇلاغۇل ھەر تەرەف.
مەجنۇنسە ھەم لەيلىسە، مەھبۇبلار سەرخەيلىسەن،
ئاشىق كۆڭۈلنىڭ مەيلىسەن، قىلدىڭ تەنەززۇل ھەر تەرەف.
باغ ئىچرە ھۇسنۇڭدۇر ئەيان، گۇل ئۇزرە رەڭگىڭدۇر نىھان.
سەندىن چېكەر تۇرلۇك فىغان، باغ ئىچرە بۇلبۇل ھەر تەرەف.
ئارىفكى سەندىن بۇ ئالۇر، ۋەسلىڭ مەيىغە خۇ ئالۇر.
ئاندىن نىشانى ھۇ ئالۇر، كۆرگەچ تەشاكۇل ھەر تەرەف.
كۇيۇڭغە قويدۇم چۇن قەدەم، مېھمانىم ئولدى يۈز ئەلەم،
بىر باقمادىڭ سەن، ئەي سەنەم، ئەيلەپ تەغافۇل ھەر تەرەف.
ئاشىق قانىدىن تۇتتى رەڭ، ھەجرىڭ بىلە چۇن قىلدى جەڭ،
بىر جىلۋەئى شۇخى فەرەڭ تۇتمىش تەماسۇل ھەر تەرەف.
سەن مەھلىقانى بىر كۆرۈپ، باردىم قاشىڭغە تەلمۈرۈپ،
ئاشىقلارىڭ قالدى ئۆلۈپ، قىلغاچ تەۋەككۇل ھەر تەرەف.
غەمزەڭ ماڭا قىلدى غۇلۇ، ئەتكەچ جەمالىڭ ئارزۇ،
ئىككى قاشىڭ ھەم رو بەرو، تۇردى تەقابۇل ھەر تەرەف.
ئادەت مەڭا بولمىش جەفا ھاشاكى كۆز تۇتسام ۋەفا.
مىررىخ ئىرۇر خەنجەر سەڭا، ئەنجۇم جەلاجۇل ھەر تەرەف.
ناقىس كەبى، ئەي شاھى دىن، بىر زەررە ھۇسنۇڭ مېھرىدىن
تۇتمىش يولۇڭ ئىچرە كەمىن، كۆرمەككە مىڭ قۇل ھەر تەرەف.

ناقىسنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا — مەيلى ئۇ ئىلاھىي مۇھەببەت ياكى

ئىنسانىي مۇھەببەت بولسۇن ــ تەنقىدىي رېئالىزم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۆز زامانىسىدىكى نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، بۇ خىل تۈزۈلمىدىن كېلىپ چىققان بارلىق ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە قامچىلاش، ھەم ئەدەب ـ ئەخلاقىقا دالالەت قىلىش ناقىس شېئىرلىرىدا ئۇمۇمىي خاراكتېرلىك ھادىسە. بۇ مەزمۇن ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت (ئەخلاق) توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى تەشكىل قىلغان.

جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن زاماندا نادان، ئەخلاقسىز ئادەملەر ئەتىۋارلىنىپ، بىلىملىك، ئەخلاقلىق ئادەملەرنىڭ خارلىنىدىغانلىقى، ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا كۈلپەت تاشلىرى ياغدىغانلىقى شائىر قەلىمىدە مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن:

كۆرۈڭ، ئەي دوستلار، كىملەر قالىپدۇر ئۇشبۇ دەۋراندا،
مۇنافىق تەخت ئۇستىدە، مۇۋاپىق بارچە زىنداندا.
سەفال ئىبرىق دەما دەم جىلۋە ئەيلەر مىھرى ئەنۋەردەك،
جەمشىي چىنى لوڭقى مۇبتەلادۇر تەھتى خۇمداندا.
سالىپ ئەھلى سەلاھلار تاشقارى مەزمۇندۇر بارى،
دىيانەتسىز ئەدەبسىزلەر مەسەررەت بىرلە خەنداندا.
مەئىشەت تەگىلىكىدىن دەر بەدەر ھەر يەردە دانالار،
ھەمە ئەسبابى ئەيشۇ شادىمانلىغ خەيلى ناداندا.

ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى پۇل ـ مال بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، كەمبەغەللىك گۇناھ ھېسابلىنىپ، كەمستىلىشكە، دەرد ـ ئەلەمگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا شائىر مۇنداق دەيدۇ:

بولماسە ھەر كىشىدە فۇل ئەل دېگۇسىدۇر شەقى، لېك بىر ئالەم ئارا ئەھلى سەئادەت دېگەي،
فەقر ئېلى باشىغە دۇر مۇنچە غەم ئۆزرە ئەلەم. بولسە كىشىنىڭ ئەگەر ئىلكىدە مالۇ دەرەم.

شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتىدا ئەنە شۇنداق قىسمەتلەرگە ئۇچرىغانلىقى، ئۇ مەردلىك، سېخىيلىق ۋە ئالىي ھىممەتلىكنى ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن، قولىدا بار نەرسىلىرنى باشقىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئاقىۋەتتە، ھېچنەرسىسى قالمىغاندا باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكى ئايرىم مىسرالاردا قىسقىچە با. يان قىلىنغان:

نە كەلسە سەرف ئېتىپ ئىلكىم قۇرۇق قالغاچ قاچالار ئەل،
بەلى بۇندىن بۆلەك ناقىس، جەھاندا بارمۇ نۇقسانىم.

شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يوقىرى تەبقە كىشىلىرىگە نەپرەت ۋە تۆۋەن تەبقە كىشىلىرىگە قىزغىن ھېسداشلىق ۋە مۇھەببەت چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ئۇ يەنە بايلىققا مەغ. رۇرلىنىش تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە باشقىلارنى رەنجىتىش ئەخلاقسىزلىقتۇر. كىشى ئەگەر ھىممەتسىز، نامەرد، تەكەببۇر بولسا، ئۇنداق ئادەمنى مۇسۇلمان دېگىلى، ھەتتا ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ:

كۆكۈل ئاۋلاپ كىشى مەسجىدنى بۇزسا مۇسۇلماندۇر ،
كىشىنى ئاغرىتىپ مەسجىد بىنا قىلغاننى تەرسابىل .
فەلەك خۇر شىددەك ئەئلا قىلىپ كەزدۇرسە ھەر كىمنى ،
ئەگەر بولسە تەكەببۇر ، باشىدا كۆن يوق سۇرەيبيا بىل
ساقالۇ مويلەب چىققان بىلە ، ناقىس ، دېمە ئادەم ،
كى ھەر كىم دەھر ئاراھىممەتسىز ئولسە ، ئانى خۇنسا بىل .

كەمبەغەللىك ئەيب ئەمەس ، لېكىن ھىممەتسىزلىك ئەيىبدۇر . شۇڭا كەمبەغەل بولساڭمۇ ھىممەتسىز بولما ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن خارلىنىپ ھىممىتىڭنى يوقاتما . چۈنكى ھىممەتسىزلىك زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەيدۇ ، شائىر :

ئەي زەبۇن ھىممەت ، مەتائى دۇنىنى دەپ بولمە زەلىل ،
پەست ھىممەتلىك زەبۇنلۇقغە ئېرۇر رەۋشەن دەلىل .

ۋە ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلەندۇردۇ :

دىن ساتىپ بۇغداي قوناقغا قونماغىل سەھرا ئارا ،
نەيلەگەيسەن تاڭلا مەھشەر ، دىن ساتىپ دۇنيا ئارا .
شۇمشۇلۇپ قۇچقاچ ، مۇشۇكدەك ھەر كىشىگە سۇر كەشىپ ،
پۇل تاپىپ مەھكەم قىلىپ كۆڭلۈڭ داغى سەۋدا ئارا .
ئۆيگە بۇغداينى كۆمۈپ قەرزىم تولا دەپ لاف ئۇرۇپ ،
دەربە دەردۇرسەنكى ، كىمدۇرسەن كەبى رەسۋا ئارا .
تا قىيامەت تامغاقىڭ نەم بولماغاي ، ئەي ھىلەگەر ،
ئۆمر ئۆتكەرسەڭ بېلىقتەك ھەم ئۇلۇغ دەريا ئارا .
ھەر نەچە ئالدىڭغە كەلسە پۇلۇ مال ئالىپ بولۇپ ،
كۆرمەدىم دەرسەن سالىپ ئۆزۈڭنى تابىنا ئارا .
ئادەت ئولغاچ بۇ ھۈنەر ئەھلى ئەيالىڭغە سېنىڭ ،
تۇرغالى قويماس بىرەر كۈن مەنزىلۇ مەئۋا ئارا .
بۇ جىھەتدىن يوقلۇغۇڭ پەيدا ئارا بېئېتىبار ،
يوقغە ئوخشايدۇر سېنىڭ پەيدالىغىڭ پەيدا ئارا .

شائىر ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن سەللە ـ كۇلاھنى دەسمايە قىلىپ كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ، ئەمگەكچى دېھقانلارنى ئالداپ سىرىيدىغان ، بۇ يولدا ھەرقانداق رەسۋا- چىلىقلاردىن يانمايدىغان سوپى ـ ئىشان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ نەپسانىيەتچىلىك ، ئاچكۆزلۈك ، تەمەخورلۇق قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتكە خىلاپ ناچار ئىل- لەتلىرىنى ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تەنقىدلەپ ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ جامائەت ئارىسىدا ئىناۋىتى بولمايدىغانلىقى ، جەمئىيەتتە ئۆلۈك ـ تىرىكىنىڭ پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتىدۇ . ئۇ يەنە :

بۇ يۇرگەن ئادەمىلەر دوستلۇق ھەققىنى بىلمەسلەر ،
نىچۈككىم بارچەسىنىڭ مۇددەئاسى ئاشۇ ئىلە ناندا .

ئەگەرچە زاھىرى سوفىلىغ ئەيلەر بەزى ئامىلەر ،
ئۇلارنىڭ مەقسەدى تەھقىقلەسەڭ ئەنبارى ئىشتاندا .
خۇداۋەندىم ئۇلارنى ئۆز كەلامىدا دېمىش ھەيۋان ،
بۇ خىسلەتلەر بارى مەھبۇل ئۇچۇن ئەنۋائى ھەيۋاندا .

دېيىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئۆزىنى ئۇستۈن تۇتۇپ يۈرىدىغان بەزى كىشلەرنىڭ ۋە ئۆزىنى پاك ئىنسان دەپ دەۋا قىلىدىغان ئالدامچى سوپىلارنىڭ كىشلەرگە بىلدۈرگەن دوستلۇقىنىڭ ھەقىقىي دوستلۇق ئەمەس ، بەلكى مەقسەت قورساق بېقىش ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ «پاك» لىقىنىڭ تېگىدە رەزىل ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بۇ خىل سۈپەتلەرنىڭ پەقەت ھايۋانلارغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ، بۇنداق سۈپەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان ئادەملەرنىڭ ھايۋان بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى «خۇدانىڭ كەلامى » ئارقىلىق دەلىللەيدۇ .

جەمئىيەتتىكى بىر مۇنچە كىشلەردە بولىدىغان بىلىمسىزلىك مىشچانلىق ، بىكار تەلەپلىك ، خەسىسلىك ۋە نامەردلىك قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتكە مۇخالىپ ئىللەتلەر ۋە بۇ ئىللەتلەرگە نىقاب بولغان ياسانچۇقلۇق ، پوچىلىق ۋە مەمەدانلىق قاتارلىق ناچار ئەخلاقلارنى شائىر تۆۋەندىكىدەك سۈرەتلەيدۇ :

پەيدا بولۇپدۇر بىر مۇنچە نادان ،
مەزلۇمىلاردەك ھەريان خىرامان .
رۇستەم جەسامەت ، ئەمما يېرىم جان .
تىللا مەسەللىك ئالدىدا مىس فۇل ،
مەي شىشەسىدەك بوينى تۈزۈتلۈك ،
خۇرشىد قۇرسى ئالدىدا بىر نان .
پەردازى بىرلە مەگزى قىزارغان .
مىڭ يىلدا بىر فۇل چىقماس قولىدىن ،
گۈلدار دوپپى تاجى مۇرەسسەئ ،
ئاغزىدا لېكىن ئىزھارى ئېھسان .
قۇندۇزى تەلپەك باشىدا قالقان .
ئۇمرىدە ئىچسە بىر كاسەئى چاي ،
دەۋلەت تۇغى دەرچىققان ساقالىن ،
ئەيلەپ پۇشەيمان قىلغاي قىزىل قان .
مېھنەت قاراسى ئاندىن گورىزان .
ناقىس ، يىراق يۈر ئول فىرقەدىنكىم ،
فاخىر لىباسى ئۈستىدە دائىم ،
بولماس دېگەلى ئاخۇن ۋە يان خان .

شائىر ، بۇ خىل يارامسىزلىقلار بىلەن تونۇلغان ئادەملەرنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئاخىرىدا ئۇلارنى ياكى ئەركەك («ئاخۇن» ) ۋە ياكى ئايالى («خان») دېگىلى بولمايدۇ ، دەپ قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ .

يۇقىرىدىكى بىر قاتار مىساللاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، شائىر ناقىس شېئىرلىرىدا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلىشنى ، تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى ئامىسىنىڭ ئىستەك ، غايە ۋە نۇقئىينەزەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ، شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نامۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، دەۋر تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان . بۇنىڭدا ئۇ ئومۇمەن تەنقىد ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆز غايىسىنى ئالغا سۈرگەن . شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى ۋە ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلىك پېرسوناژلارنى ناھايىتى كەم ئۇچرىتىش مۇمكىن . ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا شائىرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ،

بۇمۇ شائىرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان بىر ئامىلدۇر. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئۈمىدۋارلىق، چۈشكۈنلۈك ئىچىدىكى جۇشقۇنلۇق روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ بىر ئومۇمىي قانۇنىيىتى شۇكى ـــ شېئىردا ئوي ـ پىكىر، مەقسەت ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇلماي، بەلكى مەلۇم بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئەكسىچە شائىر نېمە دېمەكچى بولسا شۇنى قاپىيىلىك مىسرالارغا تىزىپ قويسا، ئۇ ھالدا شېئىردا ھېچقانداق سېھرىي كۈچ بولمايدۇ ـ دە، ئۇ قاپىيەلەشتۈرۈلگەن ئادىي سۆز ـ ئىبارىلەر تىزمىسىدىن ئىبارەتلا بولىدۇ. شائىر ناقىس بۇ نۇقتىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان. ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنى (مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنىمۇ) بۇنىڭ ئىسپاتى دېيىشكە بولىدۇ ۋە بۇ شېئىرلاردىن بولمىدى دېگەندە ئىككى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ: بىرى، ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش؛ يەنە بىرى، ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە دالالەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق لوقمان ھەكىمنىڭ «ئەخلاقنى ئەخلاقسىزلاردىن ئۆگەنگىنى» دەك نەتىجىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ناقىس ئومۇمەن ئۆز شېئىرلىرىدا سەلبىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش، باشقىلار تەرىپىدىن بۇ خىل كىشىلەرنى تەنقىد قىلدۇرۇش، ياكى كىشىلەردىكى ئىنسانىي پەزىلەتكە خىلاپ قىلمىشلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىۋى تەسىرىنى كۈچەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ناقىس شېئىرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاشقان.

ئىنسانىي پەزىلەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا شائىر سەلبىي ئوبرازلارنى ھەر خىل ھايۋانلار بىرگە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ سەلبىي ئوبرازلار ئوقۇغۇچىنىڭ نەزەرىدە ئاشۇ ھايۋان بىلەن باراۋەر ئورۇندا بولۇپ سۈرەتلىنىدۇ. ئاندىن بۇ خىل كىشىلەر ئەشۇ ھايۋان تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ، تەنقىدلىنىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىنىدۇ. نەتىجىدە سەلبىي ئوبرازنىڭ خاراكتېرى تولۇق ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئوقۇغۇچىنىڭ نەزەرىدە ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ھېس قىلىنىپ، ئىختىيارسىز ھالدا نەپرەت تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك ئەخلاق تەربىيىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تالانت ۋە ماھارەت ناقىسنىڭ باشقا قىتئەلىرىدە ۋە باشقا شېئىرلىرىدا تولۇق نامايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناقىسنىڭ مەلۇم ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەجۋىي ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا توخۇنىڭ قېرى بۆزۈقنى ئەيىبلىشى ( ـ قىتئە)، بايتالنىڭ قېرى بايغا كىنايىسى (4 ـ قىتئە)، مۈشۈكنىڭ قېرى سوپىغا مەسخىرىسى (5 ـ قىتئە)، ئىتنىڭ رەھىمسىز باينى ئەيىبلىشى (7 ـ قىتئە)، ئىنەكنىڭ بېخىل بايغا نارازىلىقى (8 ـ قىتئە) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ناقىسنىڭ بىر مۇنچە شېئىرلىرى ئىچىدىكى ئايرىم مىسرالاردا بىۋاسىتە ھالدا ئەدەب ـ ئەخلاققا چاقىرىدىغان، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان چاقىرىق ۋە تەلىماتلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىل شېئىرلارنىڭمۇ ئوخشاشلا تەنقىد ئامىللىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋىش مۇمكىن.

باشقىلارغا خالىس ياخشىلىق قىلىش ئىنسانى پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر. لېكىن، ياخشىلىق ئۇچۇنلا ياخشىلىق قايتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يامانلىق ئۇچۇنمۇ غەرەزسىز ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. مانا بۇ مەردلىكتىن ئىبارەت ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى، دەيدۇ شائىر:

ياخشىلىق ئورنىغا قىلماق ياخشىلىق خىسلەت ئەمەس.
ئادەم ئولدۇر كىم ئىشەكدەك بىر - بىرىن قاشلاشماغاي
مەرد ئولساڭ قىل يامانلىق ئورنىغا سەن ياخشىلىق
لېك يۇرمەكدە يولۇڭ ئۆرزە غەرەز قاپلاشماغاي.

ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققىمۇ، — بۇ بىر ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانى گەرچە پرىنسىپسىز مۇرەسسەچىلىكنى تەرغىب قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەملەر ئوتتۇ-رىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشتە، ئۆزئارا نارازىلىقنى تۈگىتىشتە ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشتا بەلگىلىك رولى بار. بۇگۈنكى تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە، يولداشلار ۋە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بۇ ئەخلاق مىزانىنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ناقىس شېئىر-لىرىدا بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنىمۇ خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى، يامانلىققىمۇ ياخشىلىق قىلىش، دەيدىغان تەلىماتنى تېخىمۇ ئاساسلاش ئۇچۇن شائىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەل ۋە فاسىز دەپ كۆكۆل ئۆزمەك جەھاندىن خوب ئە-مەس، كىم ۋە فا سەندىن ئولارغا يەتمەگەچ باردۇر مەلال.» يەنى، باشقىلار ماڭا ياخشىلىق قىلمىدى دەپ جاھاندىن كۆكۆل ئۈزۈۋش، ئەلدىن رەنجىش ياخشى ئەمەس، ئاۋۋال سەندىن باشقىلارغا ۋاپا ۋە ياخشىلىق يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئەلدىن يامانلىق كۆردۈڭ. ئاۋۋال ئەلگە خىزمەت قىل ۋە باشقىلار يامانلىق قىلسىمۇ، سەن ياخشىلىق قىل. شائىر بۇ يەردە كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، ئەل ئۇچۇن خىزمەت قىلىش ئا-خىرقى ھېسابتا ئۆزى ئۇچۇن خىزمەت قىلىش بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئادەملەر ئارا تەڭ باراۋەرلىك جەمئىيەتنىڭ ۋە ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مىزان. جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق بولۇشىنىڭ ۋە شەخسلەر خا-تىرجەملىكىنىڭ ئاساسى. بۇ مىزانغا ئەمەل قىلماسلىق ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس، شائىرنىڭ قارىشىچە تەڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋەتتى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر مەزمۇنى:

خىرەددىن ئەمەس ئەلگە بولماق يامان، ھەۋادىسكى مەخلۇقدۇر گەرچە ئول،
مۇۋاسانى تۇت ئىستەسەڭ گەر ئامان، ئۆزۈڭ خاھلاماي كەلتۇرەلمەس زەمان.

بۇ رۇبائىنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا مەلۇم پەلسەپىۋى پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن. شائىرنىڭ پىكرىچە ھەر قانداق ھادىسە تەقدىر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-نىڭ زاھىر بولۇشىدا ئادەمنىڭ ۋاسىتىچىلىك رولى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل پىكىر

ئەينى زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن تەقدىر ھەممىنى بەلگىلەيدۇ ، دەيدىغان ئادەمنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدىغان ئۈمىدسىزلىك خاھىشىنىڭ ئەكسىچە ، ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ ياكى ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا ، دەيدىغان ئىلغار پەلسەپۋى قاراش ئاساسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر . بۇ ئەھۋال شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ تەرغىباتچىسى ھەم ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق پەلسەپۋى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسرالاردىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن :

باتىنى بولسە قارا ، يۈز ئاقىنى بىلمە سەفا ،
بولماغاي قوي بىلە تەڭ ، گەرچە ئېرۇر ھەم ئاق كالا .
بىلمەسە دىل ئىشىنى ھەر يۈزى ئاق گۈلچېھرەئى ،
ئىككى ئالەمدە ئانىڭدەك يوق ئېرۇر كۆڭلى قارا .

بۇنىڭدا شائىر شەيئىنىڭ ماھىيىتى ، شەيئىنىڭ مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىدەك پەلسەپۋى قائىدىنى ئاددىي ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يەنە بىر مەزمۇنىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .

ئۆزئارا ئىشەنچ ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى . كىشىلىك جەمئىيەتتە ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە پىكىر ئورتاقلىقى بولۇشى كېرەك . بۇ خىل ئىشەنچ ۋە پىكىر ئورتاقلىقى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ، مەسلىھەت كېڭەش ، ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش قاتارلىق دېموكراتىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . بۇ مەزمۇن شائىرنىڭ تۆۋەندىكىدەك دېموكراتىك ئىدىيە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسرالىرىغا ئىخچاملانغان :

ۋەلى بولساڭمۇ ، ئىشنى يارىڭ ئالدىغە سالىپ قىلغىل ،
پەيەمبەر ھەم قىلىپدۇر مەسلىھەت ئەسھابلار بىرلە .

بۇ مىسرالار يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان تەڭ باراۋەرلىك توغرىسىدىكى مىسرالار بىلەن قوشۇلۇپ ناقىسنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ .

شائىرنىڭ ئىلىم مەرىپەت توغرىسىدىكى مىسرالىرىمۇ ناقىس شېئىرلىرىدا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئىلىم – بىلىمنىڭ پايدىسى بىلىمسىزلىكنىڭ زىيانلىرى ، بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئۇسۇللىرى ، ئىلىم مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى ھەم ئىلىم – بىلىمنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مىسرالىرى ناھايىتى كۆپ . گەرچە سىستېمىلىق ۋە مەخسۇس تېمىدا بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇنداق مەزمۇنلارنى ئۇنىڭ بارلىق غەزەللىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ . بۇ تەرەپ ناقىسنىڭ ئىدىيۋى خاھىشىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى .

تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى شېئىرلار شائىرنىڭ ئىدىيۋى خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئامىل . ئۇنىڭ :

ياغىپ ئالەمگە تەگىرى رەھمەتى بىرنەچچە كۈن يەكسان .
جەھاندا قالمادى نەم بولماغان ئەنجرۇ يا خىرمان .

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىدە ياموغۇردىن كېيىنكى تەبىئەت مەنزىرىسى ئىنچىكىلىك بى-

لەن تەسۋىرلىنىپ، بۇنىڭدىن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتلىك ئۇقۇم شەرھىلەپ بېرىلگەن، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىدەك دىئالېكتىكىلىق قائىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىرنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى بىلىمىمۇ خېلى مول بولۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ھەققىدىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىنى ئون ئىككى مۇقامغا بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق كۆيلىگەن بىرقانچە غەزەللىرى بار. بۇ غەزەللەردىن شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇغەننى چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەس[illegible].
ساچىپ ئەربابى مەئنى لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە،

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلى ئەنە شۇنداق غەزەللەرنىڭ بىرى.

يۇقىرىدىكىلەر ناقىس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدىكى قىسمەن چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەھلىللەر، تەبىئىيكى، بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ناقىس شېئىرلىرى بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ خىل ئۆزگىچىلىك ئالدى بىلەن شېئىرنىڭ تىلىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ناقىس ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تىل سەنئىتى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا چاغاتاي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلىنغان. ناقىس شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى مول بىلىمىنى، سۆز ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ناقىس ئەسىرلەردىن بۇيان قېلىپلىشىپ كەلگەن چاغاتاي تىلى تەركىبىدىكى ئەرەب - پارس ئىبارىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان بولسا، ئۆز ئانا تىلىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ شېئىرلىرىنى جانلىقلىققا ئىگە قىلغان. ناقىس شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئەرەب - پارس ئىبارىلىرى بىلەن ئەپچىل بىرىكتۈرۈلۈپ، چاغاتاي شېئىرىي تىلى يەنە بىر قېتىم ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان ۋە بۇ جەھەتتە ناقىس ئۆزىدىن ئىلگىرىكى شائىرلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ كەتكەن.

دىۋانى ناقىسنىڭ تىلى ناھايىتى سەنئەتلىك تىل بولۇپ، بۇ خىل تىل سەنئىتى شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنىڭ تولۇق نامايەندىسى. ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا بۇ خىل تالانت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ناقىس مۇھەببەتتىن ئىبارەت بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بۇ تېمىدا ئاجايىپ مىسرالارنى تىزىپ، نۇرغۇنلىغان لىرىك غەزەللەرنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ غەزەللىرىدە كونكرېت بىرەر شەخس تىلغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي ھادىسە ئابستراكسىيىلەشتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە قىلىنىدۇ. يەنى، ئىنسان سۆيۈشى ۋە سۆيۈلۈشى كېرەك، مۇھەببەتسىز ئادەم ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن مەھرۇم ئادەمدۇر، ئادەمدە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي پەزىلەت بولغاندىلا، ئاندىن ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق باشقا پەزىلەتلەر — گۈزەللىك، گۈزەل ئەخلاق، مەردلىك، ھىممەت،

چىدام ـ غەيرەت ، پىداكارلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بولىدۇ . شۇڭا شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا مەشۇقىنى خىلمۇ خىل تەسۋىرلەيدۇ ، ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا بولغان ئىشقىنىمۇ تۈرلۈك شەكىللەردە كۈيلەيدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى شائىر دۇنيادا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن ئاشىقلار نامىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن بارلىق مەشۇقلارنى كۈيلەيدۇ .

ناقىس شېئىرلىرىدا مۇھەممەت تېمىسى گۈزەل ئوخشىتىش رەڭدار تەسۋىر ، تەڭداشسىز مۇبالىغە ، شېرىن ئارزۇ ، مۇڭلۇق زار ، نازۇك ھېس ، يالقۇنلۇق تۇيغۇلارنىڭ ۋاستىسىدە تېخىمۇ نۇرلارنىدۇرۇلغان .

ناقىس شېئىر ئۇسلۇب جەھەتتە ئىلگىرىكى شائىرلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرگەن ، بۇنىڭغا شائىرنىڭ لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ . ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا شەكىلداش سۆزلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان . بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق شېئىرنىڭ جەلىبكارلىقى ئاشۇرۇلغان ، مەسىلەن :

بەزمىمە چۈن يار چىرلايدۇر كۆرۈپ سارغارماغىم ،
تاڭ ئەمەس بارماغدا بارماغ تىشلەبان يالبارماغىم .
يار ئەيلەپ ئىمتەھان كۆكسۈمنى يارماغ ئىستەدى ،
داغلار كۆرگەچ دېدىم : ۋەسلىڭ بەھاسى يارماغىم .

بۇ تۆت مىسرانىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى بىرىنچى بارماغ ( «بارماغدا» ) «بېرىش» مەنىسىدە بولۇپ ، ئىككىنچى بارماغ قول بارمىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۈچىنچى مىسرادىكى يارماغ «يېرىش» نى ، تۆتىنچى مىسرادىكى يارماغ ( «يارماغىم» ) بولسا ياماق ( پۇل ) نى كۆرسىتىدۇ . يەنە :

كۆمۈردەك كۆيۈك ناننى بەردىڭ ماڭا ، ئەگەر مىننەت ئەتسەڭ ئۆزۈڭئوق كۆمۈر .

بۇنىڭدا ، بىرىنچى مىسرادىكى كۆمۈر يېقىلغۇ ( كۆمۈر ) نى ، ئىككىنچى مىسرادىكى كۆمۈر بولسا غاجىلاش ، كېمىرىشنى كۆرسىتىدۇ ، يەنە :

نەھاجەت ساڭا مۇنچە ئاقساقلاماق ، مېنى ئاچ قويۇپ ئاچقە ئاق ساقلاتىپ .

بۇنىڭدا ، بىرىنچى مىسرادىكى ئاقساقلاش ( ئاقساقلاماق ) توكۇر ئادەمنىڭ مېڭىشىنى بىلدۈرسە ، ئىككىنچى مىسرادىكى ئاقساقلاش ( «ئاق ساقلاتىپ» ) بولسا ، ئاقنى ( سۈتنى ) ساقلاشنى بىلدۈرىدۇ . مۇشۇكنىڭ قېرى سوپىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ھەققىدىكى قىتئەدىمۇ بۇ خىل ئەپچىل سۆز ئويۇنى ئارقىلىق شېئىرنىڭ مەسخىرىلىك تەسىرى كۈچەيتىلىپ ، تەربىيىۋى رولى ئاشۇرۇلغان . بۇ خىل شېئىرى شەكىل كلاسسىك شېئىرىيەتتە ۋە بۈگۈنكى شېئىرىيەتتىمۇ كەم ئۇچرايدۇ . ئاللايارنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ خىل شەكىل كۆپرەك بولسىمۇ ، ناقىس شېئىرلىرىدا بۇ خىل شەكىل ئۆزگىچىلىككە ئىگە ، ئالليار شېئىرىنىڭ ئىدىيىۋى

خاراكتېرى نەسھەتگۇيلۇق بولسا، ناقىس بۇ خىل شەكىلنى تەنقىدنىڭ ئۆتكۈر قورالى قىلغان.

ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە (ھۇرۇفى ھىجا) بىلەن كەلگەن قاپىيە ۋە رادىفلار بىلەن يېزىلغان شېئىرلار ناقىس ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل مۇنتىزىم شېئىرى شەكىلمۇ باشقىلاردا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ، ناقىسنىڭ بەدىئىي جەھەتتە پىشقان ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، شېئىرىيەتتە ئۆزگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناقىسنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە باشلانغان مىسرالار بىلەن يېزىلغان غەزەللىرى ۋە بىر مىسراسى ئۇيغۇرچە، يەنە بىر مىسراسى ئەرەبچە سۆزلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ يېزىلغان غەزەللىرىمۇ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكنىڭ دەلىلى.

يۇقىرىدىكىلەر ناقىس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى قىسمەن ۋە يۈزەكى تەھلىللەر. بۇ تەھلىللەر ئارقىلىق شائىر توغرىسىدا بىر قەدەر مۇۋاپىق ۋە توغرا يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقىشقا بولىدۇ.

مۇللا سابىر بىننى موللا ئابدۇقادىر پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئەخلاق توغرىسىدا ئىلغار ۋە بىر قەدەر يېڭىچە تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ھېسسىداشلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەر ئىدىيىسىنى نامايان قىلغان. باشتىن ـ ئاخىر تەنقىد ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ رېئال جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلغان ۋە تەنقىدلىگەن، شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەسكىن تەنقىدىي رېئالىزم نەمۇنىلىرىنى جارىي قىلدۇرغان ۋە يېڭىلىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، مەزمۇن جەھەتتە ئەنئەنىۋى ۋاستىلەر ئارقىلىق يېڭى دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

قىسقىسى، ناقىس بىر مەرىپەتۇەر ئالىم، ئىنسانپەرۋەر، جەمئىيەتشۇناس، ئەخلاقشۇناس ۋە ئىلغار تەنقىدىي رېئالىزمچى شائىردۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تارىخىي ئىزچىللىق بىلەن يېڭىچە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى بولغان ناقىسنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات كەلگۈسىدە يەنىمۇ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ھالدا ناقىس توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈن تېخىمۇ تولۇق ۋە تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

# مەتەك پالۋان

( لوپنۇر خەلق داستانى )

**تولۇپلاپ رەتلىگۈچىدىن :** بۇ داستاننىڭ بىر قىسمىنى لوپنۇر چوڭكۆللۈك تونۇلغان قوشاقچى مەھەممەت تاھىر ئاكا 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ( شۇ چاغدا 82 ياشتا ئىدى ) ئېيتىپ بەرگەنىدى . قالغان تولۇقلىمىسىنى كورلا شەھەرلىك يېمەكلىكەر شىركىتىنىڭ خۇرا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى روزى داۋۇت (ئەسلى لوپنۇر دۆڭقۇتانلىق ) 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېيتىپ بەرگەن . داستان ئەينى يىللىرىلا رەتلىنىپ بولۇنغان بولسىمۇ ، نەشرگە بەرمىگەنىدىم . چۈنكى ، داستاندا مەتەك پالۋاننىڭ ئېغىر تېرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىنىش ئۈچۈن يونۇس ۋاڭ ۋاقتىدا تۇرپانغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ . ئىزدىنىش ۋە ماتېرىيال كۆرۈش ئارقىلىق بۇنى پەقەت يېقىندىلا ئېنىقلىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم . ئىمىن خۇجىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان يونۇس 1812 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1815 ـ يىلغىچە ئۈچ يىللا ۋاڭ بولغان . دېمەك داستاننى 1812 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، 1820 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا توقۇلغان ، دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ .

داستاندا ئىككى ئەۋلاد تۆت كىشىنىڭ ( مەتەك پالۋان ۋە ئۇنىڭ دادىسى ـ ئانىسىنىڭ ھەم قېيىن ئاتىسىنىڭ ) ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ . داستاننى ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغىنىدىن ئېيتىشىچە ، مەتەك پالۋان ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەينى چاغدىكى قوشاقچى مەھەممەت ئاخۇنغا سۆزلەپ بەرگەن . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەھەللىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا قوشاق ئېيتىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن . مەھەممەت قوشاقچى ئوتتۇرىغا بىر ئولاقنى قويۇپ . ئۆزى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېمە تىرىگەن ھەرىكەت ھالىتىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ بۇ داستاننى ئېيتقان ، داستان ئېيتىلىپ مەلۇم نۇقتىغا كەلگەندە ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر داستانچىغا ئالقىش ـ بارىكاللا ياغدۇراتقان ھەم ئۇنىڭ «كېمە» سىگە پۇل ـ تەڭگىلەرنى تاشلىغان . مەھمەت قوشاقچى مەھەللىداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي ، ئۇلارنىڭ پۇل ـ تەڭگە تاشلىغانلىقىنى داستاننىڭ قىممىتىنى پۇل ـ تەڭگە تەڭ قىلدى ، دەپ ئويلاپ قېلىپ ، راۋان ئېيتىلىۋاتقان داستاننى توختىتىپ ، يۇرتداشلىرىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئىككى كۈپلېت قوشاق ئېيتىپلا ئولىقىنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن چىقىپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن داستاننىڭ مەتەك پالۋاننىڭ تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھايات كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدىغان قىسمى ئېيتىلمايلا قالغان .

داستاندا ئاتا ـ بالا دېگۈدەك تۆت كىشىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەينى زامانغا ، ھاياتقا ، ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىگە ، ھاكىمدارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئىنتايىن ئۆتكۈر ، ئوبرازلىق تىل ـ مىسرالار بىلەن روشەن ئىپادىلىگەن . داستانچى يۇقىرىقى تەرەپلەرگە بولغان ئۆزىنىڭ ھېسسىيات قاراشلىرىنى بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن پېرسوناژلار ھېسسىياتىغا ، جۈملىدىن داستانغا سىڭدۈرۈۋەتكەن . داستاندا ۋەقە بايانى بىلەن

ھېسسىيات بايانى لىرىك چېكىنىش ئۇستىلىق بىلەن بىرىكتۈرۈۋېتىلگەن. مەتەك پالۋاننىڭ قېيىن ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ئەپسانە، چۆچەكلەردىلا ئۇچرايدىغان ئاجايىپ غارايىپلىق ۋە سېھىر، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسيەتلىرى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى روھىيىتىنىڭ غايىۋى ئىرادىسى چوڭقۇر، كۈچلۈك پەلسەپىۋى مەنىدارلىققا ئىگە بولۇپ، بەكمۇ تەسىرلىك.

ئاخىرىدا مەن داستان تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە مەسىلىنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سېلىپ قويۇشنى زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

1. داستان بۇنىڭدىن 170 يىل بۇرۇن توقۇلغان بولسىمۇ، ئەمما داستاننىڭ تىلى ۋە مىسرا ــ كۇپلېتلار قۇرۇلمىسى جەھەتتە لوپنۇرنىڭ ئەنئەنىۋى قوشاقلىرىدىكى ئالاھىدە خاسلىق خېلىلا سۇس. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، داستاننىڭ كۆپرەك قىسمىنى ئېيتىپ بەرگەن روزى داۋۇت 1950 ــ يىلى لوپنۇردىن كورلىغا كېلىپ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى بولغاندىن تارتىپ كورلىلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆتۈش جەريانىدا ئۇنىڭ تىلىدىكى لوپنۇر دىئالېكتىغا خاس ئامىللار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاجىزلاشقان. ئۇ داستاننى ئاخشام ــ كەچلىرى ئىشچىلارغا ھەر قېتىم ئېيتىپ بەرگەندە ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىمەن دەپ، داستان تىلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەم ھەر قېتىم ‹ يېڭى تىل › بىلەن ئېيتقانسېرى، ‹ يېڭىسى › غا ئادەتلىنىپ قېلىپ، داستاننىڭ لوپنۇر دىئالېكتىغا خاس ئەسلى تىلىنى ھەتتا مىسرا، كۇپلېتلارنىڭ ئەنئەنىۋى جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. لوپنۇر دىئالېكتى ۋە لوپنۇرنىڭ ئەنئەنىۋى قوشاقلىرىنىڭ تىلى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن تونۇشلۇق كىشىلەر داستاندىكى بۇ ھالەتنى سېزىۋالالايدۇ.

2. لوپنۇر دىئالېكتىدا تاۋۇشلارنىڭ بولۇپمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك بولۇپ، لەۋلەشكەن تاۋۇشلار بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەر تۈرلەنگەندە، ئاخىرقى ئۇزۇك تاۋۇشقا لەۋلەشكەن تاۋۇش قوشۇلىدۇ. ( كۈن ــ كۈنۈ، يۇرت ــ يۇرتۇ، قول ــ قولۇ ... )

3. لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى « نىڭ » نىڭ ئورنىغا « نى » قوشۇمچىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭغا داستاننىڭ ئۆزىدىن مىسال ئالايلى: بېزنى دارىن ( بىزنىڭ دارىن ) قانى قاچىپ سىنىسى ( قېنى قېچىپ چىرايىنىڭ )، كەمبەغەلنى كۆز ياشى ( كەمبەغەلنىڭ كۆز يېشى ) دېگەنگە ئوخشاش. تۆۋەندە داستان تېكىستىنى مۇشتىرىلارغا ھاۋالە قىلىمەن.

مېنى ئاتىم مەتەك پولگەن،
پولگانلىقتا ① تونۇلغان.
ئات ــ جۇنۇمنۇ سوراساڭ،
ئولۇغكۆلدە تۇغۇلغان.
ئاتامنى ئاتى بۇللا،
ئانام ئاتى ئايقۇلخان.

ئاتامنى ئۆمرۈ ئۆتكەن،
تارىم بويۇنۇ بويلاپ.
ئۆيگە كەلمەي ھەپتە، كۈن،
جاڭگاللاردا ئوۋ ئوۋلاپ.
مالى بولسا ② كېلەتتى،

① پولگان ــ لوپنۇر شېۋىسىدە «پالۋان، ئوۋچى» دېگەن مەنىدە.
② مالى بولسا ــ تۇتقان ئوۋماللىرى بولسا، دېمەكچى.

يىراقتىن قوشۇق ① توۋلاپ .

ئاتامغا مىراس قاپتۇ ،
بوۋامىزدىن يوقسۇللۇق .
بايغا تۇرۇپ چاكارلىق ،
جان باقىپتۇ ئۇدۇللۇق .
ئىشلىسىمۇ يىل بويۇ ،
بولالماپتۇ بىر پۇللۇق .

ئاتام ئونبەش ياشىدا ،
باي قويۇنۇ باقىپتۇ .
ئۆيگە كەلمەي ياز بويۇ ،
جاڭگاللاردا ياتىپتۇ .
جاپانى ئاتام تارتىپ ،
ياغىدا باي ئاقىپتۇ .

بەرمەك چاغدا ھەققىنى ،
قىلادىكەن ساختىلىق .
بەرگەن يىلەك كۆڭلەكى ،
بولادىكى پاختىلىق .
ئۈچ ۋاقلىققا ھىسابلاپ ،
بەرگەن نىنى ناشتىلىق .

تارتقان جاپاسى قاپتۇ ،
بايغا بەش يىل قوي باقىپ .
قويۇلۇپتۇ تارىمغا ،
كۆزىدىن قان ، ياش ئاقىپ .
خوجاملارغا داد ئىيتسا
قوغلاشىپتۇ تاش ئاتىپ .

قادىر ئىگەم ، خۇدايا ،
بايلارىڭغا ئىنساپ بەر .
ئۇلارغا سۇ بولماسۇن ،
كەمبەغەلدىن ئاققان تەر .

شۇلارنىڭلا بولامدۇ ،
سەن ياراتقان بايلىق ، يەر .

ئاتامغا كۆن ئالماققا ،
بولماي زادى ئامالى .
يۇرتتۇن چىقىپ كىتىپتۇ ،
باينى تۇتسۇن ئۇۋالى .
بۇ ئالەمدە بولارمۇ ،
زالىملىقنىڭ زاۋالى ؟!

ئاتام ئۇزاق ماڭىپتۇ ،
تارىم بويىلاپ ئۇستۇنگە .
ئالغان چوقا پوكالى ② ،
يىتىپ ئاران بىر كۆنگە .
ئاچلىقتا باش قويۇپتۇ ،
يىرىم جانلىق ئۆلۈمگە ③ .

ئاتام ئاچسا كۆزۈنۇ ،
ياتقىدەك بىر ساتمىدا .
بومبۇر ساقال بىر ئادەم ،
ئولتۇرغىدەك يانىدا .
ئاستىدا تىرە كۆرپە ،
پاخال تۇرمەل باشىدا .

ئۇۋچى ئىكەن ئاتامدەك ،
يۇرتۇدۇن چىقىپ كەتكەن .
تارىم بويۇ جاڭگالنى ،
پاناھلىق ماكان ئەتكەن .
ھەمراھ ئىكەن بىر قىزى ،
ئاتى ئايقۇل ، بوي يەتكەن .

بىر ـ بىرىگە سۆزلەپتۇ ،
كۆنلەرنى بايانلاپ .

---

① قوشۇق ـ قوشاق .
② چوقا پوشكالى ــ كۆمەچ نان .
③ يىرىم جانلىق ئۆلۈم ــ ھوشىدىن كەتمەك .

بوۋاي دەيتۇ : ئەي ئوغلۇم ،
ياراتقاندۇ ھېسابلاپ .
بىزگە نېمە قويۇپتۇ ،
ئادەملەردىن يامانلاپ .

بۇ دۇنيانى ئىگەمىز
ياراتىپتۇ ئېگىز ـ پەس .
بەگ ـ بايلارغا كۆنلەر كەڭ .
بىزدەكلەرگە تار قەپەس .
كۆلسەك غەملىك كۆلەمىز ،
چۈشۈمىزمۇ چۈش ئەمەس .

بوۋاي دەيتۇ ئاتامغا ،
كەتمە ، بىزدە تۇرۇپ قال .
ئاتا ـ بالا بولايلى ،
ماڭا ئوغۇل بولۇپ قال .
پولگانلىق ھۈنەرىمنى ،
ئۆگەنىپ قولۇڭغا ئال .

ئاتام ئۇزاق ئويلاشىپ ،
بىلدۈرۈپتۇ ماقۇللۇق .
تارىم قىزى ئايقۇلغا ،
بولۇپ قاپتۇ مۇرۇللۇغ ①.
ئۈۋچى بوۋاي خۇش ئىكەن ،
بولغانىغا ئوغۇللۇق .

*

تولا كەزدىم ئۇلۇغ تارىم بويىنى ،
چاكارلىقتا بېقىپ باينى قويىنى .
تولا ـ تولا شىرىن ـ تاتلىق چۈش كۆردۈم .
باي بولۇپمەن ئېچىپ تىلسىم سىرىنى .

چۈشلەرىمنى كۆرسەم دەيمەن ئوڭۇمدا ،
قىزىلگۈلۈم كۆلۈپ تۇرسا يولۇمدا .
چاكارلىقتا يۈرمەس ئىدىم قۇل بولۇپ ،
قويۇم بولسا ، پۇلۇم بولسا قولۇمدا .

رەھمى كېلىپ قالغانمىكىن ئاللانىڭ ،
مەندەك ئۈممەتىگە رەسۇلىللانىڭ .
چاكارلىقتا ھايۋان ئوخشاش خورلانغان،
ئاھى كۆككە يېتىپ يېتىم بۇللانىڭ .

ماڭغانىدىم سەپەر سالىپ غودايغا ②،
ئۇچراشتۇردى يولدا ئۈۋچى بوۋايغا .
يالغۇز يېتىم باشىم بىر جۈپ قۇش بولدۇ ،
ئېرىشتىم مەن قىزىلگۈلۈم ـ ئايقۇلغا .

*

سەھەر ۋاقتا چۇ ـ چۇلايدۇ تورغايلار ،
دېگەن ئوخشاش : ئۇخلاماڭلار ، تۇرغايلار .
كېچە كەتتى ، چولپان تۇغۇپ تاڭ ئاتتى .
غەپلەتلىكنى خۇدا ـ ئىگەم ئۇرغايلار .

ئۇلۇغ تارىم دولقۇنلانىپ ئاقادۇ ؛
دولقۇنۇنۇ قىيىرىغا ③ ياقادۇ .
مەن كەتكەندە بوۋاي بىلەن ئوۋلاشقا ،
ئايقۇل گۈلۈم قويلارىنى باقادۇ .

كەڭرى ئىكەن ئانا تارىم قۇچاقى ،
ماڭا پاناھ بولىدۇ قۇيۇق توغراقى .
يازدا ئوتتەك كۈن كۆيۈكۈ كۆرمەدىم ،
چاقالمادى قىشنىڭ ئاچچىق قىيناقى .

بوۋاي مەنى ئۇلۇغ سۇغا چۈمدۈردى ،
يېتىم ، سونۇق دىل ، باغرىمنى كۈلدۈردى .
يەنە يېتىم قالدىم ، ئىگەم ، خۇدايا ،
ئۇنى كۆزۈن ئاچماسلىقتا يۇمدۇردى .

① مۇرۇللۇغ ــ باغلىنىپ قېلىش .
② غوداي ــ جاي نامى .
③ قىيىر ــ دەريا ياداڭلىقى بىلەن سۇ ئېقىنى ئارىلىقىدىكى يالپاڭ يەر .

بوۋاي ماڭا ئۇگەتتى ئۇۋ قىلىشنى ،
چاتقاللىقتا تىكەن قايرىپ مېڭىشنى .
ماڭا قانات يايتى ئاتا ـ ئانامدەك ،
ئۇنتۇمادىم دۇئاسىنى ئېلىشنى .

دۇئاسىدا دېدى : يۇرتقا كېتىڭلار ،
جېنىڭلارنى ئەل بىلەن جان ئېتىڭلار .
سۇقسۇرىڭمۇ ① ، غازىڭمۇ بار ئۆز تويى ،
سىلەرمۇ ئۆز خىلىڭلارنى تېپىڭلار .

ئۆلسەم مەنى قويۇڭلار ئۆز سانىمغا ،
ياقىن ياتاي ئانا دەريا تارىمغا .
مەتەك تايىنى ئۆزۈك ئوخشاش پولگان قىل ،
ئوبدان پاناھ بولغىن قىزىم ئايىمغان .

بوۋاي كەتتى ، قالدۇق يەنە ئۈچ بولۇپ ،
ئوغلۇم مەتەك ماڭا يانداق كۈچ بولۇپ .
ياشىماسۇن چاكار بولۇپ قۇللۇقتا ،
ئۆتسۇن دەيمەن بەگ ، بايلارغا ئۆچ بولۇپ

*

ياغىر قىلدى پۇتلارنى ،
قۇكۇچاق بىلەن چاچاق .
جاڭگاللاردا تەس بولدۇ ،
يالغۇزلۇقتا جان باقماق .
بۇللا ئۇزاق ئويلاپتۇ ،
ئۆزىگە قويۇپ سوراق .

شامال كەلسە ئىرغانىپ ،
توزۇپ كېتەر كامپاشى ②
تولا قىلىپ خىيالنى ،
قاتىپتۇ ئۇنىڭ باشى .
بۇ ئالەمدە بولارمۇ ،
كەمبەغەلنىڭ قاياشى .

تۇتقان ئۇۋلۇق مالنى .
تېگىشمەككە ئاشلىققا .
ئالىپ بارىپ بازارغا .
ئۇچراپ قاپتۇ چاچلىققا ③
تارتىپ ئاپتۇ كېرەك دەپ ،
بىزنى دارىن باشلىققا .

قانى قاچىپ سىنىنى ④ ،
دېگەنىگە پۇلۇنۇ .

ئىككى چاچلىق ئۇرۇپتۇ ،
تۇتۇۋاپتۇ قولۇنۇ .
كىم توغرىلاپ قويغاندۇ ،
بىزگە سال دەپ يولۇنۇ .

شۇنداقمۇدۇ پۇتۇكتە ،
بىزنى خارلىق ياراتىپ .
بىزما تۇرساق بەندەسى ،
خوجاملارغا قاراتىپ .
نېمە قىلسا مەيلىمۇ ،
گۇناھنى بىزگە ئارتىپ .

ئۇرۇپ ، دەسسەپ كېتىپدۇ ،
تارتىۋالىپ مالنى .
كوچادا ياتىپ قاپتۇ ،
كىم سورايدۇ ھالنى .
شۇنداق قاتتىق سوققانمۇ ،
ئاياغىنى نالىنى ،

بۇ يىللا قۇرۇپ قاپتۇ ،
مەلەمىزدىكى داشى ⑤ .
ئەجەپما قۇرۇمايدۇ ،
كەمبەغەلنى كۆز ياشى .

---

① سۇقسۇر — بىر خىل قۇش نامى .
② كامپاشى — قۇمۇشنىڭ پۇپۇكى .
③ چاچلىق — چىڭ سۇلالىسى ئادەملىرى .
④ سىن — يۈز ، چىراي
⑤ داشى — شورلۇق زەيكەش كۆلچەك .

تېگىپ تۇرادۇ باشقا ،
زورلارنىڭ زۇلۇم تاشى .

بەگلەر قالىپ بەك بىلەن ،
يۇرتنى سورار غالچاسى .
باشىمىزدىن كەتمەيدۇ ،
ئۇزۇن ، قىزىلىق قامچاسى .
يۇرتمۇ تار كېلىپ قالدى ،
ئۇزار غاچقا ئالچاسى ① .

دەريانى تاشقىن قىلغان ،
يامغۇر بىلەن قار ئىكەن .
بەندەلەر ئاراسىدا ،
ياخشىلارمۇ بار ئىكەن .
بىر ـ بىرىگە سايىلىق ،
كۆڭۈللەرى يار ئىكەن .

ئاپئاق ساقال بىر ئادەم ،
ئىچ ئاغرىتىپ بۇللاغا .
دەپتۇ : ئۇچراپ قالدىڭ سەن ،
قارنى تويماس بالاغا .
زامانى بۇ زورلارنىڭ ،
كۈن يوق بىزدەك پۇخراغا .

تۇرغانلارغا قاناقا ② ،
بىر ـ بىر قاراپ قويۇپتۇ .
كۆردۇكلارمۇ تاماشا ،
دېمەكچىدەك بولۇپتۇ .
تۇرغانلارمۇ چوڭ تىنىپ ،
يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ .

بۇللانى ئۆز ئۆيىگە ،
بوۋاي باشلاپ كېتىپتۇ .

قورساقىغا نان بېرىپ ،
جانىغا جان قېتىپتۇ .
بۇللا كەچمىش كۈننى ،
بايان ئېتىپ بېرىپتۇ .

«بىز ئەجەپ خەق بوپ قالدۇق ،
قۇم ، قوناقتەك چېچىلغاق .
ئۇ جۇداق ، بۇيانلا ③ دەپ ،
ماجرالاشىپ قېرىشقاق .
ئىشلارىمىز ئوڭاتتى .
بولساق ئۇيۇل ، يېپىشقاق .

تارتقۇلۇقنى تارتىپسەن ،
مەنىدىنمۇ زىيادە .
تۇرالغۇڭ بەك يىراقتا ،
يەتمەكىڭ تەس پىيادە .
ساڭا بېرەي بىر ئىشەك ،
بۇ بىزگە بىر ئىرادە .

كۈنلەرى كۆپ خۇدانىڭ ،
بىر كۈنلەرى بېرەرسەن .
مەيلى قالساڭ بېرەلمەي ،
ساۋابىنى كۆرەرمەن .
سەنمۇ ئاجىز ، نامراتسەن ،
جان ئايامای ئۆتەرسەن . »

* *

يىللار ئۆتۈپ بۇللانىڭ ،
باشىغا ئاق چالىپتۇ ④ .
كېسەل چاقىپ ئايىقۇلنى ،
ماغدۇرىدىن قالىپتۇ .

---

① ئالچاسى ـــ چاترىقى .
② قاناقا ـــ بوۋا ، بوۋاي ، مۆيىسىپىت .
③ جۇداق ، يانلار ـــ لوپنۇردىكى قەبىلىلەرنىڭ نامى .
④ ئاق چالىپ ـــ ئاق كىرىپ .

مەتەك تايمۇ ئۇنبەشنىڭ.
قارىسنى ئالپتۇ.

جاڭگالدا تېۋۈپ بولماي،
كېسەلى ئاغىرلاشىپ.
ئايقۇلخان كۆز يۇمۇپتۇ.
جان بىلەن ۋىدالاشىپ،
ئاتاسىغا ھەمراھلىق،
ياتىپتۇ قاتارلاشىپ.

بۇللانى غەم باسىپتۇ،
بىر قاناتى قايرىلىپ.
مەتەك يېتىم قالپتۇ،
ئاناسىدىن ئايرىلىپ.
يەلكەسى ئاغىرلاپتۇ،
ئانا يۈكى ئارتىلىپ.

كىچىك تۇرۇپ مەتەكتاي،
بىلىۋاپتۇ ئۇۋلاشنى.
كونا ــ يېڭى ئىزلارنى،
پەرق ئېتىشنى، ئىزلاشنى.
ئارقاسىدىن ئىز باسىپ،
شەپە بەرمەي قوغلاشنى.

بەكمۇ ئۆتكۈر ئاڭلاشتا،
جەگرەن، كىيىك قۇلاقى.
يىراقتىنلا سىزەدۇ.
بولسا ئادەم پۇراقى.
يۈگۈرۈشى ئۇچقاندەك،
يەرگە تەگمەي تۇياقى.

ئاتاسىدىن ئاشىپتۇ،
مىلتىقنى تېز بەتلەشتە.
ئاتار بولسا قۇشلارنى،
دەل باشىنى چەنلەشتە.
كېمە سالسا دەرياغا،
بالىق قوغلاپ تىيەشتە.

* *

مەتەك دەپتۇ ئاتاسىغا بىر كۈنى،
كېمە تاياپ تاشلاپ قويۇپ گۆلمەنى ①:
بوۋام، ئانام يۇرتتىن چىقىپ جاڭگالدا،
ئەل ــ جەمەتسىز ئۆتكۈزۈپتۇ ئۆمرىنى.

بوۋام ياشاپ كېتىپتۇ ئۆز باشىدا،
ئانامنىچۇ، ئاق بولماغان باشىدا.
كۆرۈپ قالدىم ئانامنى جان ئۈزمەردە.
يۇرتسىزلىقنى دەردىنى كۆپ ياشىدا.

بوۋام ئۆلۈپ، كەتكەن چاغىڭ ئۇۋغا سەن،
قالغاندۇق ئۆيگە قاراپ ئانام، مەن.
دېگەندى ئانام: كەتتىم ئاجىزلاپ،
كۆنۈم يەتسە تۇتالمايدۇ جانىنى تەن.

زالىم زامان بىزنى خورلاپ يەكلەدى،
پۇتنۇ چۈشەپ، ئاغىز ــ تىلنى چەكلەدى.
بوزەكلىكنى ئاغىر ئالىپ شۇ بوۋاڭ.
ئۆلمەسىمىز! دېدى، يۇرتنى تەركلەدى.

ماكان بولدۇ بىزگە مۇشۇ تۇڭگۇزلۇق،
بىر ئامالاپ جانىنى ئاران قۇتقۇزدۇق.
قۇتۇلساقمۇ بەگ ــ خوجاملار زۇلمۇدۇن،
ئاغىر كەلدى يۇرتتىن بىراق يالغۇزلۇق.

تۇتقان مالنى شۇ كونۇ يەپ بولماساڭ،
ئاشىپ قالىپ ساسىپ كەتسە تاشلاساڭ.
يۇرتتا بولسا قوشنىلار تەڭ يېيىشكەن،
سەنىدە يوقنى ئۇلار بېرەر سوراساڭ.

بۇ جاڭگالدا تاپىلمايدۇ ياماقلىق،
ئايتقىن، كىم بار سوراي دېسەڭ يىپ چاغلىق.

① گۆلمە ــ بېلىق تۇتىدىغان تور.

بىر ـ بىرىگە موھتاج ئىكەن ئادەملەر ،
كۆندە تاماق يېيىشتىمۇ ئۈچ ۋاقلىق .

سەھەر ، ئاخشام مۇڭداشىدۇ قوشنىلار ،
ئاغرىپ قالسا يوقلاشىدۇ قوشنىلار .
رىسقى تۈگەپ ئۇ ئالەمگە كۆز يۇمسا ،
نامازىدا خۇشلاشىدۇ ۋە قوشنىلار .

بوۋاق ئۆلدى يۇيۇپ قويار كىشى يوق ،
نامازىنى ئوقۇپ قويار كىشى يوق .
يىغلاپ تۇرۇپ گۆرنۇ قازدۇق ئۆزىمىز ،
بىزمۇ ئۆلسەك كۆمۈپ قويار كىشى يوق .

داداڭغا دە يۇرت ئىچىگە كېتەيلى ،
يۇرت نېمە نى كۆرسە شۇنى كۆرەيلى .
بالىق بولدۇق چىقىپ قالغان ئالاڭغا ،
يۇرتتىن قاچىپ ، يۇرتسىز ئۆلۈپ كەتمەيلى .

* *

كېچەش قىپتۇ بىر كۈنى ،
جاڭگالنى تەرك ئەتمەكنى .
دۇئا ئوقۇپ بوۋايغا ،
يۇرتقا قايتىپ كەتمەكنى ،
يۇرت كۆرگەننى تەك كۆرۈپ ،
بىللە ياشاپ ئۆتمەكنى .

ئۇلتۇرغاندا دۇئاغا ،
بىر كۈنلەرى كۈندۈزۈ .
توپا قاپلاپ ئاسماننى ،
كۆرۈنمەپتۇ كۈن يۈزۈ .
قاپتۇ توپا ئاستىدا ،
تارىمنى جاڭگال ، تۈزۈ .

قۇم ، توپا ياغماسىدا ،
ئايقۇلغا ئاغرىق دارىپ ،
يىقىلغانچە ئورۇنغا ،
تۇرالماي قاپتۇ ياتىپ .
تارتىشىپتۇ قازاقى ،
بويۇنۇ تىترەك باسىپ .

بۇللا باشى قاتىپتۇ ،
بولماي ھېچبىر ئىلاسى .
چايقالتىپتۇ تارىمنى ،
مەتەك تايىنى يىغاسى .
يالغۇزلۇقتا ساغىنىپ ،
چاقىرغانمۇ ئاتاسى .

چاقىرغانمۇ ئاتاسى ،
شۇ كېچە جان ئۈزۈپتۇ .
ياشى بارماي قىرىققا ،
تەنىدىن ئوت ئۆچۈپتۇ .
ئاتا ـ بالا يىغلاشىپ ،
ئۆز قولۇدا كۆمۈپتۇ .

بۇللانى كاللاسىدا
كۆيۈپتۇ ئوت قىيامەت ،
ئاسماندىن توپا ئەمەس ،
ياغىپتۇ ۋابا ئاپەت .
كىشى ئۆلۈپ تۈگەرمۇ ،
تۇرۇۋەرسە داۋامەت ،

مەتەك تاي ئاناسىنى
تۇپراغىنى قۇچاقلاپ .
كەتمەيمەن دەپ ھېچنەگە ،
ياتىۋالىپتۇ يىغلاپ .
كۆزۈدۈن ياش ئاقىپتۇ ،
يامغۇر ئوخشاش تاراملاپ .

جۇپ قەۋرە ئاراسىدىن ،
قاتتىق بىر ئۈن كېلىپتۇ .
قورقۇپ كېتىپ مەتەكتاي ،

تۆت تەرەپكە بېقىپتۇ .
يەرگە يەنە چاپلاشىپ ،
قولاقىنى يېقىپتۇ .

مەتەك توختاپ يىغادىن ،
قوم ياغماغا ئۈچ بولۇپ .
كۆتەرىپتۇ باشىنى ،
بەدەنىگە كۈچ تولۇپ .
قاپتۇ ئۇنىڭ ئالدىدا
ئىككى قەۋرە ئۈچ بولۇپ .

ئەتراپىغا قاراسا ،
كۆرۈنمەپتۇ ئاتاسى .
قويۇن ئالىپ كەتكەندەك .
غايىپ بوپتۇ ساتماسى .
تۇرغىدە كىمش يانىدا ،
مىلتىق ، قاپقان ، نەيزەسى .

ئاتاسىنى چاقىرىپ ،
مەتەك تووْلاپ بېقىپتۇ .
قەۋرە ، ساتما سىرلىقى ...
ئۇنى قورقۇنچ بېسىپتۇ .
باش – بويۇدۇن چىپىلداپ ،
مۇزدەك سوغ تەر ئېقىپتۇ .

مەتەكنى كاللاسىغا ،
تۈرلۈك ئويلار كېچىپتۇ .
ئالىپ ئوۋ سايمانىنى ،
سۇر ئېشەككە مىنىپتۇ ،
قاراماستىن كەينىگە ،
يۇرتقا بەدەر چېپىپتۇ .

ئاتاسىغا ئەرگەشىپ ،
بارغاندا يۇرت ئىچىگە .
كىرگەنىكەن نەچچە رەت ،
سەخى بوۋاي ئۆيىگە .
شۇ ماڭغانچە يېتىپتۇ ،
قالسىمۇ تەك كېچىگە .

مەتەك سۆزلەپ بېرىپتۇ ،
يىغلاپ تۇرۇپ زار – زار .
بوۋاي دەپتۇ : ھېلىمۇ ،
ئىكەن سېنىڭ ئەقلىڭ بار .
يۇرتقا يانچە تۇرغانىڭ .
قويرۇقىنى قوم باسار .

بارار يېرىڭ بولماسا ،
مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قال .
مېنى بوۋا دەۋەرگىن ،
ماڭا ئوغۇل بولۇپ قال .
بولغىن يۇرتنىڭ پولگانى ،
داسخىنىڭنى يۇرتقا سال .

* *

مەتەكتاينى ياشنى ،
بولمايلا ئوتتۇز سانى .
بولدۇ ياقىن – يىراققا ،
يۇرتنىڭ تونۇق پولگانى .
قاناقالار ئالقادى ①،
دەپ ئۇلۇغكۆل ② ئوغلانى .

پولگانىلىقتا بۇ يۇرتتا ،
ئۇنىڭغا تەك كىشى يوق .
مىلتىقىدىن ئوق ئۆزسە ،
ئۆدەك ، غازنىڭ بېشى يوق .

① ئالقادى ـــ ئالقىشلىدى ، مەدھىيلىدى .
② ئۇلۇغ كۆل ـــ جاي نامى .

مەتەكتاي ئۇۋدىن كەلسە ،
يۇرتىنىڭ بولار كۆڭلى توق .

چاچلىق دارىن قىرقىيدۇ ،
ئايغىر ئاتنى يالنى .
تۇل ، ئاجىزلار غۇربەتتە .
سورامايدۇ ھالىنى .
پولگان بۆلۈپ بېرەدۇ .
تۇتقان ئۇۋلۇق مالنى .

بەگلەر پايلاپ يۇرەدۇ ،
بىزنى مەتەك مەرگەننى .
تۇتقان ئۇۋلۇق مالنى ،
كىم - كىملەرگە بەرگەننى .
نېمە يېدىڭ ؟ دەپ سورار ،
سەل تولا كىكەرگەننى .

بەگ - بايلار پۇقراغا ،
ئېيىق ، شىردەك ھۆركۈرەر .

چاچلىق دارىن ئالدىدا
سەجدە قىلىپ پۈكۈلەر .
ماختاپ قويسا بىر ئاغىز ،
كۆچۈك بولۇپ سۈركۈلەر .

ھارۋا يولدا قويمايدۇ ،
بولسا چاق ، ئوقى ياخشى .
خېرىدارى يوق مالنى ،
بارىدىن يوقى ياخشى .
قۇل ، غالچا بايلاردىن .
مەتەكتاينى پوقى ياخشى .

زامانىنى زاۋاللاتقان ،
زالىملارنىڭ قامچاسى .
بىزگە قامچا بوپ تەگكەن ،
چاچلىقلارنىڭ غالچاسى .
بىزگە جان ، ئازۇق بولدۇ ،
مەتەك پولگان ئولجاسى .

* *

ئالەمنى تۇرگەن بىلەن ،
ئوخشامدۇ ئاناسىغا .
بىزنىڭ مەتەكتاي پولگان ،
تارتىپتۇ ئاتاسىغا .
نېمە ئوخشار ئالەمدە ،
ئاتا - ئانا جاپاسىغا .

يۇرت ئوغلۇغا يۇرت ئانا ،
ئاتاسى ئەل - جامائەت .
ياپادۇ پىلا ①چەكمەن ،
باسسا ئۇنى بالامەت .
گۇلجامال ئايىم سوپۇر ② ،
بولما تولا خىجالەت .

تېۋىپلىتىپ پولگاننى ،
ئالىپ باردىڭ كۆپ جايغا .
دۇرا ئىزلەپ نەچچە رەت ،
سەپەر سالدىڭ غۇدايغا .
سۇ تارتىلىپ قالغاندا ،
كېمەڭ پاتتى قۇم ، لايغا .

ئاغرىق چاقىپ پولگاننى ،
قالمادى ھېچ ماجالى .
غەمدە قالدى بوۋىلار ،
بولماي ئىلا - ئامالى .

① پىلا — لوپنۇر كەندىرنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك پوستى .
② ئايىم سوپۇر — ئادەم ئىسمى ، مەتەك پولگاننىڭ ئايلى .

بەگ ـ خوجاملار مۇگدەيدۇ ،
ئەرىشتە ئۇينار خىيالى .

دۇنيا قانداق بوپ كەتتى ،
چاقتەك چۆرۈلدۇ باشىم .
پەلەكنى كاجلىقىدىن ،
كۆزدىن قويۇلدۇ ياشىم .
پولگان تارتقان ئازاپتىن ،
گالدىن ئۆتمەدى ئاشىم .

كۆيگەندەك بولدۇ باغرىم ،
يەتتە دوزاخ ئوتۇدا .
تېۋىپ بار ، دەپ ئاڭلاندى ،
يونۇس ۋاڭنى يۇرتۇدا .
بۇ تەرەپكە كەلمەمدۇ ،
تانا بارمۇ پۇتۇدا ①.

ئايىم سوپۇر شەھرىدا ،
ئالىپ ماڭدى پولگاننى .
ئەل ـ يۇرت قوشتى ھەمراھلىق ،
سوپۇرغا تۆت ئوغلاننى .
كۆتۈرەدۇ باشىدا ،
يۇرت سايۇەن بولغاننى .

ئۈچ ئاي ئۆتتى ئارادىن ،
قايتىپ كەلدى سالامەت .
ئارۇق ، ئاجىز ، يىتىملار .
خۇشال بولدى ئالامەت .
بەگ ـ بايلارنىڭ كۆڭلىدە
بولدى قايىم قىيامەت ...

داستان ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، كىشىلەر داستانچىغا بارىكاللا ـ رەھمەت دېيىشىپ ، ئۇنىڭ ئولىقىغا پۇل ، تەڭگىلەرنى تاشلىغان ، داستانچى داستان ئېيتىشنى توختىتىپ ، ئەتراپتا تۇرغانلارغا قارىتىپ تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلېت قوشاقنى ئېيتقان :

توۋا ، توۋا ، بىلمەدىم ،
نېمە بولدى بۇ خەقلەر .
قوشۇق قاتسام پولگانغا ،
پۇل تەمە قىلدى دەرلەر .
بىزدە قانچەسى باردۇ ،
مەتەك پولگاندەك ئەرلەر .

ئاغىر كەلدى كېمەمگە ،
تاشلاغان پۇل ، مېلىڭلار .
قوشۇق قالسۇن ئۆزۈمگە ،
پۇلنى ئالىپ كېتىڭلار .
خۇشال بولسۇن كۆچۈڭلار ②،
ئوسما ئالىپ بېرىڭلار .

توپلاپ رەتلىگۈچى : مۆيىدىن سايىت

① تانا بارمۇ پۇتۇدا ــ پۇتى چۇشەكلىكمۇ ، باغلاقلىقمۇ ، دېگەن مەنىدە .
② كۆچۈ ــ خوتۇنى .

# بەختى يالۋن

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قارا قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى بىر تاغلىق يېزىدا قاسىم ئىسىملىك بىر قاساپ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق چېۋەر ئايالى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، تۇرمۇشى ئىناق، بەختلىك ئۆتىدىكەن. قاسىم قاساپنىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىكەن چوڭ قىزى زوھرە ھۆسن - جامالدا يېگانە، ئوغۇللاردەك جاسارەتلىك زېھنى ئۆتكۈر قىز ئىكەن. ئوغلى زۇمرەت بولسا ئويچان، ياۋاش موللام مىجەز بالا ئىكەن.

زۇمرەت بەش ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۇنىڭ خەتنە تويىنى قىلماقچى بولۇپ كاتتا مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. قاساپ شۇ يېزىنىڭ ئىمامىنى تويغا چىللاپ بارسا، ئىمامنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان شەھەر قازىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىمۇ تويغا تەكلىپ قىپتۇ. قازى ئىمامنىڭ ھەمراھلىقىدا تويغا داخىل بولۇپتۇ. پېشايۋان بىلەن مېھمانخانا ئارىلىقىدا يۈرۈپ مېھمان كۈتۈۋاتقان زىلۋا بوي چوكاننى كۆرگەن قازى ئىچىگە قۇرت كىرىۋالغاندەك ئىمىرلاپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئىمام ئارقىلىق بۇ چوكاننىڭ، قاسىم قاساپنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. خەتنە توي ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. مېھمانلار ئۇزاپ قازى قايتىش ۋاقتىدا قاساپنى ئەر - خوتۇن شەھەرگە كىرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. سادىدا قاساپ شەھەر قازىسىنىڭ تەكلىپىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولۇپتۇ. قاساپنىڭ ئايالى بولسا نېمىگىدۇر خاپا ھالدا قازىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن قازىنىڭ ياسىداق مەپىسى بۇ يېزىغا كېلىپ ئۇدۇل قاساپنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. قازى ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىپ بۇ مەپىنى چىقارتقانىكەن. قاسىم قاساپ بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغىلى تۆت - بەش كۈن بولغانىكەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىغاچقا خوتۇنى بىلەن قىزىنى شەھەرگە ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ. خوتۇنىنىڭ كۆڭلى تارتماپتۇ. زوھرە قىز بولسا دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شەرىئەتنىڭ ئىگىسى بولغان قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆزىدەك سەھرا كىشىسىگە شۇنچە يېقىنلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ بولسا قازىنىڭ تەكلىپىنى مەنسىتمەي، ئادەمگەرچىلىككە سەل قارىغانلىقىنى ئويلىغان قاساپ ئاچچىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ، خوتۇنىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي زورلاپ يۈرۈپ شەھەرگە يولغا سېلىپتۇ.

قازى ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىق ئاياغلاشقان بولسىمۇ، كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئايالنى قونۇپ قېلىشقا، ئەتە ئەتىگەندە قايتىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئايالى قازىنىڭ لەۋزىنى يېرالماي نائىلاج قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. تەڭ كېچىدە قازى ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئايال جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق

كۆرسەتكەن بولسىمۇ. تۆگىدەك بەستلىك قازىغا تەڭ كېلەلمەپتۇ ..... خورلۇق، نومۇسقا چە-
دىمىغان ئايال تاڭ ئېتىشىنى كۈتمەيلا يولغا چىقىپتۇ. ئۆز ئېرىگە بولغان ساداقىتى، قازىنىڭ
ئىپلاس قىلىقلىرىنى ئويلىغان ئايال يولبويى زار - زار يىغلاپتۇ. ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈ-
ۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، بىتاب ئېرى ۋە ئىككى پەرزەنتىنى ئويلاپتۇ، يەنە قازىدىن
ئىنتىقام ئېلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. بۇ سىرنى ئېرىدىن يوشۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە
مەزگىل ئۆتۈپتۇ. قازى بىلەن قاسساپ ئوتتۇرىسىدا باردى - كەلدى ئۈزۈلمەپتۇ. لېكىن قازى
ئىككىنچىلەپ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئايال ئىنتىقام ئېلىشقا قولاي پەيت كۈتۈپتۇ. بىر كۈنى
ئىمامنىڭ ئۆيىدە چوڭ مەرىكە بولۇپتۇ. قاسساپ ئەر - خوتۇن ئىمامغا ياردەملىشىپتۇ. قازى
بىلەن ئايالنىڭ كۆزلىرى بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىپ قاپتۇ. كەچكى مەشرەپتە قازىنىڭ تە-
لىپى بىلەن قاسساپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى مەشرەپكە داخىل بولۇپتۇ. ئاندىن ئىمامنىڭ ئۆيىدە
قونۇپ قاپتۇ. ئايال ئۆتكۈر قاسساپ پىچىقىنى بېنىغا يوشۇرۇپ يېتىپتۇ. باش توخۇ چىللىغان
مەزگىلدە قازى ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىكى زەرداب بولغان ئايال
قازىنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ پىچاق ساپتۇ. جىددىيلىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ غەزەپ بىلەن
ئۇرغان پىچىقى قازىنىڭ بىقىنىغا سانجىلىپتۇ. قازى جان ئاچچىقىدا قاۋان توڭگۇزدەك
ئېچىنىشلىق چىرقىراپتۇ، ئەمما ئۆلمەي قاپتۇ. ئۆيدىكى غەلۋە - غوۋغانى ئاڭلىغان ئىمام پاي-
پاسلاپ، كىرىپتۇ ۋە بىللە كىرگەنلەرنىڭ ياردىمىدە ئايالنى تۇتۇۋاپتۇ. ھېچ ئىشنى
ئاڭقىرالمىغان ئىمام، قازىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ ئايالنى باغلاپ شەھەر ھاكىمىغا
تاپشۇرۇپتۇ.

سۇرلۇك تۇس ئالغان سوراق مەيدانىدا، قاسساپنىڭ ئايالى بولغان ئىشلارنى ئەينەن
سۆزلەپ شىكايەت قىپتۇ. گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە تەييارلانغان ئىمام، ئايالنىڭ شىكايىتىنى
ئاڭلاپ، زوۋانى تۇتۇلۇپ، كۆزى تورلىشىپ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. سوراق
مەيدانىدا قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قازىنىڭ يوشۇرۇن يوللىغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى
بىلەن ئاغزى تۇۋاقلانغان ھاكىم بىگۇناھ ئايالنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. موللا قازى
دىگەنلەرنى ئەۋلىيا دەپ بىلىدىغان ساددا قاسساپ ھاكىم بىلەن قازىنىڭ يالغان خەير خاھلىقىغا
ئالدىنىپ بىگۇناھ ئايالىنىڭ ئۆلۈمىگە سۈكۈت قىپتۇ. ئانىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى زوھرە
قىزنى ئېغىر قايغۇغا ساپتۇ. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، نالە -
پەريات چېكىپ، ئانىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلايدىكەن. شۇ كۈنلەردە
قاسساپ بالىلىرىنىڭ يالغۇز چىلىق تارتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىدىن ئۆيلىنىش نىيىتىگە
كەپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان قازى، شەھەردىن بىر تۇل خوتۇننى تېپىپ قاسساپقا
نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئەسلى بۇ ئايال قازىنىڭ ھارام نەپسى ئۈچۈن يول ماڭىدىغان دەللال ئى-
كەن. ئۇ ئۆمرىدە ئون نەچچە ئەرگە تەگكەن بولسىمۇ، بالا يۈزى كۆرمەي يەنىلا تۇل
قالغانىكەن. ناھايىتى ئاچكۆز، ھەسەتخور، تاش يۈرەك ئازازۇل ئىكەن. زوھرە قىز بىلەن
زۇمرەتنى بەكمۇ خورلايدىكەن. قاسساپنى بولسا تاڭ سەھەردىن ئەل ياتقۇغىچە دوكاندىن
چىقارمايدىكەن. زوھرەنى كىر يۇيۇش، ئاش - تاماق ئېتىش، ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈش
قاتارلىق ئېغىر ئىشلارغا سالغاندىن باشقا بىر دەم بىكار بولسا بېشىنى باققىلى، پۇت - قولىنى

مۇجۇغلى سېلىپ دېدەك ئورنىدا كۆرىدىكەن. زوھرە ھېرىپ ـ ئېچىپ مۇگدەپ قالسا يىگىنە سانجىپ، ئازابلايدىكەن. زۇمرەتنىڭ كۆنى تېخىمۇ تەس بولۇپ قۇل ئورنىدا ئىشلەيدىكەن. گۈزەل زوھرە گەرچە رەھىمسىز ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ۋە روھىي ئازابتىن خارلانسىمۇ، لېكىن ئەمگەك ئۇنى چېنىقتۇرۇپ ناھايىتى بەردەم ئۆسۈپ گۈلدەك ھۆسنى تولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرى، زىلۋا بويلىرى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپتۇ. بىر كۈنى قاسىم قاساپ دۇكاندىن بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ ئايۋاندىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ باللىرى بىلەن غىزالىنىپتۇ. ئۇ چاي ئىچىۋېتىپ قىزىغا سەپسالغانىكەن، زوھرەنىڭ ئورۇقلاپ چېكە سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان پۇت ـ قوللىرى يېرىلغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ. قاساپ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كېچىچە زادى ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ باللىرىنى قاساپ دۇكىنىغا باشلاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باللىرىم، رەھمەتلىك ئاناڭلار ئۆلۈپ كېتىپ ئۆگەيىنىڭ قولىدا قالدىڭلار. مەن سىلەرگە ياخشى قارىيالمىدىم. مەن ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن. شۇڭا زوھرەنى ياتلىق قىلىۋېتەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. مېنىڭ سىلەردىن باشقا مەسلىھەت سورايدىغان ئادىمىم يوق. سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— دادا، — دەپتۇ زوھرە يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا قەدەم قويدۇم، ياتلىق بولۇشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. مېنىمۇ ياتلىق قىلىپ قۇتۇلارسىز، لېكىن ئۇكامنى قانداق قىلىسىز؟ ئۇنى سىز بىلەن دۇكاندا تۇرۇشقا ئۆگەي ئانام يول قويمايدۇ. مەن بىلەن بىللە ياتنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا تېخى بولمايدۇ، بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

قاساپ باللىرى بىلەن ئۇزۇن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن يىغلىشىپتۇ. ئاخىر پىغان زار بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان زوھرە مۇنداق دەپتۇ.

— دادا، مېنى ياتلىق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. بەرىبىر ياتلىق بولمايمەن، مەن قاچانلا بولمىسۇن جاھان كېزىپ ئەقىل ـ ئىدراك، كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلاشنى نىيەت قىلغانمەن. شۇڭا مېنى ئۇكام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇڭ. بىز ئەل يۇرت كېزىپ كۆپ ئالايلى. خۇدا تېنىمىزنى سالامەت قىلسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ قېشىڭىزغا قايتىپ كېلىمىز.

ئۇلار بىر ھازا مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر زوھرەنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. قاساپ بىر خۇرجۇنغا ئوزۇق ـ تۈلۈك قاچىلاپ باش توخۇ چىللىغاندا ئۇلارنى يولغا ساپتۇ. زوھرە بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ نۇرغۇن تاغ ـ داۋانلاردىن، سانسىز دەريا ـ ئېقىن، جىرا ـ سايلاردىن ئۆتۈپتۇ. سەپەرنىڭ يىگىرمىنچى كۈنى كەچتە بۈك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بىر جاڭگالنىڭ ياقىسىغا يېتىپتۇ ۋە شۇ يەردە تۈنەمەكچى بولۇپتۇ. زۇمرەت ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماجالى قالماي يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. زوھرە بولسا ئۆيدىن ئېلىۋالغان قاساپ پىچىقىنى تۇتقىنىچە خىيالغا كېتىپتۇ. «مەن بىر قىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆسنۈم چىرايلىق، ئۇكام بولسا كىچىك. مۇنداق كېتىۋەرسەم كىم بىلىدۇ بىرەر يامان ئادەمگە ئۇچراپ قالسام ئۆمۈر بويى ئازابتا قالغاندىن باشقا، دادامنىمۇ كۆرەلمەسلىكىم، تۇغۇلغان يۇرتۇمنىمۇ

قايتالماسلىقىم مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى سىياقىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. زوھرە تاڭ سەھەردىلا ئۆكسىنى ئويغىتىپ مېڭىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زۇمرەتنىڭ مەدىرلىغۇدەك ماجالى بولمىغاچقا ئىلاجسىز ئۆكسىنى ھاپاش قىلىپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپتۇ. كۈن چۈش بولاي دېگەندە ئۇلار بىر كەپىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. زوھرە خۇشال بولۇپ ئۆكسىنى يۈدۈپ كەپىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. كەپىدە بىر ئايالنىڭ يالغۇز چاق ئېگىرىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئانا، — دەپتۇ زوھرە ئەدەپ بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالىلىرىم، قاياقتىن كەلدىڭلار؟ — دەپتۇ ئايال مۇلايىملىق بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— تاغدىن كېلىشىمىز، — دەپتۇ زوھرە، — دادام ئېغىر كېسەل ئىدى، شەھەردىن دورا ئەكېلىشكە ماڭدۇق.

ئايال بۇ قىزنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە چىرايىدىكى بىئاراملىققا قاراپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپتۇ ئايال زوھرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — شەھەرگە ھەرگىز كىرگۈچى بولماڭلار. شاھ لەشكەرلىرى ساپلا سىزگە ئوخشاش چىرايلىق قىزلارنى بۇلاۋاتىدۇ. لازىملىق دورىلارنى مەنلا سېتىپ بېرەي، — دەپتۇ. زوھرە ئايال بىلەن پاراڭلاشقاچ ئۆينى كۆزىتىپتۇ. شاخ - شۇمبىلار بىلەن چۇمكەپ ياسالغان بۇ كەپە ئىچى ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىكەن. ئۆي بىساتلىرى بىرمۇ دۆلەتمەن ئائىلە ياكى سودىگەر ئائىلىنىڭ تۇسىنى ئالغانىكەن. رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي - سەرەمجانلىرىغا زوقلىنىپ قاراۋاتقان قىزنىڭ كۆزى ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان دەستىسى چىرايلىق قاشتېشى، ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن شەمشەرگە چۈشۈپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىپتۇ.

— ئانا، تامدىكى قىلىچ كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ زوھرە.

— ئوغلۇمنىڭ.

— ئوغلىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ئايال بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. زوھرە ھاڭ - تاڭ بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ ۋە ئايالغا يالۋۇرۇپ تەسەللى بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشىپتۇ. ئايالنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى مۇنداق ئىكەن: قارا قۇرۇم تېغى باغرىدىكى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قۇددۇس شاھ ئەسلى بىر يوقسۇلنىڭ ئوغلى ئىكەن. قۇددۇس شاھ بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئېرى سۇلتان كىچىكىدىن بىللە ئويناپ ئۆسكەن قەدىناسلاردىن ئىكەن. ئۇلار ياش قۇرامىغا يەتكەندە ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى مەشق قىلىپ، چېلىش سورۇنلىرىغا چۈشۈپ يىراق، يېقىندىكى ئەل يۇرت ئارىسىدا «باتۇر» دەپ نام ئاپتۇ. بولۇپمۇ سۇلتان ناھايىتى ماھارەتلىك، پەم - پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك پالۋان ئىكەن. ئۇنى چوڭ - كىچىك ھەممىسى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى پادىشاھى ناھايىتى ياۋۇز، تىلىدىن زەھەر، قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان زالىم بولۇپ، پۇقرالارغا ھەددىدىن زىيادە ئالۋان - ياساق قويۇپ ئۇلارنىڭ

تېرىكچىلىك يولىنى قويماپتۇ. خەلق ئېغىر كۆلپەتكە چىدىماي تەۋرىنىشكە باشلاپتۇ. پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سۇلتان دوستى قۇددۇس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاۋۋال خەلقنى تەشكىللەپ پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن چىدىغۇچىلىكى قالمىغان مەردلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قۇدرەتلىك قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ. ئۇلار پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن ئالتە ئاي ئۇرۇشۇپ ئاخىر پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. غەلىبە كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە سۇلتان جەڭدە يارىدار بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. خەلقنىڭ كۆڭلى سۇلتانغا مايىل بولسىمۇ، لېكىن ئائىلاج قۇددۇسنى شاھلىق تەختىگە چىقىرىپتۇ. سۇلتاننىڭ جاراھىتى بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن قۇددۇس شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ۋە شاھ لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپتۇ. قۇددۇس شاھ سۇلتان ئەمىرنىڭ دانا مەسلىھەتى بويىچە بىر قانچە يىل يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان - ياساقنى يەڭگىللىتىپتۇ. ئۇلار دائىم پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇپتۇ. شاھ بىلەن سۇلتاننىڭ دوستلۇقى بارغانچە چىڭىپ بىر - بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ھەرقانداق مەسلىھەت، ئولتۇرۇش، بەزمە، كېڭەش ۋە ئوۋ ئىشلىرى سۇلتانسىز ئۆتمەيدىكەن. ھەتتا غىزا ئۈستىدە سۇلتان بولمىسا قۇددۇس شاھنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدىكەن. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئەمىر سۇلتاننىڭ ئايالى ئېغىرئاياغ بولۇپ ئون ئاي ئون كۈن بولغاندا بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى بەختى قويۇپتۇ. بەختى ئايلاپ - يىللاپ ئەمەس، سائەتلەپ چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بەش ياشقا كىرگەندە ئون ياشلىق ئۆسمۈردەك ئۇستىخانلىق، زېرەك ۋە كۈچلۈك بولۇپتۇ. ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئىسلام شەرىئىتىنى تولۇق ئىگىلەپ دەرس مۇكالىمە قىلالايدىغان، چوڭلار بىلەن بەس - مۇنازىرىگە چۈشەلەيدىغان ئەقىل ئىدرەكلىك، ئەدەب ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىشىپتۇ. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق قىلىچ - گۈرزە، نەيزە قاللانلاردىن بەمالال پايدىلىنالايدىغان جەڭ ماھارىتىگە ئىگە بولۇپتۇ. بىر قېتىم ئۇ ئاتىسى بىلەن قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىۋاتقاندا ئون بەش ياشلىق بەختى ئۆز دادىسىنى يېڭىپ قويۇپتۇ. ئەمىر سۇلتان ئوغلىنىڭ ماھارىتىدىن دىلى سۆيۈنۈپ بۇرۇنقىدىن مىڭ ھەسسە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە قۇددۇس شاھ مەككار سول قول ۋەزىر، خەزىنىدار ۋە ھىيلىگەر ئەمىرلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپتۇ. ئالۋان - ياساقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپەيتىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم ساپتۇ. ئەمىر سۇلتان ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق ئۈمىدتە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ پادىشاھقا بىرقانچە قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ھارام بايلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان پادىشاھقا كار قىلماپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى سوۋۇغان ئەمىر سۇلتان ئوردىغا قەدەم باسماي كۈن بويى بەختى بىلەن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلىپ، جەڭ نامىلىرىنى ئۆگىنىش، تارىخ ئۆگىنىش، چەۋەندازلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. ئەمىر سۇلتان بىلەن پادىشاھنىڭ ناھايىتى يېقىنلىقىغا چىدىمىغان ۋەزىر - ئۆمرالار سۇلتاننىڭ ئوردىغا كەلمىگەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى پادىشاھقا يامان كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر قېتىملىق بەزمىدە

پادىشاھ ئۆز يېقىنلىرىنى يوقلاپ، ئەمىر سۇلتانىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ۋەزىرلەردىن سوراپتۇ.
— شاھ ئالىيلىرى! — دەپتۇ سول قول ۋەزىر، شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، — ئەمىر
سۇلتان كېچە-كۈندۈز ئائىلىدە جەڭ مەشقى بىلەن مەشغۇل. ئۇنىڭدىن ھەرقانداق بالانى
كۈتۈش مۇمكىن. ئەگەر پەخەس بولمىساق ئۇ لەشكەر توپلاپ شاھانە تەختلىرىنى ۋەيران
قىلىشتىن يانمايدۇ.

— شۇنداق شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ خەزىنىدار يۈكۈنۈپ، — ئەمىر سۇلتان ئۆزلە-
رىنىڭ شاھانە پەرمانلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ بىر قانچە مەرتەم ئېغىز ياندۇردى. ئۇ مىكبىر
ھىيلە بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئەسلىدىمۇ پۇقرالار ئۇنى شاھ قىلىمىز
دەپ كۆپ غوۋغا كۆتۈرگەن. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ يارىدار بولۇپ، بۇ نۇسرەت
ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغان. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەت تەختلىرىگە كۆزى
قىزىرىپ چىشىنى بىلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۈن بويى ئوردا ئىشىغا كەلمەي جەڭ مەشقى بىلەن
مەشغۇل بولۇشى ئوردىغا قارشى لەشكەر تارتىشتىن بىشارەت بېرىدۇ، دەپ تىل چايناپتۇ.

پادىشاھ ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ دەللاللىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرھازاغىچە
گەپ-سۆز قىلماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى
بىلگەن سول قول ۋەزىرى تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق، دېگەندەك ئۆز نىيىتىنى ئاشكارىلاپتۇ.

— قۇدرەتلىك شاھىم، بۇ ھەرگىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش، ھازىرلا ئەمىر
سۇلتاننى ئوردىغا چاقىرىپ سوراققا تارتىش كېرەك. ئەگەر ئۇ كېلىشكە ئۇنىمىسا لەشكەر
ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىش كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ خېلى بىر ۋاقىتقىچە زۇۋان سۈرمەي
ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، ئوردا بەگلىرىدىن بىرىنى، ئەمىر سۇلتاننى
چاقىرىشقا ئەۋەتىپتۇ. بەگ ئەمىرنىڭ قورۇسىغا قەدەم قويۇش بىلەن باغ تەرەپتىن قورالنىڭ
جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا بېلىنىڭ ئۈستى
يالىڭاچلانغان ئەمىر سۇلتان ئوڭ قولىغا قىلىچ، سول قولىغا قالقان تۇتۇپ ئۆزىنى قوغداۋات-
قان، ئۇنىڭ ئوغلى بەختى بولسا بىر قولىغا قىلىچ ئېلىپ، بىر قولىدا گۈرزە تۇتقىنىچە
ئاتىسىنى قىستاپ كېلىۋاتقانىكەن. ئەھۋالدىن خەۋىرى بولمىغان بەگ ئەمىرنى قوغداش ئۈ-
چۈن بەختى پالۋانغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە بەختى پالۋان گۈرزىسى
بىلەن ئەمىرنىڭ قالقىنىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ قىلىچىنىڭ كەينى بىلەن بەگنىڭ قىلىچ
تۇتقان قولىغا يېنىك ئۇرغانىكەن، بەگنىڭ قولى ئاغرىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاتا-بالا
ئىككىسى بەگنى كۆتۈرۈپ دىۋانغا ياتقۇزۇپ قولىنى تېڭىپتۇ. بەگ ھوشىغا كېلىپ ئوردىدا
بولۇپ ئۆتكەن غەيۋەت-شىكايەت ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپتۇ ۋە
ئەمىرنىڭ ھوشيار بولۇشىنى تاپىلاپتۇ. ئەمىر سۇلتان ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ ئوغلىغا
مۇنداق دەپتۇ.

— ئوغلۇم، مېنى پادىشاھنىڭ نېمە ۋەجىدىن چاقىرتقانلىقىنى سەن تولۇق ئاڭلىدىڭ.
ناۋادا مەن كەچكىچە كېلەلمىسەم خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئاناڭنى ۋە ئېرىق ماللارنى ئېلىپ
كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ماڭغىن. يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر جاڭگال بار. شۇ جاڭگالدا پا-
ناھلىنىپ تۇرۇڭلار. ئاناڭغا ياخشى قارا. تاغلىقلار بىلەن ئۇچراشقىن، ھەرگىز قارامىلىق

قىلىپ ئۆزۈڭگە ئىش تېرىمىغىن ، — دەپ جېكىلەپتۇ .

— سەردار ، — دەپتۇ بەگ ، — ھەرگىز غەم قىلمىسلا ، مېنىڭ ئۆلۈكۈمنۇ ، تىرىكىمنۇ ئىنىم بەختى بىللە بىللە بولىدۇ . مەن ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىمەن .

ئەمىر سۇلتان بۇنىڭدىن دىلى سۆيۈنۈپ كۆڭلى ئەمىن تېپىپتۇ . دۇبۇلغا ، ساۋۇتلىرىنى كىيىپ ، يان قىلىچىنى ئېسىپ ئوردىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ ، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھ ئوردىسىدىن ئاڭلايلى :

ئەمىر سۇلتاننى چاقىرىشقا ماڭغان ھېلىقى ئوردا بېگى دەرۋازىدىن ئۆزاپ بولۇشىغىلا خەزىنىدار پادىشاھنىڭ تاپىنىغا سۆيۈپ مۇنداق دەپتۇ :

— قۇدرەتلىك شاھىم ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەمىر سۇلتاننىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن پۇقرالاردىن يىغىدىغان باج - سېلىق توختىتىلىپ ، خەزىنە بوشاپ قېلىۋاتىدۇ . كۆتۈلمىگەن بىرەر جەڭگى - جېدەل بولۇپ قالسا ، نەۋكەرلەرنى ئىشقا سېلىشقىمۇ ئامالسىز قالىمىز . شۇڭا ئەمىر سۇلتاننى پۇقرالاردىن يىغىدىغان سېلىققا باش بولۇپ بېرىشكە تۆۋەنچىلىك بىلەن مەسلىھەت بېرىمەن . ئەگەر ئەمىر سۇلتان شاھ ئالىيلىرىغا ساداقەتمەن بولۇپ تەختى - بەختىمىزنىڭ غېمىنى يېسە پەرمانلىرىغا سۆزسىز بويسۇنىدۇ . ئەمىرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ساداقىتى نامايان بولىدۇ . ناۋادا كۆڭلىدە باشقا غەرىزى بولسا ، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدۇ . شۇ چاغدا قىلچىمۇ ئارىسالدى بولماي ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ ، بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش كېرەك . كەمىنە قۇللىرىنىڭ كالتە پەمچە مۇشۇنداق قىلساق كاۋاپمۇ كۆيمەيدۇ ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ .

قۇددۇس شاھ بۇنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئەتراپىدىكى تۇرغان ئوردا سىپاھلىرى خەزىنىدارنىڭ ئاجايىپ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ ، شاھ ئاخىرى بۇنىڭغا رازى بولۇپ ، تەخت ئەتراپىغا نۇرغۇن لەشكەرنى يوشۇرۇپتۇ . «ئەمىر كەلدى !» دېگەن سادا بىلەن ئوردا سىپاھلىرى ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ . شۇ ئارىلىقتا ئەمىر سۇلتان مەغرۇر دەسسەپ ئۇدۇل شاھ تەختىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ ئەدەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ . پادىشاھ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا ياسىما سىپايىلىق بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن ئەمىر سۇلتانغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇرادىرىم سۇلتان ، خېلى ۋاقىت بولدى ، كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز ، لەشكەرلەر بىلەنمۇ ئانچە خوشىڭىز يوقتەك . ھازىر تەختىمىز ئاجىزلاپ قېلىۋاتىدۇ . سىز بىلەن بىرلىكتە تىكلىگەن بۇ تاج - تەختنى يەنە سىز بىلەن بىللە مۇستەھكەملىسەك دېگەن نىيەتتىمەن . خەزىنە قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ . لەشكەرلەرگە بېرىلىدىغان خىراجەتتىن قىينىلىۋاتىمىز . شۇڭا سىز بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى ئېلىپ ، يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ باج - سېلىق يىغىپ كەلسىڭىز . بۇ ئىشقا سىزدىن لايىقراق ئادەم تېپىلمىغاچقا سىزنى بۇيرۇشقا مەجبۇر بولدۇم .

ئەمىر سۇلتان مۇنداق دەپتۇ :

— شاھ ئالىيلىرى ، باج - سېلىق يىغىش ئوردا بەگلىرى ۋە خەزىنە بېگىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش . ئەمما بۇ گۈنكى كۈندە ئېغىر ئاپەت تۈپەيلىدىن پۇقرالار قۇرۇق ئۇستىخان

بولۇپ قالدى . نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پۇقرالارنىڭ ئاغزىدىكى بىر بۇزدا نېنىنىمۇ تارتىۋېلىپ خەزىنىنى تولدۇرغاندۇق . شۇنچە مال ـ دۇنيا نەگە كەتتى ؟ هازىر يەنە سېلىق يىغىمىز دېسەك ، جېنىدىن جاق تويغان ئاۋام تەۋرەپ كېتىدۇ . ياخشىسى بۇ ئىشنى قايتىدىن ئويلاشساق دەيمەن ، ــ دەپتۇ .

ــ خۇمپەر ! ــ دەپتۇ غەزەپتىن يېرىلاي دېگەن قۇددۇس شاھ ، ــ سەن دۆلەتنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈپ ، كۈن بويى جەڭ مەشقى بىلەن بولۇپ ، لەشكەر توپلاش خىيالىدا يۈرگىنىڭنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن ؟ تۇتۇڭلار بۇنى !

شاھنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىشى بىلەن بۆكتۈرمىدە تۇرغان لەشكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىپتۇ . ئەمىر سۇلتان قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ، يېقىن كەلگەننى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ ئوردىنى قانغا بوياپتۇ . ئۇ ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىپ سىرتقا ئېتىلغاندا ، شاھ تەرەپتىن قورۇلغان توزاققا چۈشۈپ قېلىپ چەمبەرچاس باغلانغان پېتى زىندانغا تاشلىنىپتۇ .

بەختى چۈشكۈچىلىك دادىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ . ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ ، قىلىچ ـ قالقانلىرىنى ئېسىپ گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا مېڭىشقا تەمشەلگەندە ، ئانىسى يولىنى توسۇپ مۇنداق دەپتۇ :

ــ جېنىم بالام ، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ قالما ، ئۇنى قۇتقۇزىمەن ، دەپ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقساڭ سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ ؟ مەن يالغۇز قانداق قىلىمەن ؟ ياخشىسى بىز دەرھال قوزغىلىپ بىرەر پىنھان جايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاندىن بىر ئىش قىلايلى ، ــ دەپتۇ .

ئۇلار ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېرىغ ماللىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ . قولۇم ـ قوشنىلار ۋە يولدا ئۇچرىغانلار كۆرسىمۇ كۆرمەسكە ، تونۇماسقا سېپتۇ . پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەختىنى تۇتۇشقا كەلگەن سول قول ۋەزىر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماپتۇ ، ھېچكىم ئۇلار توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز سۆز قىلماپتۇ .

بەختى ئانىسىنى ئېلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپتۇ . يەتتە كۈن بولغاندا كۆزلىگەن جايغا كېلىپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە ئازادە كەپە ياساپ ئورۇنلىشىپتۇ . ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مەشىق قىلىپ ئۆز ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ، ئانىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن دادىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ . ئۇنىڭ كەتكىنىگە قىرىق كۈن بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچبىر خەۋەر كەلمەپتۇ .

زوھرە بۇ ئايالنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ يىغلاپتۇ . ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ئايالغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ئۇزۇنغىچە يىغلىشىپتۇ . زوھرە ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن بەختى پالۋاننىڭ كىيىمىدىن بىر قۇر بېرىشنى ئېيتىپ ئايالغا يالۋۇرۇپتۇ ۋە دادىسى خىراجەت ئۈچۈن بەرگەن قىرىق تەڭگە پۇلنى ئايالغا تەڭلەپتۇ . ئايال ، زوھرەنى ئۆز يېنىدا ئەپقېلىشقا قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ زوھرە ئۇنىماپتۇ . ئايال نائىلاج بەختى پالۋاننىڭ پاكىز ۋە كۆركەم بىر يۈرۈش كىيىمىنى زوھرەگە كىيگۈزۈپ ئوغلىنىڭ قىلىچىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ . زوھرەگە خېلى

كۆپ يولـلۇق تۇتۇپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ زوھرەنىڭ ئىنىسى زۇمرەتـنـى ئايالغا ھەمراھ قـلـىپ قـالـدۇرۇپـتـۇ. زۇمرەتمۇ مېھرى ئىسسىق بۇ ۋاپادار ئايالدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ. شۇنـداق قـىلـىپ زوھرە سۇبھەدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئايال بىلەن خوشلىشىپ كۆنچە-قـىش تـەرەپـنى قارارلاپ يولغا چىقىپتۇ. كۈندۈزلىرى توختىماي يول يۈرۈپتۇ. كەچ كىرىش بىلەنلا تامقىنى يەۋېلىپ قىلىچۋازلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. ئۇ قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدا سانـسىـز تاغ ـ جىرا، ساناقسىز ئېقىنلاردىن ئۆتۈپتۇ. تاغدا ياشاۋاتقان چارۋىچى، ئوۋچىلار ئەرچـە ياسـانـغـان زوھرەنى كۆرۈپ، ئەجەب خۇش پېئىل يىگىتكەن، دەپ ئىززەت ـ ئىكرام بـىلەن كۈتۈپتۇ. زوھرە ئۆز ئىسمىنى قۇدرەت دەپ ئۆزگەرتىپتۇ. بەزى جايلاردا ئوۋچىلارنىڭ تۇتـۇپ قـېلىشى بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپمۇ قاپتۇ. بۇنداق چاغلاردا ئوۋچى يىگىتلەر بـىلەن بىرگە ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، ئات بەيگىسى قىپتۇ. خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرغان ۋا-قـىتـلـىرىدا ئاتىسى، ئىنىسى، ھېلىقى ۋاپادار ئايال ۋە ئۆزىنى كۆرمەي غايىبانە ئاشىق بولغان بەخـتـى پـالـۋانـنـى ئويلاپـتۇ، كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. زالىم بەگلەرگە، ئادالەتسىز زامانغا بولغان ئۆچـمـەنـلـىـكى كۈچىيىپ ئىنتىقام ئېلىش ئوتىدا يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنداق قـىلـىپ قىرىق كۈن بولغاندا بىر شەھەرگە يېتىپتۇ سارايۋەندىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئو-رۇنـلـىـشـىپتۇ. سارايۋەن ئېسىل كىيىنگەن بۇ بەگزادىنى ناھايىتى ئىززەتلەپتۇ ۋە خىزمىتىگە مەخسۇس ئادەم قويۇپتۇ. زوھرە بۇ شەھەردە تۆت ـ بەش كۈن تۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىنى، مەسچىت، مەدرىسىلەرنى، خۇش ھاۋالىق باغلارنى سەيلە قىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە سارايۋەننى چاقىرىپ بۇ شەھەردە داڭلىق قىلىچۋازنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بىر ۋەزىرنىڭ ئوغلىمەن. كىچىكىمدىن قىلىچۋازلىققا ھەۋەس قىلاتتىم. بىر قـانـچـە ۋاقىتتىن بۇيان يۇرت ئارىلاپ داڭدار ئۇستىلاردىن تەلىم ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ شە-ھەردىمۇ داڭدار قىلىچۋاز ئۇستىلار بولسا، بىر ئاز ماھارەت ئۆگىنەي دېگەن نىيىتىم بار.

— شـەھـىـرىـمـىزدە قىلىچ ـ نەيزە كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلار ئىتنىڭ تۈكىدىن تولا، — دەپـتـۇ سارايۋەن، — لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يـىـراقلىقتىكى تاغ ئارىسىدا بىر پالۋان بار. ئۇ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە گۈرزە ئىشلىتىشتە تەڭداشسىز. ئۆزى خەلقپەرۋەر كىشى بولغاچقا، پادشاھنىڭ لەشكەر باشلىقلىق مەنسىپىدىنمۇ ۋاز كـېـچىپ تەنھا ئۆتۈۋاتىدۇ. ياش ۋاقتىدا ئۇ پادىشاھقا قىلىچۋازلىقنى ئۆگەتكەنىكەن. شۇڭا پـادىـشـاھمۇ ئۇنـى نـاھـايـىـتـى ھۆرمـەتـلـەيـدىـكـەن. ئۇ تـونـۇمىغان ئادەمنى ئۆز قورۇسىغا كـىـر گۈزمەيدۇ. ھەربىرى بىرلەك لەشكەرگە تېتىيدىغان قىرىق شاگىرتى بار. ئەگەر ئۆزلىرى خالىسىلا كەچ كىرگەندە باشلاپ باراي. پېقىرنىڭ ئۇ پالۋان بىلەن يېقىن ئۇلپەتچىلىكىمىز بار. ھەم بىر ياقتىن تۇغقان بولىمىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان زوھرە سارايۋەنگە ئۆز يېنىدىكى پۇللىرىدىن بىر قـىـسـمىـنى سوۋغا قىلىپتۇ. كەچ كىرگەندە ئىككىسى بىردىن ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئىـككى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى چۈش مەزگىلدە ئەتراپى قاتمۇ

قات ئۇرمان بىلەن قاپلانغان كۆكۆل مەيدانلىق جىلغىدىكى بىر ئازادە هويلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشىگە قولىلىرىغا قىلىچ ـ نەيزە تۇتقان ئۈچ نەپەر يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئوتتۇرىدىكى ناهايىتى بەستلىك بىر يىگىت سارايۋەنى تونۇپ، ئۇلارنى قورۇغا باشلاپتۇ. ئۇلار بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بىر توپ كىشى قىلىچ ـ قالقان بىلەن قوراللىنىپ ئوتتۇرىدا تۇرغان بىر كىشىگە هۇجۇم قىلىۋاتقۇدەك. ئوتتۇرىدا تۇرغان ئادەمنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ، هەر بىر بىلىكى ئادەمنىڭ بېلىدەك توم ئىكەن، ئۆزى كىرپە ساقال، بەهەيۋەت كىشى ئىكەن. ئۇ بىر قولىغا قىلىچ، بىر قولىغا گۈرزە ئېلىپ يىگىتلەرنىڭ هۇجۇمىنى قايتۇرۇۋاتقانىكەن. زوهرە بۇلارنىڭ قىلىچ ـ نەيزە، گۈرزە ئىشلىتىش ماهارىتىنى كۆرۈپ هەيران قېلىپتۇ. ئالاهەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە هېلىقى كىشى بىر گۈركىرەپلا قىلىچىنىڭ كەينى گۈرزىنىڭ سېپى بىلەن ئۇلارنى سۈرۈپ دەرۋازا تەرەپكە قىستاپ كەپتۇ. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىگە سارايۋەن ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، رۇستەم پالۋان.

بۇ پالۋان سارايۋەنگە جاۋاب سالام بەرگەندىن كېيىن، زوهرەنىڭ تۇرقىغا قاراپ سوئال نەزەرى بىلەن سارايۋەنگە تىكىلىپتۇ.

— هۆرمەتلىك پالۋانىم، ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدۇق، — دەپتۇ سارايۋەن ئېگىلىپ. پالۋان ئۇلارنى مېهمانخانىغا باشلاپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا ئولتۇراي دېيىشىگە سارايۋەن بىلەن پالۋان كۆز قىسىشىپ قويۇپ سىرتقا مېڭىشىپتۇ. زوهرە ئۇلارنىڭ كۆز ئىشارىتىنى كۆرۈپ: «بۇلار بىرەر شۇملۇق قىلىپ يۈرمىسۇن، يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال دەپتىكەن، باشقا كەلگەننى بىر كۆرەي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار كىرىپ كەپتۇ. رۇستەم پالۋان چىرايىدىكى نارازىلىقنى يوشۇرالمىغان هالدا زوهرەگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇھ تارتىپتۇ ۋە «ماقۇل نەتىجىسىنى كېيىن كۆرەرمىز» دەپ سارايۋەننى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. سارايۋەن مېڭىش ۋاقتىدا زوهرەنى يېنىغا تارتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بەگزادەم، بۇ كىشى تەڭدىشى يوق ماهارەت ئىگىسى. هېلىقى يىگىتلەر پالۋاندىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن چەۋەندازلار. پالۋاننىڭ كۆرۈنۈشى قوپال بولغىنى بىلەن ئۆزى ناهايىتى ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر ئادەم. سىز ئۇنىڭغا «پادىشاھتىن نارازى بولۇپ يۇرتنى تاشلاپ چىققان» دەپ ئېيتىڭ. هەرگىز پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزىرا، قازى ئەلەملەرنىڭ ياخشى تەرىپ ـ توسۇپىنى قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلماڭ. بولمىسا سىزمۇ، مەنمۇ بىراقلا تۈگىشىمىز. خەير، خۇداغا ئامانەت. ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىڭ. هۇرۇنلۇق قىلماڭ، مەن سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. رۇستەم پالۋان باشتا زوهرەگە ئانچە دىققەت قىلماي ئۆز شاگىرتلىرى بىلەنلا بولۇپتۇ. ئۇلار مەشق قىلىۋاتقاندا زوهرە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ هەرىكەت شەكىللىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۆگەنگەنلىرىنى يالغۇز مەشق قىلىپ پىششىقلاپتۇ. زوهرە كېلىپ بىر يىلغا قالمايلا پالۋاننىڭ شاگىرتلىرى

مەشق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمدى پالۋان ئۆزىنىڭ يالغۇز شاگىرتى زوھرە بىلەنلا بولۇپتۇ. ئۇ زوھرەنىڭ ئەقىللىق، چېچەن، قەيسەرلىكنى كۆرۈپ بار ئىخلاسى بىلەن ئۆگىتىشكە كىرىشىپتۇ. زوھرە ئۆزىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ چاندۇرماپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۇستازى بىلەن شاگىرت رەسمىي مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ، قالقان، نەيزە، توقماق، گۈرزىلەرنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازى تاغ ئېچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئېلىشا ـ ئېلىشا يەتتە كېچىنى ئۆزىتىپ، سەككىزىنچى كۈننى كۈتۈۋاپتۇ. سەككىزىنچى كۈنى قۇياش پارلىغاندا زوھرە ئۆز ئۇستازىنى يىڭىۋاپتۇ. پالۋان ئۆز شاگىرتىنىڭ ماھارەتتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى، شاگىرتىغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاياجاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بېرىپلا ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. زوھرە ئۆز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇستىدىكى جەڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپتۇ ۋە ئۇستازىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلغىنىچە بوقۇلداپ يىغلاپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى بايان قىپتۇ. رۇستەم پالۋان بۇنى ئاڭلاپ يۈرەك باغرى ئېزىلىپ، ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— بالام، سەن ھەقىقىي پاك ۋىجدانلىق قىز ئىكەنسەن، ھازىر سېنىڭ تازا كامالەتكە يەتكەن ۋاقتىڭ، ھەرقانداق رەقىبىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا كۈكۈم ـ تالقان بولىدۇ. مېنىڭمۇ يېشىم بىر يەرگە باردى. مېنى ئۆز داداڭ ئورنىدا كۆرۈپ يېنىمدا قېلىپ ھالىمدىن خەۋەر ئالساڭ قانداق؟ — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، — دەپتۇ زوھرە تىزلىنىپ، — مەن ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانمىغان بىر يېتىممەن. ئۆزلىرىنى دادام ئورنىدا كۆرۈپ ئاياغلىرىغا باش قويسام ھەم باللىق قەرزىمنى ھەم شاگىرتلىق قەرزىمنى ئادا قىلسام دەيمەن. لېكىن مېنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك يىراقلىقتا مۇساپىر ئىنىم قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ رىشتىم ۋاپادار ئانىنىڭ بەختسىز ئوغلى بولغان بەختى پالۋانغا باغلانغان. مەن ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشكەندىن كېيىن خۇدا بۇيرۇسا ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىمەن. ھازىرچە ماڭا ئىجازەت بەرسىلە.

پالۋان ئۆز شاگىرتىنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ يولغا سېلىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بەختى پالۋاندىن ئاڭلاڭ.

بەختى پالۋان دادىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپلا ئۇنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، يۈرەك باغرى پارە ـ پارە بولۇپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئۇ، دادىسىنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش نىيىتىدە پەيت كۈتۈپ شەھەرلەردىكى يېقىنلىرىنىڭ يېنىدا بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ قاپتۇ. ئەپلىك پۇرسەت تاپالمىغاندىن كېيىن بۇرۇنقى يېقىن بۇرادەرلىرىدىن ئون نەچچىنى باشلاپ، ئانىسى بار جاڭگالغا قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۇلار بىلەن تىنىماي مەشق قىلىپ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپتۇ. ئۇ، ئانىسىدىن زوھرە ھەققىدە سۆز

ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ھەسسە كۆپىيىپتۇ . بىر ياقتىن دادىسىنىڭ زىنداندا قىي-
نىلىۋاتقانلىقى ، يەنە بىر ياقتىن زوھرەنىڭ ئۆزى تەنھا چىقىپ كېتىپ تېخىچە قايتىپ
كەلمىگەنلىكى ئۇنى قايغۇغا سالپتۇ . ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھەمراھلىرى
بىلەن كېڭەش تۈزۈپتۇ . ئۇلار بىر ئىلاج قىلىپ ئالدى بىلەن دادىسىنى زىنداندىن
قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەپتۇ . بەختى پالۋان ھەمراھلىرىنى شەھەرگە قايتىپ يوشۇرۇن تەي-
يارلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ، زوھرەنى ئىزدەپ يولغا
چىقىپتۇ . ئۇ ، ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ زوھرەنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي ئاخىر شەھەرگە كې-
رىپتۇ . شەھەر سىرتىدىكى بىر يالغۇز موماينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ . موماي ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن
ئالدىدا ئىككى نەپەر يىگىت زىنداندىكى ئەمىر سۇلتاناننى قۇتۇلدۇرىمىز دەپ ئوردا ئەتراپىغا
بارغاندا سول قول ۋەزىرنىڭ پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ دارغا ئېسىلغانلىقىنى ،
ئۇلار ھازىرغىچە دارغا ئېسىلغان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ يىغلاپ كېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلى-
غان بەختى پالۋاننىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ سەۋر قاچىسى يېرىلىپتۇ . ئۇ باش توخۇ چىللىغاندا
تولۇق قوراللىنىپ سول قول ۋەزىرنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، قورۇنى
قوغداۋاتقان لەشكەرلەرنى ، ۋەزىرنى خوتۇنى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلاپتۇ . ئاندىن شاھ
ئوردىسىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ . ئوردىنى قوغداۋاتقان لەشكەر ، ياساۋۇللارنىڭ بېشىنى ئورما ئور-
غاندەك ئۈزۈپتۇ . ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماي ئۇدۇل كەلگەننى قىرىپ ، دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن زىندانغا قاراپ ئات سېلىپتۇ . دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ناغرا - كاناي ، دۇمباق سادا-
لىرى ياڭراپ شاھ لەشكەرلىرى چۈمۈلىدەك يامراپ كەپتۇ . ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلغان پالۋان ، شەھەر سىرتىغا قاراپ چېكىنىپتۇ . لەشكەرلەر چۇقان - سۈرەن بىلەن
ئىز قوغلاپ باستۇرۇپ كېلىۋېرىپتۇ . ئۇلار شەھەر سىرتىغا چىققاندا تاڭ ئېتىپتۇ . كەڭرى
سەينادا ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باشلىنىپتۇ . بەختى پالۋان ئىككى قولىغا قوش قىلىچ ئې-
لىپ شاھ لەشكەرلىرىنى توختاۋسىز قىرىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئەتراپى جەسەت بىلەن
تولۇپتۇ . لېكىن لەشكەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىپتۇ . كۈن چۈش بولۇپ قۇياش
زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋېتىپتۇ . بەختى پالۋان قانچە غەيرەت قىلسىمۇ ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ،
ئاچلىق قىيناشقا باشلاپتۇ . ئۇ جان تىكىپ ئېلىشقاچ قارا ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى بۇراپ چېكى-
نەي دېگەندە لەشكەرلەر تەرىپىدىن تاشلانغان سانسىزلىغان سالما ئۇنىڭ پۇت - قولىنى
چىرمىۋاپتۇ - دە ، چەمبەرچاس باغلىنىپتۇ . لەشكەرلەر ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىپتۇ .

ئەمدى گەپنى زوھرەدىن ئاڭلاڭ :

زوھرە ، ئۇستازى رۇستەم پالۋان بىلەن خوشلىشىپ توپتوغرا جاڭگالغا ، بەختى
پالۋاننىڭ ئانىسى قالغان جايغا قاراپ مېڭىپتۇ . كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ، كەپە ئۆي ئۆرۈلۈپ
چۈشكەن . يېقىن ئارىدا ئادەمزات تۇرغاننىڭ ئىزناسى يوق . بۇ ئەھۋال زوھرەنى گاڭگىرىتىپ
قويۇپتۇ ، ئەسلىدە مۇشۇ جاڭگالنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغدا بىر توپ ئوۋچىلار بولۇپ ،
بۇلار شىكار قىلىپ مۇشۇ جاڭگالغا كېلىپ ، بەختى پالۋاننىڭ ئانىسىنى ئۇچراتقان ۋە ئۇنىڭ

ئەمىر سۇلتاننىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاغقا ئېلىپ كېتىپ ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانىكەن. زوھرە بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئىنىسى ۋە ئايالنى ئويلاپ زار - زار يىغلاپتۇ. ئۇ ئاخىر بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن چۆل - باياۋانغا قاراپ ئات ساپتۇ. ئۇ، كۈنپېتىش تەرەپنى كۆزلەپ يىگىرمە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. سانسىز تاغ، سانسىز ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈپتۇ. يەيدىغان ئوزۇقى تۈگىسە ئوۋ غەنىمەتلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپتۇ. ئۇسسىغاندا قومۇشنىڭ يىلتىزىنى كولاپ شۈمۈرۈپتۇ. ئاشۇنداق مېڭىپ يىگىرمە بىر كۈن بولدى دېگەندە كۆز يەتكۈسىز بىپايان چۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئۇ يەردە بىر چىغىر يولنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا يىراقتىن ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا ئۈچ ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىنى يۈزدەك چېرىك قورشاپ كېلىۋاتقۇدەك. ھارۋىدا بىر تۆمۈر قەپەس بولۇپ، ئىچىدە ناھايىتى بەستلىك بىر ئەزىمەت پۈت - قوللىرى زەنجىرلەنگەن كۆزى تېڭىلغان ھالدا تۇرغۇدەك. زوھرە بۇنى كۆرۈپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باتۇرلار، يول قاياققا؟ — دەپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەگزادە، — دەپتۇ چېرىكلەر باشلىقى، — بىز شاھ پەرمانىنى بىجىرىشكە كېتىۋاتىمىز، بىزگە قوشۇلامسىز ياكى باشقا ياققىمۇ؟

— يۇرتۇمغا كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ زوھرە ئالدىرىماي، — قەپەستىكى بۇ مەھبۇس كىم؟ بۇنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟

— بۇ، دۇنيادا تەڭدىشى يوق باتۇر، — دەپتۇ چېرىكلەر باشلىقى مەسخىرە ئارىلاش، — بۇ ھارامزادە سىڭگەن نېنىنى يەپ رىزقىغا شۈكرى قىلماي، مۇنارغا مۈشت تەگلەپ، شاھ ئالىيلىرىغا تىغ كۆتۈردى. نۇرغۇن لەشكەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. سول قول ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى. ئەسلىدە بۇ ھارامزادىنى دارغا ئاسماقچى ئىدۇق، لېكىن پادىشاھ نېمىشقىدۇر ئۆز يارلىقىدىن يېنىۋېلىپ سۈرگۈن قىلدى، — دەپتۇ.

— بۇ مۇتتەھەم نېمە ۋەجىدىن پادىشاھقا تىغ كۆتۈرۈپ، قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىپ، قان تۆكىدىكەن؟ بۇنداقلارنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە يوللىغان تۈزۈك، — دەپتۇ زوھرە، سىرنى تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىۋېلىش نىيىتىدە. چېرىك باشلىقى جاۋابەن:

— بۇنىڭ دادىسى ئەمىر سۇلتان زىنداندا، شۇڭا دادىسىنى قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان. ئەي بۇرادەر، سىز ئۇنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن غەم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. شاھ ئالىيلىرى سۈرگۈن قىلىشنى ئەمىر قىلغان بىلەن، خەزىنىدار بەگ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان. يەنە كۆپ ماڭساق بىرەر كۈن ماڭارمىز، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسى خەزىنىدارنىڭ ھۇزۇرىدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

زوھرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بۇ مەھبۇسنىڭ بەختى پالۋان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. چېرىكلەرگە:

— باتۇرلار، كونىلاردا «باش لازىم بولسا بۆكىنى ئېلىپ كەل» دەيدىغا گەپ بار. مەن يۇرتۇمغا بارغۇچە يەنە بىرنەچچە كۈن چۆلدە ماڭىمەن، مەنمۇ يالغۇز قالماي، بۇنى ماڭا

سېتىپ بىرىڭلار . سىلەرمۇ بۇ تومۇزدا چۆل ئازابىدىن قۇتۇلۇڭلار ، — دەپتۇ .

— بولمايدۇ ، ئەگەر بۇنىڭ هايات قالغىنىنى خەزىنىدار بېگىم بىلىپ قالسا ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، — دېيىشىپتۇ چېرىكلەر چۇۋۇلدىشىپ .

— خەزىنىدار بەگنىڭ كۆڭلىمۇ ئۆزۈڭغا بارمايدۇ ، يېنىمدىكى بارلىق پۇل ماللىرىمنى ئېلىڭلار ، بۇ مەھبۇس ماڭا قالسۇن ، — دەپتۇ زوھرە .

— بولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ ! هارۋىنى هەيدە ، — دەپ ۋارقىراپتۇ چېرىك بېشى .

— توختا ! — زوھرەنىڭ قەھرلىك ئاۋازى چېرىكلەرنى ئالاقزادە قىلىۋېتىپتۇ ، — ئەگەر مەھبۇسنى ياخشىلىقچە بوشاتمىساڭ ، مەندىن يامانلاشما !

شۇنىڭ بىلەن قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ . زوھرە قوش قىلىچنى ئېلىپ چېرىكلەرگە ئېتىلىپتۇ . ھەش - پەش دېگۈچە چېرىكلەرنىڭ يېرىمى تۈگىشىپتۇ . بەزىلىرى قېچىپتۇ ، بەزىلىرى زوھرەگە ئەل بولۇپتۇ . زوھرە گۆرزىسى بىلەن قەپەسنى چېقىپ مەھبۇسنى بوشىتىپتۇ . مەھبۇس زوھرەنى كۆرۈپ يۈرىكى « جىغ » قىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ . ئۇ ، بىر هازادىن كېيىن هوشىغا كېلىپ ، زوھرە ، دەپ چاقىرىپتۇ . چۈنكى بەختى پالۋاننىڭ ئانىسى زوھرە قىزنىڭ ھەممە بەلگىلىرىنى ۋە ئەرەنچە ياسىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن . ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇپ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپتۇ . بۇ چۆل جەزىرىدە ئۇزۇن هايال بولماي ، ھېلىقى هارۋىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئولجا ئالغان ئاتلارنى ئېلىپ كەينىگە قاراپ مېڭىپتۇ .

ئەمدى گەپنى قۇددۇس شاھتىن ئاڭلاڭ .

ھېلىقى قاتتىق جەڭدە شاھ لەشكەرلىرى بەختى پالۋاننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن پۇت - قوللىنى زەنجىرلەپ زىندانغا سېپتۇ . شاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرا ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش تۈزۈپتۇ . رەھىمسىز شاھنىڭ قارا نىيەت ۋەزىرلىرى نۇرغۇن ئالتۇن بەدىلىگە شەھەر قازىسىنى سېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ . كېڭەش سورۇنىدا شەھەر قازىسى ئالدىغا چىقىپ يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ :

— ئۇلۇغ شاھىم ، بەختى بولسا ئاللا يولىدىن چەتنەپ شاھ ئالىيلىرىغا تىغ كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان ئاسىيدۇر . پادىشاھ دېمەك ئاۋامنىڭ ئاتىسى دېمەكتۇر . بەختىنگە ئوخشاش بۇنداق ئىسيانكارغا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق . كەمىنە قۇللىرى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە بەختىنىنى ئاۋام ئالدىدا دارغا ئېسىپ ، پۈتكۈل مۇسۇلمان ئېلىگە ئىبرەت قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارايمەن .

— ئەلھەق ، باركاللا ! — دېيىشىپتۇ ، ئوردا ئەمەلدارلىرى .

پادىشاھ بىر هازا ئويلاپ ، مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن ، قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ماقۇل بولۇپ ، جۈمە نامىزىدىن كېيىنلا بەختىنى دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . پادىشاھنىڭ پەرمانى ئەل ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغاپتۇ . پۇقرالار ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ . ئۇلارنىڭ

نارازىلىقى قوزغىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈلۈش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قاپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئىسمى نۇرجاھان ئىكەن. مەلىكە نۇرجاھان ئەقىللىق، تەدبىرلىك قىز بولۇپ بەختىنىڭ ئاتىسى ئەمىر سۇلتاننى ئۆز ئاتىسى قۇددۇس شاھنى ئەزىز كۆرگەندەكلا ئەزىزلەيدىكەن. پادىشاھ مەلىكىنى يامان كۆزدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن قىرىق قەۋەتلىك راۋاق سالدۇرۇپ، شۇ جايدا ئۇرۇنلاشتۇرغانىكەن. بىر كۈنى قىزنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. مەلىكە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. ئىنىكئانا بەختى پالۋاننى جۈمە كۈنى دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە پەقەت ئىككى كۈنلا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە نۇرجاھان كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بەختىنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ كەلگەنىكەن. بۇگۈن ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. كىچىك ۋاقتىدا بەختى پالۋاننىڭ ئۆزىنى گەجگىسىگە مىندۈرۈپ ئويناتقانلىقىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپتۇ ۋە ئىنىكئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ.

— سىز دەرھال ئاتامنى مېنىڭ يېنىمغا چاقىرىڭ، مېنى ھوشىنى بىلمەي ياتىدۇ، دەڭ، ئاتام ئۆزى يالغۇز كەلسۇن.

قۇددۇس شاھ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قاپتۇ. مەلىكە پادىشاھنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ:

— جېنىم دادا، سىز مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، پۇقرالارنىڭ ھايات - ماماتى سىزنىڭ بىر ئېغىز ھۆكۈمىڭىزگە باغلىق. شۇنچە چوڭ شەھەرگە بىر ئادەم سىغماسمۇ؟ نېمە ۋەجىدىن بەختى ئاكامنى دارغا ئاسماقچى بولىسىز — ? دەپتۇ.

— تىلىڭنى يىغ! — پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ. مەلىكە يەنىلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— سىز دائىم ماڭا «سۇلتان مېنىڭ قىيامەتلىك قول بېرىشكەن ئاغىنەم، ھاياتلىقىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتىمەن، ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز» دەيتىڭىزغۇ؟

— بەس! — ئەنە شۇ سۇلتان ئوغلى بىلەن بىرلىشىپ ئاتاڭغا تىغ كۆتۈرگەنلىكىنى، ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، لەشكەرلىرىمنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟! — دەپتۇ شاھ.

— ھۆرمەتلىك شاھ دادا، — دەپتۇ مەلىكە بولاقتەك كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈپ — ئەمىر سۇلتاننى تۆھمەتخورلارنىڭ پىتنىسى بىلەن ناھەق زىندانغا سالدىڭىز. بەختى ئاكام ئۆز ئاتىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىز پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ سىزگە ئەسلا تىغ كۆتۈرمەيدۇ. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىسىز. ئەگەر ئاشۇ شۇم نىيەت ۋەزىرلىرىڭىزنىڭ گېپىگە كىرىپ، بەختى ئاكامنىڭ جېنىغا زامىن بولسىڭىز مەنمۇ بۇ ئادالەتسىز دۇنيا بىلەن بىراقلا ۋىدالىشىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە چەكسىز غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قىزىنىڭ ئۆلۈم بىلەن سالغان تەھدىتى پادىشاھنى بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىپتۇ. دادىسىنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن مەلىكە شۇنداق دەپتۇ.

— ئەگەر بەختى پالۋاننى ئۆلتۈرسىڭىز خەلق تەۋرەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ سۇلتان ئەمىرنىڭ تۇتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن پۇقرالار سىزدىن يىراقلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە يۇرت خەلقى ئالدىدا بەختى پالۋاننىڭ گۇناھىدىن كېچىپ ئۇنى قويۇپ بەرگىنىڭىز تۈزۈك.

— ھىم، ئالجىۋاتىسەن، قانداقلا بولمىسۇن بۇ بالاخورنى يوقاتماي بولمايدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق نىيىتىڭىز بولسا، ئۇنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولغۇچە يىراق جايغا سۈرگۈن قىلىۋېتىڭ، — دەپتۇ مەلىكە.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئۆز پەرمانىدىن يېنىپ ھىيلىگەر ۋەزىرلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، سۈرگۈن يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. بەختىنى تۆمۈر قەپەسكە سولاپ يۈز نەپەر ئاتلىق چېرىكنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر سەھراغا يالاپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى زوھرە بىلەن بەختى پالۋاندىن ئاڭلاڭ:

زوھرە بىلەن بەختى پالۋان ئۇچراشقاندىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپتۇ. بولۇپمۇ زوھرەنىڭ تولۇن ئايدەك ھۆسن - جامالى، ئەقىل - ئىدرىكى، يىگىتلەردەك جاسارىتى بەختى پالۋاننى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. ئۇلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى، كەلگۈسىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى توغرىسىدا مۇڭدىشىپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ سەككىزىنچى كۈنى بولغاندا بىر سايغا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ ناھايىتى مەنزىرىلىك، كەڭرى كەتكەن ساي بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان بۈك - باراقسان توغراقلىقتا سايرىشىۋاتقان ھەر خىل قۇشلار، سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭدە يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار ئۇلارنى جەلىپ قىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ سايىنى ماكان قىلىپ توغراقلارنى كېسىپ تۇرار جاي تەييارلاپتۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنىپ يىغلىشىپتۇ. ئۇلار غېرىبلىق دەردىدە پىغان چېكىۋاتقاندا سايىنىڭ باش تەرىپىدە قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بەختى پالۋان بىلەن زوھرە قىز ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىنىپ تۇرغاندا بىر توپ ئاتلىق يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇلار بەختى پالۋاننىڭ ئانىسى، زۇمرەت، رۇستەم پالۋان ۋە بىر توپ ئوۋچىلار ئىكەن. بەختى پالۋان بىلەن زوھرە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ يىغلاپ، كۆرۈشۈپتۇ. ئەسلىدە رۇستەم، پالۋان زوھرەنى يولغا سالغاندىن كېيىن يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ بىر قانچە كۈننى تەنھا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر زوھرەنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە بەختىنىڭ ئانىسى بار جاڭگالنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ. پالۋان تاغ يولى بىلەن كېتىۋاتقاندا ئوۋچىلارنىڭ ئات بەيگىسى سورۇنىغا دۈچ كەپتۇ ۋە ئۇلار بىلەن تونۇشۇپتۇ. بەختى پالۋاننىڭ ئانىسىدىن ھەممە ئەھۋالنى بىلىپ زادىلا چىداپ

تۇرالماپتۇ. چۈنكى ياش ۋاقىتلىرىدا رۇستەم پالۋان بىلەن ئەمىر سۇلتان بىر ئۇستىنىڭ قولىدا ماھارەت ئۆگەنگەن سەپداشلار ئىكەن. رۇستەم پالۋان، زوھرەنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، بەختى پالۋاننى تاپقاندىن كېيىن ئەمىر سۇلتان ئۈچۈن قىساس ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. بۇ ئىش تاغدىكى ئاق كۆكۈل ئوۋچىلارغىمۇ خوپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە زوھرە بىلەن بەختى پالۋاننى ئىزدەپ يولغا چىققانىكەن. ئۇلار ئۇچراشقاندىن كېيىن سايىنىڭ ئىچى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمۈپتۇ. رۇستەم پالۋان پەيتنى غەنىمەت بىلىپ بەختى پالۋان بىلەن زوھرەگە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن گۈمپىسىنى ئۆگىتىشكە كىرىشىپتۇ. زۇمرەتمۇ بۇرۇتلىرى خەت تارتقان يىگىت بولۇپ يېتىلىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ مەشقىگە قوشۇلۇپتۇ. رۇستەم پالۋاننىڭ نۇرغۇن ماھارەتلىرى بار ئىكەن. قىرىق غولاچلىق يەرنى بىر چامداپلا باسالايدىكەن. ھەرقانچە ئېگىز ئىمارەت بولسىمۇ، بىرْ سەكرەپلا چىقالايدىكەن. رۇستەم پالۋان بۇ ھۈنەرلىرىنى بەختى پالۋانغا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە زوھرە كەچلىك غىزاسىنى يەپ ئۇكىسى زۇمرەت بىلەن ئۆز كەپىسىدە يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا زۇمرەت تۇيۇقسىزدىنلا «نۇرجاھان!» دەپ جۆيلۈپتۇ. بۇ ئاۋاز بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن جىمىپ قاپتۇ. زوھرە بولسا ئۇكام چۈش كۆرۈۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئەتىسى زوھرە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ بىر قۇر مەشىق قىلغاندىن كېيىن تاماق تەييارلاپ ئۇكىسىنى چاقىرسا ئورنىدىن تۇرمىغۇدەك، يېنىغا بېرىپ قارىسا زۇمرەتنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا تۆگلۈككە قارىغىنىچە يانقۇدەكمىش. زوھرە ئۇنى ھەرقانچە چاقىرسىمۇ بىرەر ئېغىز زۇۋان چىقماپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن زوھرە دەرھال بەختى پالۋان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ھەم رۇستەم پالۋاننى چاقىرىپ ئەھۋالنى دەپتۇ. بەختى پالۋان زۇمرەتنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ.

— ئۇكام سەن چۈش كۆردۈڭمۇ؟ نۇرجاھان چۈشۈڭگە كىردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. زۇمرەت بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ زەئىپ ئاۋازدا «نۇرجاھان» دەپ ئىڭراپتۇ. بەختى پالۋان ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ.

— زۇمرەت قۇددۇس شاھنىڭ قىزى مەلىكە نۇرجاھانغا ئاشىق بولۇپتۇ. بۇ بەكمۇ نازۇك ئىش، قىلچىلىك بىپەرۋالىق قىلىنسا ئىش بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرجاھان تۇرۇۋاتقان راۋاققا ئۇچار - قاناتتىن ئۆزگە جانلىق چىقالمايدۇ. شاھنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇنىڭ يېنىغا كىرىش مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ بەختى پالۋان.

— مەن بىر ئىلاج قىلىپ باقاي، — دەپتۇ رۇستەم پالۋان، — ھەرقانداق راۋاق بولسا مەن چىقالايمەن، شۇغىنىسى مەن مەلىكىنى تونۇمايمەن.

بەختى پالۋان بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئۇستازىم، نۇرجاھان بىلەن مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن. ئۇ مېنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرەتتى. بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزۈم بارغىنىم تۈزۈك. لېكىن راۋاققا قانداق چىقىشنى مۆلچەرلىيەلمەيمەن، — دەپتۇ.

— ئوغلۇم ! — دەپتۇ رۇستەم پالۋان ، — سەن ماڭا بىرەر نىشانە بەرگىن . سېنىڭ نىشانەڭ مەلىكىنى سېنىڭ هايات ئىكەنلىكىڭدىن خەۋەردار قىلسۇن . مەن ئەھۋالنى بايان قىلاي ، مەلىكە رازى بولسا ئېلىپ كېلىمەن . ئۇنىمسا ، ئۇنى زورلاپ بولسىمۇ كەلتۈرىمەن . باشقا ئىشلارنى كېيىن بىر تەرەپ قىلايلى .

بەختى پالۋان يېنىدىن ئالماس خەنجىرىنى چىقىرىپ رۇستەم پالۋانغا بېرىپتۇ . بۇ خەنجەرنىڭ سېپى ئالتۇندىن ياسىلىپ ، گۆھەردىن كۆز قويۇلغانىكەن . بۇنى پادىشاھ بەختى پالۋاننىڭ خەتنە تويىغا ئاتاپ سوۋغا قىلغان بولۇپ ، نۇرجاهان بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىكەن . رۇستەم پالۋان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ . شەھەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ جىمىجىت بولۇپ قالغان چاغدا ، رۇستەم پالۋان ئوردىغا يېتىپ بېرىپ ، سەككىز قاناتلىق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، مەلىكە يېتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ . مەلىكىنىڭ كېچىلەر جىمىقىقان پەيتتە مەلىكىنىڭ ئىشىكىنى بىر كىم چېكىپ « مەلىكەم » دەپ چاقىرىپتۇ . مەلىكە خىيال سۈرۈپ ياتقانىكەن ، ئۇ ئىنىكئانىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ . مەلىكە ئىشىكنى ئېچىشىغا ئىنىكئانا بىلەن بىللە دېۋىدەك بەستلىك بىر ئەر كىشىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ . رۇستەم پالۋان :

— قورقماڭ قىزىم ، مەن سىزگە بەختى پالۋاننىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم ، — دەپ هېلىقى خەنجەرنى مەلىكىگە بېرىپتۇ . مەلىكە «بەختى ئاكام» دېگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ . پالۋان مەلىكىگە تەسەللى بېرىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ جايغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئىزهار قىپتۇ . مەلىكە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ :

— سىز بەختى ئاكامنىڭ هايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ ، مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدىڭىز . مەن سىز بىلەن مېڭىشقا تەييار ، لېكىن ئاتامغا ۋە ئۇنىڭ ساناقسىز لەشكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرىمىز ؟ دادام مېنىڭ چىقىپ كەتكىنىمنى بىلسە ، ئەلۋەتتە ئىزدەيدۇ . بىزنى تۇتۇۋالسا تۈگەشكىنىمىز شۇ . بۇنى ئويلىدىڭىزمۇ ؟

رۇستەم پالۋان ئۆزىنىڭ ئويلىغان پىلانلىرىنى يوشۇرماستىن مەلىكىگە ئېيتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دادىسىغا مۇنداق خەت يېزىپتۇ :

« قەدىرلىك شاھ دادا ، سىز مېنى كىچىك ، ئەقىلسىز چاغلاپ كۆزگە ئىلمىدىڭىز . بەرگەن مەسلىھەتلىرىمگە قۇلاق سالمىدىڭىز . مەن سىزدەك زالىم ئاتام ۋە ئەتراپىڭىزدىكى مەككار ۋەزىرلىرىڭىزدىن نەپرەتلىنىمەن . شۇڭا سىزنى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىمنى تاشلاپ چۆل ـ باياۋانغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم . مەن بەختى پالۋاننى ئىزدەپ تاپىمەن . مېنىڭ كەينىمدىن ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ . قاچان نىيىتىڭىزدىن يېنىپ زىنداندىكى ئەمىر سۇلتان ۋە بەختى پالۋاننى ئاقلىسىڭىز شۇ چاغدا هاياتلا بولسام شەهەرگە كېلىمەن . خۇدا بۇيرۇسا شۇ چاغدا دىدار كۆرۈشەرمىز » .

مەلىكە خەتنى يېزىپ بولۇپ هوجرىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ئوزۇق ـ تۈلۈك ، پۇل ـ پۇچەك راسلاپ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن رۇستەم پالۋان مەلىكىنى هاپاش قىلىپ « ياپىرىم » دەپ بىر سەكرەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ . ئۇلار تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ زوهرەنىڭ يېنىغا هازىر بولۇپتۇ . مەلىكە بەختى پالۋاننى كۆرۈپ ئۆزىنى

ئۇنىڭ قوچىقىغا ئېتىپ يىغلاپتۇ. بەختى پالۋان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ زۇمرەتنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. زۇمرەت يېرىم ھوشسىز ھالەتتە «نۇرجاھان» دەپ پىچىرلاۋاتقۇدەك. مەلىكە بۇ چىرايلىق يىگىتنى كۆرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ. ئۆزى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. زۇمرەت كۆزىنى ئېچىپ مەلىكىنى كۆرۈپلا ئېسىگە كەپتۇ. ھىجران ئاغرىقىغا ۋىسال شىپا بولۇپتۇ. كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز قولى بىلەن تاماق يەپ باقمىغان مەلىكىنى، زوھرە مەخسۇس كۈتۈپتۇ. بارا - بارا بۇ جاينىڭ ھاۋاسى مەلىكىگە شىپا بولۇپ، تولۇپ سەمىرىشكە باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ سۈتتەك ئاق مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە بىلەن زوھرە بىر جايدا تۇرسا ئۇلارنىڭ ھۆسنىدىن قاراڭغۇ تۈن يورۇق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. مەلىكە بۇ جاينىڭ شارائىتىغا كۆنۈپ، ئۆزى تاماق ئېتەلەيدىغان، ئات مىنىپ قىلىچ ئوينىتالايدىغان بولۇپتۇ. رۇستەم پالۋان كۈن بويى ئىككى جۈپ ياشنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى جەڭ ماھارەتلىرى بىلەن تەربىيىلەپتۇ. مەلىكە بىلەن زوھرە بىر تۇغقان ئاچا - سىڭىللاردەك بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى مەلىكە چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاسماندىن بىر سار ئۇچۇپ چۈشۈپ مەلىكە بىلەن زوھرەنىڭ كۆزىنى چوقۇلاپتۇدەك، ھەر بىر چوقۇغاندا سارلار يۈزلەپ، مىڭلاپ كۆپىيىپ، بارا - بارا زېمىننى قاپلاپ كېتىپتۇ. مەلىكە تولغىنىپ نالە قىلىۋاتقاندا كۆكتىن بىر جۈپ بۈركۈت ئوقتەك كەلگىنىچە بارلىق سارلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىسا ھېچنەرسە يوقمىش. ئۇ زۇمرەت بىلەن زوھرەنى ئويغىتىپ كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىرتتا كۆزەت قىلىشىۋاتقان رۇستەم پالۋان بىلەن بەختى پالۋان بۇلارنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەپىگە كىرىپتۇ. ئۇلار مەلىكىنىڭ چۈشىنى ئۇزاق تەھلىل قىلىشىپتۇ.

— ئېھتىمال پادىشاھ بىز تەرەپكە كېلىۋاتسا كېرەك، — دەپتۇ رۇستەم پالۋان.

— ناۋادا پادىشاھ بىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن يامان نىيەتتە بولمىسا ۋە دادامنى قويۇپ بەرسە، مەلىكىنىمۇ ئەپۇ قىلسا بىز ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمىز. ئەگەر پەيلىدىن يانماي ئۇرۇش قىلىمەن دېسە، بىزمۇ بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز.

— ئەگەر يەنىلا نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالماي بىزگە قارشى لەشكەر تارتسا ئۆز ئەجلى ئۆزىگە، — دەپتۇ زوھرە.

ئۇلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. زۇمرەت، مەلىكە ۋە بەختىنىڭ ئانىسىنى بىر توغراقنىڭ كامىرىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ياغلىقى ۋە زىبۇ - زىننەتلىرىنى ئېگىز بىر خادىغا بېكىتىپ، زوھرە بىلەن بەختى پالۋان بىر بۆلۈك ئوۋچىلار بىلەن بىللە سەپراس تۇرۇپتۇ. يەنە بىر بۆلۈك ئوۋچىلار توغراقلارنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ ئوقيالىرىنى تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ. رۇستەم پالۋان بولسا مەلىكە قاتارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ توغراقنىڭ يېنىدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. تاڭ بىلەن تەڭ شاھ لەشكەرلىرى سايغا باستۇرۇپ كېلىشىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ ياغلىقى ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى كۆرۈپ توختاپتۇ.

— ھەي، ئۆز ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن تۈزكور، قەيەردىسەن ؟! مەن سېنى مۇشۇنداق قىلىدۇ دەپ باققانمىدىم ؟ دەرھال ئۆزۈڭنى ئاشكارىلا ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

زوھرە ئات چاپتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئاچچىقلانمىسىلا، مەلىكە ھايات بار. ئۇ ئۆزلىرىگە قاراشقا خىجىل بولۇپ يوشۇرۇنۇۋالدى. مەن ئۇنى ئۆز سىڭلىم قاتارىدا كۆرۈپ خەۋەر ئالدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— تۇتۇڭلار بۇ ئىسيانكار مەلئۇنلارنى، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ. سانسىز لەشكەر زوھرەگە قاراپ تاشلىنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. زوھرە بىر چەتتىن، بەختى پالۋان بىر چەتتىن قىر - چاپقا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوۋچىلارمۇ شاھ لەشكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپتۇ. زوھرە بىلەن بەختى پالۋان شاھ لەشكەرلىرى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئىككى پالۋان بىر - بىرىگە مەدەت بېرىپ شۇنداق جەڭ قىپتۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپى جەسەتكە تولۇپتۇ. لېكىن شاھ لەشكەرلىرى ئىتنىڭ تۈكىدەك كۆپ ئىكەن، ئارقا - ئارقىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋېرىپتۇ. دەھشەتلىك ئېلىشىش بولۇۋاتقاندا بەختى پالۋاننىڭ ئېتى تۇيۇقسىز يىقىلىپتۇ. زوھرە قارىغۇدەك بولسا لەشكەرلەر تەرىپىدىن تاشلانغان سانسىز سالما بەختى پالۋاننىڭ پۇت - قولىنى چىرمىۋاپتۇ - دە، ئات بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زوھرە ئالاقزادە بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ گۇل قەقەلىرى ئېچىلىپ: «تىرىك تۇتۇڭلار !» دەپ ۋارقىراپتۇ. زوھرە ھېچنەرسىگە قارىماي بەختى پالۋانى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. لېكىن سانجاق - سانجاق لەشكەرلەر ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقالماپتۇ. ئۇ، جان تىكىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، لەشكەرلەرنىڭ ئوڭ قانىتىدا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ قاچ - قاچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تەرەپتىن رۇستەم پالۋان بىر بۆلۈك ئوۋچىلار بىلەن بىللە ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ گۇرزىسىنى ۋېژىلدىتىپ لەشكەرلەرنى سۇر - توقاي قىلىۋېتىپتۇ. ئۇستازى رۇستەم پالۋانى كۆرۈپ، زوھرەنىڭ جېنىغا جان قوشۇلۇپتۇ. نەرە تارتقان ھالدا تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ پالۋانلارنىڭ جاسارىتىدىن قورقۇپ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىققان لەشكەرلەر بىر - بىرىنى دەسسەپ چەيلەشكىنىچە قېچىشقا باشلاپتۇ. بەختى پالۋان ئۆزىنى چىرمىۋالغان سالمىنى شەمشىرى بىلەن كېسىپ تاشلاپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر بەگنىڭ بېشىنى كېسىپ ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپتۇ، زوھرە بىلەن رۇستەم پالۋانغا قوشۇلۇپتۇ. شىددەتلىك ئېلىشىشتا غەزەپ بىلەن ئۆرۈلگان گۇرزە رۇستەم پالۋاننىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ قۇرۇق قول قاپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىككى چېرىكنى پۇتىدىن تۇتۇپلا كالتەك ئورنىدا لەشكەرلەرگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ قولىدىكى چېرىكلەرنى ھەر بىر چۆرگەندە ئەتراپىدىكى ئونلاپ چېرىك تىك موللاق چۈشۈپتۇ. پالۋانلار شاھ لەشكەرلىرىنى شۇ سۈرگىنىچە ئوردا ئالدىغا باستۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان شەھەر خەلقى يۇرت ئۆلىمالىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئوردا دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ پادىشاھنى كىرگۈزمەپتۇ. نەتىجىدە پادىشاھ ۋە خەزىنىدار باشلىق ئەمىر بەگلەر تىرىك تۇتۇلۇپتۇ. بەختى پالۋان دەرھال كەينىگە يېنىپ مە-

لىكە نۇرجاھان، زۇمرەت ۋە ئانىسىنى باشلاپ كېلىپتۇ. پادىشاھنى بولسا مەلىكىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى پادىشاھنى دارغا ئېسىپ، ئەمىر سۇلتاننى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئەي ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار! — دەپ خىتاب قىپتۇ مەلىكە نۇرجاھان، — ئاتام ئەسلى بىر يوقسۇلنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئەسلىنى ئۇنتۇپ زالىملىق يولىغا ماڭدى. ئۆزىنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان پۇقرالارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدى. مەككار ۋەزىر، ئوردا بەگلىرىنىڭ ئالدام خالىسىغا چۈشۈپ، بىگۇناھ ئەمىر سۇلتاننى زىندانغا سالدى. دادام ئۆز خەلقى ئالدىدا ھەقىقەتەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ باش ئېگىپ يىغلاپ تۇرۇشىدىن مەلۇمكى، ئۇ قىلمىشلىرىغا توۋا قىلدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ قىزى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاتامغا سول قولىنى كېسىپ تاشلاش جازاسى بېرىلسە دەيمەن. ئاندىن ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ شەھەردە بىر كىشىلىك پۇقرالىق ئورۇن بېرىلسە، ئاتام بۇنىڭدىن كېيىن قۇددۇس شاھ ئەمەس - قۇددۇس چۇناق دەپ ئاتالسۇن.

مەلىكە نۇرجاھاننىڭ ھۆكۈمىگە ھەممە كىشى قايىل بولۇشۇپ مەيداندا ئىجرا قىلىنىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەمىر سۇلتان زىنداندىن كەلتۈرۈلۈپتۇ. خەلق ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمىر سۇلتان بولسا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ساقلىقى يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بەختى پالۋاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. رۇستەم پالۋان پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، ئەمىر سۇلتان بولسا پادىشاھ مەسلىھەتچىسى بولۇپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي تاماشا ئويۇشتۇرۇلۇپ بەختى پالۋان بىلەن زوھرەنىڭ ۋە مەلىكە نۇرجاھان بىلەن زۇمرەتنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. پۈتۈن شەھەر خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

ئانىسىنىڭ قىساسى يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يانغان زوھرە، دەرھال قوشۇن تارتىپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. بۇنى بىلگەندىن كېيىن، شەھەر ھاكىمى بىلەن قازىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان شەھەر خەلقىمۇ قوزغىلىپتۇ. قازى بىلەن ھاكىمنى تۇتۇپ زوھرەگە تاپشۇرۇپتۇ. زوھرەنىڭ پەرمانىغا بىنائەن خالايىقلار ھارامخور قازىنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ھاكىمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. زوھرە ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئالغاندىن كېيىن، دادىسى قاسىم قاساپنى شەھەرنىڭ ھاكىملىقىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. رەھىمسىز ئۆگەي ئانىنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ باياۋانغا قويۇۋېتىپتۇ. زوھرە بۇ شەھەردە تەرتىپ قائىدە ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپتۇ. بەختى پالۋان يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىلاپ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىغا يېتىپتۇ. بۇ پالۋانلار شەھىرىگە ھېچقانداق بىر ئەل يامان كۆز بىلەن قارىيالماپتۇ. ئۇلارنىڭ دوستلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ داڭقى ھەممە ئىقلىمغا تاراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر چىرىيە ناھىيە نۇرى يېزىسىدىن: مۇھەممەتئىبراھىم ھاجىم، جامال ئاخۇن، ھەممىدىخان.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **مەتنۇرى توختى.**

# ئەپسانىلەر

## چولپان يۇلتۇز ۋە كىشمىر ھەققىدە

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا چولپان ئىسىملىك بىر قىز بولغانىكەن. ئۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، ئەمگەكچان ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك ئىكەن. يۇرتداشلىرىغا بەكمۇ خۇش مۇئامىلىدە بولىدىكەن. شۇڭا يۇرتداشلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگىكەن. بۇ قىزنىڭ داڭقى يۇرت ـ يۇرتلارغا تارقاپتۇ. بۇ چاغدا ئىككى پەرىشتە بار ئىكەن. ئۇلاردا كىبىر پەيدا بولۇپ، بىئەدەپلىك قىلىپ، ئاسىي بولغاچقا ئاللاتائالا ئۇلارنى يەر يۈزىگە بەنت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەتكە ماھىر ئىكەن. سېھىرگەرلىكتىمۇ كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئۇلار قىزنىڭ داڭقى، نام ـ شەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، قىزنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ، ئۇنى يامان ئىش قىلىشقا قىستاپ زادى ئارام بەرمەپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يولسىزلىقىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن قىز، ئاللاتائالاغا ئۆزىنى بۇ مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى چىن دىلىدىن ئىلتىجا قىپتۇ. ئاللاتائالا قىزنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلىپ، قىزنى ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئېلىپ چىقىپ، شەرق ئاسمىنىغا يۇلتۇز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ۋاقىت دەل تاڭ سەھەرگە توغرا كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بۇ قىزنىڭ نۇرلۇق، ئىللىق سىماسى جىلۋىنىلىدىغان بولۇپتۇ. كىشىلەرمۇ بۇ يۇلتۇزنى قىزنىڭ مۇبارەك نامىنى قوشۇپ « چولپان يۇلتۇز » دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپتۇ. ھەم « چولپان » يۇلتۇزىغا بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغان بولۇپتۇ. ھېلىقى ئىككى ئاسىي پەرىشتىگە كەلسەك، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھ كىبىرلىرىنى تۈگەتمەي، تۈزەتمەي تۇرۇپ، يەنە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى شۇ جايدىكى قۇدۇققا پۇتىنى يۇقىرى، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تىلسىملاشتۇرۇپ بەند قىلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر بىرەر ئىلىم ـ ھۈنەر ياكى سېھىرگەرلىك ئۆگىنىش مەقسىتىدە قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇدۇققا قاراپ ئۆز تەلەپ، مەقسىتىنى ئېيتىدىكەن. قۇدۇققا بەند قىلىنغان پەرىشتىلەر، تەلەپ قىلغۇچىلارغا قەغەز، قەلەمنى يىپقا باغلاپ چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىدىكەن. تەلەپ قىلغۇچىلارمۇ قەغەز، قەلەملەرنى يىپقا باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپ بېرىدىكەن ھەمدە نېمە ئۆگىنىش ئارزۇسى بولسا شۇنى قۇدۇققا قاراپ دەپ قويىدىكەن. قۇدۇقتىن يىپنى تارتىۋېلىش ئىشارىتى بولغاندىن

يېپىنى تارتىپ قەغەز ـ قەلەملەرنى چىقىرىۋالىدىكەن . بۇ قەغەزگە تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئار-زۇسى بويىچە قايسى خىل ھۈنەر ياكى سېھىرگەرلىكنى قانداق قىلغاندا ئۆگىنىپ ئالالايدىغانلىقى ئىنتايىن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولىدىكەن . مۇشۇ يول ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان ھۈنەر ـ كەسىپ ، سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ قۇدۇقنى « كەشمىر قۇدۇقى » دەپ ئاتىشىدىغان بو-لۇپتۇ . « كەشمىر » ـــ سېھىرگەر دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ يۇرت شۇ قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن « كەشمىر » دەپ ئاتالغانىكەن .

## كاككۇك بىلەن كۆكيانتاق ھەققىدە

خۇدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقاندا ئۇلارنىڭ رەڭگى ئوخشاشلا بىر خىل ئىكەن . كېيىن ھەر خىل رەڭلەرنى يارىتىپ ، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ شۇنىڭغا ماس ھالدا رەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ . بۇرۇن كەلگىنى ئۆزىگە ماس كېلىدىغان رەڭنى ئېلىپ قايتىپتۇ . رەڭلەرمۇ تەقسىملىنىۋېرىپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا رەڭدىن بىرلا خىلى قاپتۇ . بىراق رەڭ ئالالمىغان مەۋجۇداتلاردىن يەنە كاككۇك بىلەن كۆكيانتاق بار ئىكەن . رەڭ بىر خىل ، مەۋجۇدات ئىككى ، بۇ رەڭنى زادى قايسى مەۋجۇدات ئېلىشى كېرەك ؟ بۇ مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش باشلىنىپتۇ . كاككۇك : « بۇ رەڭنى مەن ئالىمەن » دېسە ، كۆكيانتاق « بۇ رەڭنى مەن ئالىمەن » دېيىشىپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ . ھېچكىممۇ بىر ـ بىرىگە يول قويۇشماپتۇ . خۇدا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن : « كىمكى بىر كېچە ئۇخلىمىسا ، بۇ رەڭ شۇنىڭغا مەنسۇپ بولسۇن » دەپتۇ شۇنداق قىلىپ كاككۇك بىلەن كۆكيانتاق مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ . كۆكيانتاق كېچىچە كىر-پىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ . كاككۇك بولسا تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كاككۇك ۋە كۆكيانتاق ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشمۇ ھەل بولۇپ ، رەڭ كۆكيانتاققا مەنسۇپ بولۇپتۇ . كاككۇك بولسا ئۇخلاپ قېلىپ رەڭدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان يەپ ، ئۆكۈنۈپتۇ . رەڭگىمۇ كۆرۈمسىز پېتى قېلىۋېرىپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ مۇڭلۇق سايرايدىغان بولۇپ قالغانمىش .

## قاغىنىڭ قارا بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە

قاغا دەسلەپتە ئىنتايىن چىرايلىق ، شۇنچە خۇش ئاۋاز قۇش ئىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇپ ، ئۆزى ياشاۋاتقان جايدىكى مەيلى قۇشلار ، مەيلى ھايۋانلار بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆزگە ئىلمايدىكەن . بۇ-نىڭغا نىسبەتەن قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىكەن . چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا رەڭگى ، ئۆزىگە خاس ئاۋازى بار ـ دە ! قاغا بولسا ئۆز ئالدىغا سا-

زىنى سازلاپ، ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خوش قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. باشقا قۇشلار، هايۋانلار ئۇلارغا ياردەملىشىپ، بىر - بىرىگە تايىنىپ، تاپقان نەرسىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشۇپ ئىنتايىن خۇشال خاتىرجەم ياشاپ كېتىۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بەرىكەتلىك، ئىللىق ياز پەسلى ئۆتۈپ، زىمىستان قىش كەپتۇ. باشقا قۇشلار ۋە هايۋانلار ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشۇپ زىمىستان قىشنىمۇ بەھۇزۇر، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. قاغا بىلەن بولسا ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىۋىرغان چىقىپ، ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىپتۇ. قاغا ساز سازلاش، ناخشا ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جېنىنى ئامان ساقلاشنىڭ كويىدا بولۇپ قاپتۇ. ھەتتا يۈزىنى سىلىۋېتىپ باشقا قۇش، هايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىغىمۇ بېرىپ بېقىپتۇ. ئەمما قارشى ئېلىنماپتۇ. قاغا قاراپ تۇرۇپلا سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتسۇنمۇ؟ بۇنىڭغا قاغىنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە، شۇنىڭ بىلەن قاغا سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك جاي ئىزدەپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ. بىر جايغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، كىمدۇر بىرى ئىسسىنىش ئۈچۈن ياققان گۈلخان كۆرۈنۈپتۇ. ئىنتايىن توڭلاپ كەتكەن قاغا دەرھال گۈلخاننىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. دەسلەپ سەل يىراقراق تۇرۇپ ئۇ يەر بۇ يېرىنى قاقلاپ بېقىپتۇ. ئىسسىق ئۆتمەپتۇ. گۈلخانغا تېخىمۇ يېقىن كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىچە بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. قاغا ئىسسىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن گۈلخانغا تېگىپ كېتىپتىكەن، ئوت دەرھال قاغىغا تۇتىشىپ، چىرايلىق پەيلىرى كۆيۈپ كېتىپتۇ. قاغا قارىغا دوملاپ يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ. بىراق ئوتنىڭ زەربىسىدىن پۈتۈن ئەزايى كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ قالغانمىش. شۇنىڭدىن كېيىن قاغا ئوتنى كۆرسە يىراققا قاچىدىغان بولۇپ قالغانمىش.

## چايانىنىڭ بوغۇم بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە

خۇدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقاندا، چايانىنىمۇ بىرگە ياراتقانىكەن. چايان ئەسلىدىلا يامان تەبىئەتلىك نەرسە بولغاچقا، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى چېقىپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. ئۇلار بۇنىڭغا زادى چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى خۇدانىڭ ئالدىغا ئەرزگە بېرىپتۇ. خۇدا بۇ ئىشنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، ئەھۋال ھەققەتەن شۇنداق. شۇنىڭ بىلەن چايانىنى چاقىرتىپ نېمە ئۈچۈن ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى چېقىپ ئارام بەرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. چايان: «ئادەم ۋە باشقىلار ماڭا چېقىلمىسىلا، مەن ئۇلارنى ھەرگىز چاقمايمەن» دېگەنمىش. خۇدا چايانىنىڭ ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى بىھۇدە چاقماسلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ تۇرارمىش. ئۇنىڭدىكى ھەربىر بوغۇم، خۇدا ئۇنىڭغا ئەسكەرتىش بېرىش يۈزىسىدىن ئۇرغان چاغدىكى قامچىنىڭ ئىزى ئىمىش. ئۇنىڭ ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى چېقىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدىغانلىقىمىش. مۇبادا ئادەم ۋە باشقا جانلىقلار چايانىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا ياكى بەدىنىنىڭ مەلۇم يېرىدە تۇرغانلىقىنى بىلسە، مىدىر - سىدىر قىلماي جىم تۇرسا، چايان ئۇلارغا ھېچقاندىق زى-

يان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي ئۆتۈپ كېتەرمىش .

### چايانىنىڭ تۇرپان رايونىدا كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە

چايان باشقا جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تۇرپان رايونىدا كۆپرەك . شۇڭا ، بۇ ھەقتە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان : « خۇدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقاندا چايانىمۇ بىرگە ياراتقانمىش ۋە ئۇلارنى تاغارغا قاچىلاپ تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ تۆككەنمىش . تۇرپاندىن باشقا جايلاردىكى چايانلار بولسا ، ئەنە شۇ تاغاردىن چۈشۈپ قالغانلىرىمىش . »

### قوشقاچنىڭ سەكرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە

قوشقاچ ئەسلىدە بىر دىۋانە ئىكەنمىش . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دىۋانىلىق قىلىپ يۈرۈپ ، ئۇلۇغ زاتنىڭ تۇرار جايىغا كېلىپ قاپتۇ . بۇ زات ھېلىقى دىۋانىگە قىممىتى زور بولغان نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بېرىپتۇ . دىۋانە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ، بۇ زاتتىن يەنە بىر نەرسە ئېلىش نىيىتىدە ئايلىنىپ ئانچە يىراق بارمايلا يەنە كېلىپتۇ . بۇ زات دىۋانىگە قىممىتى دەسلەپكى قېتىم بەرگەن نەرسىدىن تۆۋەنرەك بولغان نەرسە بېرىپتۇ . بۇ دىۋانە نىيىتىنى دۇرۇس قىلماي ، ئېرىشكەن نەرسىلىرىگە شۈكرى ئېيتماي ، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۈچىنچى قېتىم كېلىپتۇ . بۇ زات دىۋانىنىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى ، نىيىتىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ « ھۇ دىۋانە ، پۇتۇڭ چېتىلىپ ، قوشقاچ بولۇپ قالغايسەن » دەپ قارغىۋەتكەنمىش . شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى دىۋانە قوشقاچقا ئايلىنىپ قالغانمىش ھەم پۇتى چېتىلىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك سەكرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانمىش .

### تۇرپان رايونىدا چايانىنىڭ « ئېشەك » دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە

چايان — چايانىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قارىتىپ قويۇلغان خاس ئىسمى . ئەمما تۇرپان رايونىدا « چايان » دېيىلسە خۇددى يېقىندىن ئاڭلاۋاتقاندەك ، غەلىتە تۇيۇلىدۇ . چۈنكى ئۇ « ئېشەك » نامى بىلەن تونۇلغان . بۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدا : « چايانىنى ئۆز نامى بىلەن ‹ چايان › دەپ ئاتىسا ، ئادەملەر مېنى چاقىرىۋاتىدۇ ، ـ دەپ بىلىپ كېلەرمىش ۋە ئادەملەرنى چېقىپ ئارام بەرمەسمىش ، ئۇنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىماي ، ئۇنىڭغا تەقلىدىي نام قويۇپ ، شۇ بويىچە ئاتىسا ، ئۇ قايمۇقۇپ كېلەلمەسمىش » دەيدىغان بىر خىل قاراش بار . شۇڭا ئادەملەر چايانىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نامىنى تۇغرىدىن ـ تۇغرا « چايان » دەپ ئاتىماي « ئېشەك » ، « سېرىق ئېشەك » دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاش شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانمىش . ئېيتىشلارغا قارىغاندا چايان « ئېشەك » دەپ ئاتىلىشتىن باشقا « تۆگە » دەپمۇ ئاتىلارمىش .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : دۇگامەت زۆردۇن ، غېنى مەينەم ، ئابلەت ئەخمەت ، ئابلەت توختى .

توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# لەتىپىلەر

## ساددا قوشنا

بىر باينىڭ خوتۇنى ئاغرىپ قالغانىكەن. قوشنىسى ھال سوراپ كىرىپ:

— قوشنام، قەيىرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەت يېرىمگە چىقان چىقىپتۇ. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يۈزۈڭدە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

## ئۆز قولىمىزغا بەرمەيدۇ

سېرىقتال ۋاقتىدا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر سىقىممۇ ئۇن قالماپتۇ. بالىلىرى ئاچ قېلىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. خوتۇنى: «بۇ قانداق تۇرمۇش!» دەپ ئېرىگە تاپا ـ تەنە قىپتۇ. ئېرى باي قوشنىسىدىن ئىككى چارەك قىلىپ قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بىر چارەك ئۇننى قەرز ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇ خوتۇننى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن خۇشال ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— بىكاردىن بىكار خاپا بولسەن، خوتۇن، خۇدا ئۆز بەندىلىرىنى ئۇنۇتمايدۇ، بېرىۋاتمامدۇ، مانا.

خوتۇنى بۇ قەرزنىڭ شەرتىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە:

— خۇدا بېرىشنى بېرىدۇ، ئۆز قولىمىزغا بەرمەيدۇ، بايلار ئارقىلىق بېرىدۇ، — دەپتۇ.

## كەچلىك تاماقتىن كېيىن

بىر باي پەقەت قورسىقىنى تويغۇزۇش شەرتى بىلەن كۈنلۈكچىلەرنى ياللاپتۇ. ئۇ كۈنىگە بىر قېتىملا تاماق بەرسەم ئەرزان توختايدۇ دەپ ئويلاپ كۈنلۈكچىلەرگە:

— يىگىتلەر، دائىم تاماق يېيىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك، كەچلىك تاماقنى بىراقلا يەۋېتىڭلار، — دەپتۇ.

كۈنلۈكچىلەر ئالدىغا قويۇلغان تاماقنىڭ ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز يەۋېتىپتۇ. ئاندىن چوكراق بىرى:

— باي ئاكا، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەممە ئادەم يېتىپ ئۇخلايدۇ، بولمىسا بىزمۇ شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ.

## نېمە چىقتى

بۇرۇنقى زاماندا قايتۇرىدىغان قەرزى كۆپ ئادەمدىن بىرى ۋاپات بولۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ بالىسى ئېسەدەپ يىغلاۋاتقاندا قەرز

ئىگىلىرىدىن بىرى:

— ھالام، يىغلىما، داداڭنىڭ ساندۇقىدىن كۆپ نەرسە چىقتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ بالا جاۋاب بېرىپ:

— كۆپ نەرسە چىقتى، — دەپتۇ.

— نېمە چىقتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە چىقاتتى؟ — دەپتۇ بالا ئاچچىقلىنىپ، — ئاۋۋال جىنى چىقتى، ئاندىن جىنازىسى، ئاندىن كېيىن سىزگە ئوخشاش قەرز ئىگىلىرى چىقتى.

## ھورۇنلار

ئۈچ ھورۇن ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يېتىپتۇ. ئالما دەرىخىدە ياخشى پىشقان ئالملار بار ئىكەن.

— موشۇ ئالملاردىن يېسەك بولاتتى، — دەپتۇ. ھورۇنلاردىن بىرى.

ئىككىنچىسى:

— ئالملار ئۆزلىرى ئۈزۈلۈپ ئاغزىمىزغا چۈشسە بولاتتى، — دەپتۇ.

ئۈچىنچىسى:

— ئېرىنمەستىن قانداق سۆزلىشۋاتىسلەر؟ — دەپتۇ.

## ھورۇن قىز

بىر ھورۇن قىز يۇيۇنمايدىكەن، كىيىملىرىنىمۇ يۆتكىمەيدىكەن. بىر كۈنى ئانىسى مېھمان چاقىرىپتۇ. قىزىغا:

— قىزىم، يۈز-قوللىرىڭنى ياخشلاپ يۇغىن، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇر، — دەپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ قىز نارازى بولۇپ، — مېھمانلار كەلمەي قالسا، يۇيۇنۇپ، كىيىنگىنىم بىكارغا كەتمەمدۇ؟

## يېڭى چىنە-قاچا

بىر خوتۇن:

— چىنە-قاچىلىرىمىز كونىراپ كەتتى، يېڭىسىنى ئېلىپ كەل، — دەپ قايتا-قايتا ئېيتىپ، ئېرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ.

خوتۇنى ئۆيدە يوق چاغدا ئېرى چىنە-قاچىلارنى كۆل بىلەن ياخشلاپ يۇيۇپ، چىرايلىق تىزىپ قويۇپتۇ. خوتۇنى قايتقاندىن كېيىن چىنە-قاچىلارنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ:

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن، سۆزۈمنى ئاڭلاپسەن، ئاجايىپ چىرايلىق چىنە-قاچىلارنى ئېلىپ كېلىپسەن، — دەپتۇ.

## كىمنى داۋالاش كېرەك

بىر كىشى تېۋىپقا:

— كۆزۈم بۇزۇلدى، بىر نەرسىنى ئىككى قىلىپ كۆرۈۋاتىمەن، — دەپتۇ.

تېۋىپ ئۇ كىشىگە قاراپ:

— سىلەر تۆتىلىڭلار موشۇنداق كېسەل بىلەن كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەسلىدە تېۋىپنىڭ كۆزى بىر نەرسىنى تۆت قىلىپ كۆرىدىكەن.

## پىيادە يۈرۈشنىڭ ئەسلىكنى بىل

بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ. ئۇرۇپ بېقىپتۇ، تىللاپ بېقىپتۇ. ئات يەنىلا ماڭماپتۇ. ئۇ كىشى ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپتۇ. ھارۋىنى ئۆزى سۆرەپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى —

هارۋىدا ماڭغانىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بولساڭ، پىيادە مېڭىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باق.

## بولمىسا...

ئەلى بىلەن ۋەلى ئورمان ئىچىدە كېتىۋاتقانىكەن، ئالدىدا ئەلى، ئارقىدا ۋەلى ماڭغانىكەن. ئەلىدىن قاڭقىپ چىققان پۇتاقلار ۋەلىگە بېرىپ تېگىدىكەن. شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا چوڭ بىر پۇتاق قاڭقىپ چىقىپ ۋەلىنىڭ بىر كۆزىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. ۋەلى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— ھېلىمۇ ياخشى، ئاۋۋال ئەلىگە تەگدى، كۈچى تۈگەي دېگەندە ماڭا تەگدى. بولمىسا ئىككىلا كۆزۈمدىن ئايرىلاتتىم، — دەپتۇ.

## قېزا

بىر ئادەم يېزىدىن شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرگەنىكەن. ئۇ دۇكاندىكى قېزىنى كۆرۈپ دۇكان ئىگىسىدىن:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قېزا، — دەپتۇ دۇكان ئىگىسى.

— بۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— يەيدۇ.

— نېمە بىلەن، قانداق يەيدۇ؟

دۇكانچى ئالدىرىماي تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ھېلىقى ئادەم دۇكانچىغا:

— مېنىڭ خاتىرەم ناچار، يېزىپلا بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

دۇكان ئىگىسى قېزىنى قانداق يېيىشنى بىر ۋاراق قەغەزگە تەپسىلىي يېزىپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى قەغەزنى يانچۇقىغا سېلىپتۇ. ئازراق قېزا سېتىۋېلىپ قولىدا كۆتۈرۈپ دۇكاندىن چىقىپتۇ. شۇ چاغدا نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر ئىت ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىكى قېزىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇ كىشى:

— قاچساڭ قېچىۋەر، ئەخمەق ئىت، بەلكىم يەپ مەززە قىلىمەن دەپ ئويلىغانسەن. بەربىر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرارسەن. دۇكان ئىگىسى يېزىپ بەرگەن قەغەز مېنىڭ يانچۇقۇمدا، — دەپتۇ-دە، خۇشال مېڭىپ كېتىۋېرىپتۇ.

## ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئىشىنىپ...

بىر سودىگەر ئوغلىغا سودا ئىشلىرىنى ئۆگەتمەكچى بولۇپتۇ. ئۇششاق-چۈشەك نەرسە-كېرەكلەرنى ھارۋىغا بېسىپ يولغا سېلىپتۇ. ئۇ ئادەم ئوغلىنى ئۇزىتىۋاتقاندا:

— ئېتىڭنى ھارۋىدىن چىقارغان چاغدا ھارۋىنىڭ شوتىسىنى ئۆزۈڭ بارىدىغان تەرەپكە بۇراپ قوي، — دەپ ئۆگىتىپتۇ. بۇ گەپنى كارۋانلار ئىچىدىكى بىر قىزىقچى ئادەم ئاڭلاپ قاپتۇ. يىگىت بىر سارايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قونۇپ ئەتىسى يولغا چىقماقچى بولۇپتۇ. ئاتنى ھارۋىدىن چىقارغاندىن كېيىن، ھارۋىنىڭ شوتىسىنى ئۆزى بارماقچى بولغان تەرەپكە توغرىلاپ قويۇپ، سارايغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى قىزىقچى ئادەم ھارۋىنىڭ شوتىسىنى قايتىدىغان تەرەپكە قارىتىپ چۆرۈپ قويۇپتۇ.

ياش سودىگەر ئەتىسى ئەتىگەن بەك قاراڭغۇدا يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر يېزىغا كېلىپ، بىر دەرۋازىنى قېقىشقا باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— كىم ئۇ ، دەرۋازىنى قاققان ، — دەپ ۋارقىراپتۇ .

مانا قارا ، دەپ ئويلاپتۇ يىگىت ، بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى دادامنىڭ ئاۋازىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا .

ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن قارىسا ، ئالدىدا دادىسى تۇرۇپتۇ . يىگىت ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ . دادىسى :

— نېمىدەپ قايتىپ كېلىپ قالدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— هارۋىنىڭ شوتىسىغا ئىشىنىپ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت .

## سىۋىرسىز توشقان

بىر ئوۋچى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ توشقان ئوۋلاشقا چىقىپتۇ . ئۇلار ئۇزاق يۈرمەيلا بىر توشقاننى ئۇچرىتىپتۇ . ئوغلى توشقاننى كۆرگەندىن كېيىن دادىسىغا :

— بۇ توشقاننى ئاتساق ، تېرىسىنى ساتساق ، پۇلىغا بىر تاي سېتىۋالساق ، مەن ئۇنى مىنىپ يۈرەتتىم ، — دەپتۇ . دادىسى ئۇنىڭغا :

— هەي گالۋاڭ ، مىنىمەن دەپ تاينىڭ بېلىنى سۇندۇرىسەن ! — دەپ ۋارقىرىشىغا توشقان قوتۇپ تۇرماي قېچىپ كېتىپتۇ .

## مەخپىيەتلىك

بىر كىشى لەشكەرلەرنىڭ ئاشپىزىدىن :

— قانچە ئەسكەرگە تاماق ئېتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ياق ، ئېيتمايمەن ، — دەپتۇ ئاشپەز ، — بۇ لەشكىرى مەخپىيەتلىك ، بۇنى ئېيتسام بولمايدۇ .

— قاچا - قومۇچ يۇيۇش بەك تەسقۇ دەيمەن ؟ — دەپ سورىغانىكەن . ئاشپەز دەرھاللا :

— تەس بولمايچۇ ، ئالتە يۈز ئەللىك قوشۇقنىلا يۇيۇپ باقە ! — دەپتۇ .

## غاڭزا ئىزدەش

بىر بوۋاي خامانغا كېتىۋاتقىنىدا يېنىدا غاڭزىسى يوقلۇقى ئېسىگە چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ . ئۆي ئىچىنى ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ تاپالماپتۇ . خوتۇنى ئۇنىڭدىن :

— نېمىنى ئىزدەيسەن دادىسى ؟ — دەپ سوراپتۇ . بوۋاي ئاچچىقلىنىپ :

— غاڭزامنى ! — دەپتىكەن . ئاغزىدىكى غاڭزىسى « تاق ! » قىلىپ پولغا چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ .

## توغرا سۆز

سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ يېنىغا يەنە بىر ئادەم كېلىپ :

— يالغان گەپ قىلىۋاتامسىلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— سېنى بەك ياخشى ئادەم دەپ ماختاۋاتىمىز ، — دەپتۇ سۆزلىشىۋاتقانلار .

— توغرا سۆزكەن ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم .

## پالچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم يېزىدا خەلقنى ئالداپ پالچىلىق قىپتۇ . يېزىدىكى مويسىپىت ئادەمنىڭ بۇنىڭغا بەك ئىچى پۇشۇپ يۈرۈپتۇ . بىر كۈنى پالچى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە پال سېلىۋاتقىنىدا ھېلىقى مويسىپىت كىشى دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ :

— ھەي پالچى ، ئۆيۈڭگە ئوت

كەتتى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ .

پالچى ھۇدۇقۇپ قىلىندىن چاپىنىنى كەيىشنىمۇ ئۇنتۇپ يېزىسىغا قاراپ چېپىپتۇ . بېرىپ قارىسا ، ئۇتىمۇ يوق ، تۇتۇنىمۇ يوق . ھەممە نەرسە ساق - سالامەت تۇرغۇدەك . شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئۇنى :

— ئۆز ئۆيىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن . باشقىلارنىڭ ئىشىنى قانداق بىلىسەن ، ساڭا قانداق ئىشەنگۈلۈك ، — دەپ مازاق قىلىشىپتۇ .

## ئەسكە ئالارسەن

بىر ئادەمنىڭ بىر بېخىل دوستى بار ئىكەن . ئۇنىڭغا :

— دوستۇم ، مەن سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن . ماڭا ئۈزۈكۈڭنى بەرسەڭ . سېنى سېغىنغان چاغلاردا بارمىقىمغا قاراپ سېنى ئېسىمگە ئالاتتىم ، — دەپتۇ . بېخىل دوستى ئۇنىڭغا :

— مېنى ئەسلىگىنىڭ كەلسە بارمىقىڭغا قارا ، بارمىقىڭدا ئۈزۈك كۆرمەيسەن . شۇ چاغدا : « ھىم ، پالانى دوستۇمدىن ئۈزۈك سورىغانىدىم بەرمىدى » دەپ مېنى ئەسكە ئالارسەن .

## مېنىڭ « سىز - بىز » دىن بىر « جىژ - پىژ » ئارتۇق

رەھمەتۇللا بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشۈپتۇ . ئۆي ئىگىسى مېھمانىنىڭ ئالدىغا يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلمەپتۇ . مېھمان كۈتۈۋېرىپتۇ . ئۆي ئىگىسى « سىز » دەپ ، « بىز » دەپ ، قۇرۇق سۆزنى سۆزلەۋېرىپ ، تاماق بېرىشنى ئارقىغا سوزۇۋېرىپتۇ . بىر ھازا شۇنداق ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆي ئىگىسى ناھايىتى مۇھىم سۆز ئېيتقاندەك قىلىپ :

— شۇنداق ، مانا رەھمەتۇللا ئەپەندى سىز بىزگە مېھمان بولۇپ چۈشتىڭىز . ھايات دېگەن شۇنداق ئەمەسمۇ . نېمىشقا سىز بىزگە بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايسىز ؟ — دېگەنىكەن ، رەھمەتۇللا ئۆي ئىگىسىگە :

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىمەن ، مېنىڭ « سىز - بىز » دىن بىر « جىژ - پىژ » ئارتۇق ئەمەسمۇ ؟ — دەپتۇ .

## كىم كىمنى باپلىدى

ئات سودىگىرى بازاردا ماختىنىپ :

— تازا باپلىدىم بىر ئەخمەقنى ، يىگىرمە ياشلىق ئاتنى تازا قىممەت باھادا ساتتىم . ئۆيىگە قايتقۇچە جان بەرمىسە بولاتتىغۇ ، — دەپتۇ . شۇ يەردىكى بىر دوستى :

— قاراپ باقە ، قانداق پۇلغا ساتتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

قاراپ باقسا ، پۇللىرىنىڭ ھەممىسى يالغان پۇل ئىكەن .

## ئۆز باھاسىغا

ئىككى ئوغرى بىرلىكتە بىر ياخشى ئاتنى ئوغرىلاپتۇ . بۇ ئىككى ئوغرىدىن بىرى ئاتنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا بېرىپتۇ . لېكىن ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئاتنى باغلاپ قويغان يېرىدىن ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ . ئات سېتىشقا بارغان ئوغرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر ئوغرى ئۇنىڭدىن:

— ئاتنى قانچىگە ساتتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۆز باھاسىغا ساتتىم ، — دەپتۇ

جاۋاب بېرىپ.

### قېرىلىقتىن

بىر بوۋاي بېشى ئاغرىغاندەك بولۇپ، بىر ياش تېۋىپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ. تېۋىپ بوۋاينىڭ ئاغرىغان يەرلىرىنى سوراشقا باشلاپتۇ.

— بېشىم ئاغرىيدۇ، بالام، — دەپتۇ بوۋاي.

تېۋىپ بوۋاينى تەكشۈرۈپ ھېچقانداق كېسەل تاپالمىغاندىن كېيىن:

— بوۋا، بۇ قېرىلىقتىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي:

— قورسىقىم ئاغرىيدۇ، پۇت - قوللىرىم سىقىرايدۇ، — دەپتۇ. تېۋىپ ھەممىسىگە بىر خىللا جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ھەممىسى قېرىلىقتىن، بوۋا، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ قېرىلىقتا پەقەت تەن بەرگۈسى كەلمەيدىكەن. شۇڭا تېۋىپقا ئاچچىقى كېلىپ تىلىنى چىقىرىپتۇ. تېۋىپ ئاچچىقلانماستىن:

— بۇمۇ قېرىلىقتىن، بوۋا، — دەپ، بوۋاينى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

### ھالىغا باقماي مازاق قىلىۋاتىدۇ

بىر كېكەچ ئادەم يولغا چىقىپتۇ. بىر كۆۋرۈك ئۈستىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا يەنە بىر كىشى ئۇچراپتۇ. كېكەچ ئادەم ئۇ كىشىدىن:

— بۇ - بۇ - بۇ - بۇرادەر، بۇ - بۇ - بۇ يەر يې - يې - يې يېزىغا يى - يى يى يىراقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇچرىغان كىشىمۇ كېكەچ ئىكەن. بۇ سوئالغا:

— ئۇ - ئۇ - ئۇ - ئۇچ چا - چا - چا - چاقىرىم كې - كې - كې — كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ كىشى مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى كۆۋرۈكتىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. چۈشۈرۈۋېتىلگەن كىشى سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

— چۆ - چۆ - چۆ - چۆكۈۋاتىمەن، قۇ - قۇ - قۇ - قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىتتىرىۋەتكەن ئادەم:

— ئۆ - ئۆ - ئۆ - ئۆزى چۆ - چۆ - چۆ - چۆكۈۋاتىدۇ، ھا - ھا - ھا - ھالىغا با - با - با - باقماي ما - ما - ما - مازاق قى - قى - قى - قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

### چىرايلىقتا چىرايلىق

بىر يىگىت ئۆيلەنمەكچى بولۇپتۇ. شۇ يېزىدا بىر جۈپ ئاچا - سىڭىل بار ئىكەن. سىڭلىسى بەك چىرايلىق، ئاچىسى سەترەك ئىكەن. يىگىتكە ئاشۇ چىرايلىق قىزنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىت چىرايلىق قىزنى ئالىدىغان بولدۇم، دەپ تويدا ناھايىتى خۇشال ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ يېنىغا ئۇ كۆرگەن قىز ئەمەس، باشقا بىر قىز كىرىپتۇ. يىگىت بۇ قىزغا:

— ماڭا سىزنى كۆرسەتمىگەنىدى، مەن كۆرگەن قىز چىرايلىق ئىدى، — دەپتۇ. قىز:

— چىرايلىقنى چىرايلىققا بەردى، مېنى سىزگە بەردى، — دەپتۇ.

قازان تاتارىستان نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان «تاتار خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مىرقەدەم مۇھەممەتيارۇۋ

# قوشاقلار

سۆيسەم تىلنى يارىدۇ ،
يارىم ، سىنىڭ لەۋلىرىڭ .
تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم ،
سىنىڭ نازۇك بەللىرىڭ .

قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ ،
يارىم سىنىڭ سىياقىڭ .
يۈرىكىمدە ئوت بولۇپ ،
يانىدۇ ئىشتىياقىڭ .

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى ،
چۈشتى چىنە ــ پىيالىگە ،
بىر قاراپمۇ قويمىدىڭ .
مەن غىرىب بىچارىگە.

قارا قاش ، ئۇزۇن چاچلىق ،
ئاق پىشماق ، قارا قاشلىق .
چىقارماس تالا ــ تۈزگە ،
ئاتا ــ ئانىسى باشلىق .

دىلىڭ ــ دىلىڭ سىكىلەك يارىڭ ،
چىچى قولۇمغا پاتمايدۇ .
ئىزدەپ بارسام هەر كۈنى ،
ئۆز ئۆيىدە ياتمايدۇ .

يارىم خۇمار كۆزلىرىنى ،
ئوخشىتىمەن بۇلاققا .
چىن يۈرەكتىن گۈل تۇتتۇم ،
قىسۋالغىن قۇلاققا .

يۈزى ئايغا ئوخشايدۇ ،
بويى گۈلگە ئوخشايدۇ .
ئالدىراپ كىتىپ بىرىپ ،
مىنى كۆرسە توختايدۇ .

كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ ،
قىشىڭ قارا قۇندۇزمۇ ؟
مەن سىنى سىغىنغاندا ،
كىچە بارايمۇ كۈندۈزمۇ ؟

يارىم ، سىنىڭ ئىشقىڭدا ،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم .
تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە ،
شەيدايى بولۇپ قالدىم .

گۈل قىسىپسەن چىكەڭگە ،
زوقۇم بىلەن قارىدىم .
تال چىۋىقتەك بويۇڭنى ،
باغدا تۇرۇپ مارىدىم .

ئىگىز ئۆسكەن قوناقلىق ،
قومۇشلۇققا ئوخشايدۇ .

مېنىڭ يارىم چىرايلىق ،
تومۇچۇققا ئوخشايدۇ .

ئۇن تۆت تۆگەم بار مېنىڭ ،
ئۇنى كىچىك بوتىلاق .
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ ،
يۈزى ئايدەك يۇملاق .

چېچىڭىز بەلگە چۇشۇپتۇ .
بېلىڭىز ئالىقانچە يوق .
بۇ كۆكۈل سىزگە چۇشۇپتۇ ،
باشقىسى ھېچقانچە يوق .

قۇرغۇي بولاي دېدىڭمۇ ؟
لاچىن بولاي دېدىڭمۇ ؟
ئۇن بەش كۇندە بىر كېلىپ ،
جاننى ئالاي دېدىڭمۇ ؟

دەردىمنى يار بىلەرمۇ ؟
قاراپ ماڭا كۇلەرمۇ ؟
مەن ئىزدىسەم يۈز قېتىم ،
يار بىر ئىزدەپ كېلەرمۇ ؟

يامغۇر ياغقان تونۇرغا ،
يولغۇن سالسام كۆيەرمۇ ؟
يىراقتىكى يارىمغا
سالام يازسام تېگەرمۇ ؟

بۇ چىنار ئېگىز چىنار ،
بويلىغىلى بولارمۇ ؟
سەن كىچىك ، مەنمۇ كىچىك ،
ئوينىغىلى بولارمۇ ؟

ئاق پوسما ، قارا پوسما ،
مەن كېيسەم ياراشقايمۇ ؟
ئوينىسام سېنىڭ بىلەن
خالايىق قاراشقايمۇ ؟

ئېگىز تاغقا چىققاندا ،
پەسكە چۇشتى دېدىڭمۇ ؟
جاننى قىيناپ يۇرگىچە ،
ئۆلۈپ قالاي دېدىڭمۇ ؟

سېنىڭ قىلغان ئىشىڭغا
يىغلايمۇ يا كۇلەيمۇ ؟
شۇنچە كۆيسەم بىلمىدىڭ ،
سىرتماق سېلىپ ئۆلەيمۇ ؟

بېغىڭدىكى گۇلۇڭنى
ھويلاڭغا كۆچۇرسەڭچۇ .
يۇرەكتىكى بۇ ئوتنى
سەن كېلىپ ئۆچۇرسەڭچۇ .

ئىشكايلاڭغا باردىم مەن ،
بارغىنىمنى تۇيدۇڭمۇ ؟
توخۇ چىللاپ ، تاڭ ئاتتى ،
ھېچ چىقمايسەن ئۇلدۇڭمۇ ؟

باشتا قىلغان ۋەدەڭدىن
ئەمدىلىكتە ياندىڭمۇ ؟
باشتا يارىم دەپ يۇرۇپ ،
ئەمدى مەندىن تاندىڭمۇ ؟

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ ،
كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ .
مېنى دائىم ئالدايسەن ،
كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ .

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەنگە
نېمانچە قىلىسەن گەپنى ؟
مەن ساڭا نېمە قىلغان ،
بۇنچە قىلغىلى دەردنى ؟

تېرەك بويىدا ئۈندى
ئاقباش ئوت بىلەن لالە .
مەن ساڭا نېمە قىلغان ؟

دىلنى ئەيلىدىڭ پارە .

بۇ يوللار ئىگىز يوللار ،
ئەگىمەي ماڭالامىلا ؟
بىر پىيالە چاي تۇتتۇم ،
قولۇمدىن ئالالامىلا ؟

بىلىگىڭىزنى باغلايسىز ،
ئىزمىڭىزنى ئەتمەيسىز .
بىشىمىزغا كۈن چۈشتى ،
ھالىمىزغا يەتمەمسىز ؟

گۈل دىگەنگە گۈل بولامدۇ ،
خۇش پۇراقى بولمىسا ؟
يار دىگەنگە يار بولامدۇ ،
ئىشتىياقى بولمىسا ؟

يارىم كەتتى يىراققا ،
قەلبىم تولدى پىراققا .
سىز يۈرىسىز خەۋەرسىز ،
مىنى سىلىپ ئازابقا .

لاچىن بولۇپ ئاسماندا ،
ئۇچاي دەيمەن يىراققا .
مەن يارىمنى سىغىنىپ ،
چىدالمىدىم پىراققا .

مەن كىتەرمەن باش ئىلىپ ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئىلىپ .
يارىم بۇندا قالغۇدەك ،
قارا كۆزىگە ياش ئىلىپ .

يارىم كەتتى يىراققا ،
قويۇپ مىنى پىراققا .
ئايرىلىش ئازابىدىن .
چۈشتۈم گويا دوزاخقا .

ئاخشىمى قاراڭغۇدا ،
ئەجەب كۆيىدۇ چىراغ .
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس ،
يارىمنىڭ ئۈيى يىراق .

ئىگىز ئۆسكەن دەرەخلەر ،
ئىگىلەيمۇ دىمەيدۇ .
مىنىڭ يارىم قاراكۆز ،
بىر كىلەيمۇ دىمەيدۇ .

گۈلنىڭ تۈۋىدە سىنچاي ،
ئىچىشكە خۇمار بولدۇم .
بىر كىلىپ كىتىنىڭ يارىم ،
ئوتۇڭدا بىمار بولدۇم ،

كۆل بىشىدىن شاخ كەسسەم ،
باغلىغىلى تالىم يوق .
يار كەلمەيدۇ چاقىرسام ،
باراي دىسەم ھالىم يوق .

باغلىرىڭغا باقمەن ،
ئىرىقىڭدا ئاقمەن .
سەن كەلگەندە ئامرىقىم ،
باغرىمغا چىلىك ياقمەن .

بۇغداي تىرىدىم تۈزگە ،
تىكى يازغى ، تىكى كۈزگە .
سىنى ئارزۇلاپ كەلسەم ،
چىقمايسەن تالا — تۈزگە .

ئىرىقلارغا سۇ كەلدى ،
ئىقىپ جىلغا ، ساي بىلەن .
مىنىڭ يارىم كىلەرمۇ ؟
يىڭى چىققان ئاي بىلەن ؟

مەن بىلىمنى باغلىدىم ،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن .
سەن كىتەرسەن ، مەن قالۇرمەن ،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن ؟

بېدىنى ئورۇپ بولۇپ ،
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمسام ،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ ؟

ئېسلىمالىك بىلەكىمگە ،
مەن يېتەي تىلەكىمگە .
سېغىنىپ ئىگارىمنى .
ئوت كەتتى يۈرەكىمگە .

سېغىنغاندا يار سىنى ،
تىكىلىمەن بۇلاققا .
تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن ،
چىداپ ھىجران ــ پىراققا .

ئاخشام ئۇچقان ھاۋاجاز*
تېرىكىمنى سۇندۇردى .
سېغىنىشنىڭ ئوتلىرى ،
گۈل يۈزۈمنى سولدۇردى .

ئوڭ يېنىمغا تولغاندىم ،
سول يېنىمغا تولغاندىم .
سەن يارىمنى سېغىنىپ ،
تەڭ كېچىدە ئويغاندىم .

ئۈيگە كىرسەم جىن چىراغ ،
باغقا كىرسەم خۇش پۇراق .
مەن يارنى سېغىنغاندا ،
باراي دېسەم يول يىراق .

بۇغدايىنىڭ ئاراسىغا ،
زاغۇن ئېلىشىپ كەتكەن .
مېنىڭ بىلەن سېنىڭدەك ،
كىم مۇرادىغا يەتكەن ؟

ئۈزۈمنى ئالاي چۈلگە ،
بەش موللاق ئېتەي كۆلگە .
يار ئېسىمگە كەلگەندە ،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە .

باغدىكى جىنەستىگە ،
ئەينۇلا ئۇلاپ قويدۇم .
قاراكۆزنىڭ دەردىدە ،
دىۋانە بولۇپ قالدىم .

قوغۇن ــ تاۋۇز تېرىدىم ،
قاتار ــ قاتار چۆنىكى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن .
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى .

بەش ئاي بولدى كۆيگىلى ،
يا بولمىدى سۆيگىلى .
سەن يارىمنىڭ دەردىدە ،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى .

لىپ ــ لىپ ئېتىدۇ كۆڭلۈم ،
يار قېشىغا بارغىلى .
لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپ .
تەننى تازا قىلغىلى .

يارىم ياتىدۇ غەمدە ،
گۈلىنىڭ تۈۋىدە نەمدە .
يار ئۈستىگە يار تۇتسام ،
يار ئۆلمەمدۇ ئەلەمدە .

بىزنىڭ يارنىڭ بېغى بار ،
گۈلى تېخى بەرگىدە .
ساراڭ بولغان بەندىمەن ،
سەن يارىمنىڭ دەردىدە .

ئۆرۈكۈم قاتار ــ قاتار ،
يارىم ئۆيىدە ياتار .

* ھاۋاجاز ــ ئايروپىلان ، سامالىيوت ( ھاۋا كېمىسى ) دېگەن مەنىدە .

يارىم ئۆيىدە ياتسا ،
ماڭا قانداق تاڭ ئاتار ؟

سەگىتكىلى يۈرەكنى ،
سۇ ئىچەرمەن بىر چىلەك .
سۇ ئىچكەنگە سەگىمەس ،
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك .

قىش پەسلى كىرىپ قالدى ،
دەريا سۇلىرى توڭلاپ .
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە ،
يارنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ .

بۇ تېرەك ئۆسمەيدىكەن ،
شېخىنى كەسمەيدىكەن .
باشقا ئوت ئۆچكەن بىلەن ،
ئىشق ئوتى ئۆچمەيدىكەن .

ئېرىقنى چاپاي دېسەم ،
چاپىدىغان كەتمەن يوق .
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم ،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق .

تولا ئۆتۈپ مەلەڭدىن ،
يولۇچى بولۇپ قالدىم .
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا ،
غازاڭدەك قۇرۇپ قالدىم .

ئاخشام ئۇچقان ئۆدەكنىڭ ،
ئالتىسى جۈپ ، بىرسى تاق .
مەن يارىمنىڭ ئوتىدا ،
بىر كۆڭ كېسەل ، بىر كۆڭ ساق .

سارغىيىپ ئۆسكەن تېرەكنىڭ ،
سايىسى بولماس ئىكەن .
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ ،
دارىسى بولماس ئىكەن .

ئۇچتۇم ئېگىز ئاسماندا ،
قونۇۋالدىم تېرەككە .
جاندىن ئەزىز خۇمار كۆز ،
ئوتۇڭ چۈشتى يۈرەككە .

بېغىڭدىكى شوخلىنى ،
چوڭ بولغاندا كۆچۈرمە .
يۈرەكتىكى ئوتلارنى ،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆچۈرمە .

كۆۋرۈك سېپسەن كۆتەرمە ،
ماڭسام قانداق ئۆتەرمە ؟
كۆڭلۈمگە ئازار بېرىپ ،
يانغان ئوتنى ئۆچەرمە .

ئۆزى كەلسۇن دېدىڭمۇ ،
سۆزى كەلسۇن دېدىڭمۇ ؟
مەن ئەمدى قارىمايمەن ،
كۆيۈپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ ؟

كۆڭ ئېگىلدى ، كەچ بولدى ،
شاخ ئېگىلدى ، پەس بولدى .
سەن يارىمنى سۆيمىكىم ،
ئەجەب قىيىن ، تەس بولدى .

قاتارلىشىپ ئۇچىدۇ ،
ئاسماندىكى ئۆردەكلەر .
يارىمنى خىيال قىلسام ،
ئويناپ كېتەر يۈرەكلەر .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر خوتەن ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىدىن : نۇرنىساخان ، چىرا ناھىيە دامكۇ يېزىسىدىن : قۇربانىنياز ئاخۇن ، قادىر ئاخۇن .
توپلاپ رەتلىگۈچى : **چىنارخان ئۆمەر**


فی الحال سلطان سعید خان و باباخان سلطان را فرمودند که از اسپ فرود آ
و زانو زده بمن دریابند از پسران خان همین دو سلطان آمده بودند در بن شیرد




**源泉** （布拉克）（维吾尔文）总59期

**بۇلاق** ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 59 - سان

**MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
ۋەكالەت نومۇرى : 58 — 108 ، باھاسى : 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118

ISSN 1005-0876